


ئۆمەرجان ھەسەن بوزقىر

# مىڭئۆيلەر

# سىلەرگە يۈز كېلەلمەيمىز

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى


مىڭئۆيلەر، سىلەرگە يۈز كېلەلمەيمىز

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى : ئادىلجان ئايىت

ISBN 7-228-07988-4
（维文）定价：12.00元

ISBN 7-228-07988-4
9 787228 079889



www.uyghurkitap.com

ئۆمەرجان ھەسەن بوزقىر



# مىڭئۆيلەر، سىلەرگە يۈز كېلەلمەيمىز

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئادىل رەشىد

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

历经沧桑的千佛洞,我们对不起你/吾买尔江·艾山编著. —乌鲁木齐:新疆人民出版社,2003.5
ISBN 7-228-07988-4

Ⅰ.历... Ⅱ.吾... Ⅲ①石窟—简介—新疆—维吾尔语(中国少数民族语言) ②石窟—文物修复—新疆—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.K879.29

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2003)第 030924 号·

责任编辑:安尼瓦尔.沙比提
责任校对:再米拉.菲达依

历经沧桑的千佛洞,我们对不起你

吾买尔江·艾山

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐解放南路 348 号 邮政编码 83001)
新疆新华书店发行
新疆工时报印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 7.75 印张 2 插页
2003 年 7 月第 1 版 2003 年 7 月第 1 次印刷
印数:1—3000

ISBN 7-228-07988-4 定价:12.00 元

# يۈرىكىمدە يۈكسىلەر مىڭئۆي . . .

## (كىرىش سۆز ئورنىدا)

## جېلىل خېلىل

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بىرنەچچە چوڭ مەدەنىيەتنىڭ ئۆزئارا كېسىشىپ ، چۆكمە ھاسىل قىلغان جايى . مەيلى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى ياكى ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتى بولسۇن ياكى يۇنان ۋە قەدىمكى ھىندى مەدەنىيىتى بولسۇن ھەممىسى بۇ جايدا خاسىيەتلىك يىپەك يولىنىڭ سېھرىي كۈچى بىلەن ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە جۇلاسىنى نامايان قىلىپ كەلگەن . بۇ مەدەنىيەتلەر گويا ئەزەلدىن بىر تۇغقان قېرىنداشلاردەك چەمبەرچاس گىرەلىشىپ ، سىڭىشىپ ، يۇغۇرۇلۇپ ، يەرلىكلىشىپ ، ئۆزگىچە بىر مەدەنىيەت قاتلىمىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن . بۇ غەمگۈزار ئانىدەك باغرى ئاتەش زېمىندا ئاپىرىدە بولغان بۈيۈك مۇزىكا قامۇسى — ئۇيغۇر مۇقاملىرى بولسۇن ياكى جاھاننامە ئەينىكى — مىڭئۆيلەر بولسۇن ۋە ياكى «تۈركى تىللار دىۋانى» ، «قۇتادغۇبىلىك» بولسۇن ، ھەممىسىدە يەر شارىدىكى ئىنسان تۈركۈملىرى ياراتقان ھەر خىل مەدەنىيەت ئىزنالىرىنى چېلىقتۇرغىلى بولىدۇ . بۇ جەھەتتىن شىنجاڭنى «مەدەنىيەت جەھەتتىن خېلى تويۇنغان قېرى ماكان» دېيىشكە بولىدۇ .

ئەمما ، كېيىنكى چاغلاردا تارىخىي ، ئىقتىسادىي ، سىياسىي ، تەبىئىي ئاپەت ، ئىشقىلىپ تەرەققىياتقا پۇتلىكاشاڭ بولىدىغان بارلىق پاسسىپ سەۋەبلەرنىڭ بۇ يەردە جۇغلىنىشى تۈپەيلىدىن ، بۇ مەدەنىيەتلىك «قېرى ماكان» ئۆزىنىڭ يېڭى بالاغىتىنى ۋۇجۇدقا چىقىرالماي ھالسىراپ قالدى ، ھەتتا ئۆزى ياراتقان مەدەنىيەتنى تونۇمايدىغان ، ئۆزى ياراتقان مەدەنىيەتنى ئۆزى بۇزىدىغان ، ئۆزى ياراتقان مەدەنىيەتنى ئۆزى ئەجنەبىيلەرگە يول باشلاپ بۇلاپ ـ

www.uyghurkitap.com

تالاتقۇزىدىغان ھالەت شەكىللەندى . بۇ جەرياندا گەرچە بەزىدە ئەلنى مەدەنىيەتكە چىللايدىغان روھ يۇلتۇزلىرى ئاندا ـ ساندا ئۆز نۇرىنى چېچىشقا مۇۋەققەت بولغان بولسىمۇ ، بىراق ئۇلارنىڭ تەنھا ئاۋازى گويا تۈن باغرىغا سىڭىپ كەتكەن ئاقار يۇلتۇزدەك نادانلىق زۇلمىتىگە سىڭىپ كەتتى . 12 مۇقامنىڭ يەركەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە دەسلەپكى قەدەمدە رەتلەنگىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، باشقا مەدەنىيەت جاۋاھىراتلىرى تاكى 20 ـ ئەسىرگە كەلگۈچە ئۇيقىغا غەرق بولۇپ ، ئۆز ھەقدارلىرى تەرىپىدىن بايقىلىش ، رەتلىنىش ، تەتقىق قىلىنىش ، نۇرىنى چېچىش شەرىپىگە ئېرىشەلمىدى . بۇ مەدەنىيەت جاۋاھىراتلىرى ئىچىدە ئەڭ ئېغىر يېتىملىك قىسمىتىگە دۇچار بولغىنى يەنىلا مىڭئۆي تاشكېمىرلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بۇ مەدەنىيەت ئابىدىلىرى ئۆزىنى ياراتقان خەلقنىڭ ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن «كۇپپارلارنىڭ نەرسىسى» سانىلىپ ، ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇل بىلەن ، ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ، ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى (تەبىئىي رەۋىشتە خوراپ بۇزۇلۇش ئەھۋالىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ ) ياكى يېتەرلىك تونۇلۇش ، قوغداشقا ئېرىشەلمىدى . مەن ھەتتا 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بەزىلەرنىڭ باي قىزىل مىڭئۆي تاشكېمىرلىرىنى زىيارەت قىلغۇچىلارغا قاراپ «بۇ كىشىلەرگە ھەيرانمەن ، شۇنچە يىراقتىن بۇ كۇپپارلارنىڭ نەرسىسىنى كۆرگىلى كېلىپ نېمە قىلىدىغاندۇ ؟» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ ، ئېنىم شۈركىنىپ كەتكەنىدى .

ھېلىمۇ ياخشى ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىشنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ تەۋەررۇك مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ بىرى بولغان مىڭئۆي تاشكېمىرلىرىنى ئاسراش ، رېمونت قىلىش ، قوغداش ئىشلىرىغا كۆپلەپ ئادەم كۈچى ۋە مەبلەغ ئاجرىتىپ ، بۇ مەدەنىيەت جاۋاھىراتلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى قايتا نامايان قىلدى . ئىزچى ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ بۇ جەھەتتىكى سەمەرىلىك ئەمگىكى — يىرىك قامۇس «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» ناملىق كىتاب بەكمۇ ئەھمىيەتلىك ۋە قەدىرلىكتۇر . بۇ ئالىم شىنجاڭنىڭ تاشكېمىر سەنئىتى نەمۇنىلىرىنى ئىمكانقەدەر كىتاب سەھىپىسىگە يۆتكەپ ، كىتاب شەكلىدىكى «مىڭئۆي» لەرنى خەلقىمىزگە تەقدىم قىلىپ ، مىڭئۆيلەرنىڭ ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن ئەبەدىي ئۇنتۇلۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئابىدە تىكلەپ بەردى . جۇملىدىن باي قىزىل مىڭئۆي تاشكېمىرلىرىنىڭ باغرىدا مىڭئۆي

ھەققىدىكى رىۋايەتلەرگە كۆمۈلۈپ ، مىڭئۆيلەر بىلەن تىنىقداش بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلگەن تىرەن پىكىرلىك ، مۇھتەرەم دوستۇم ئۆمەرجان ھەسەن بوزقىرنىڭ مەزكۇر كىتابىمۇ ئاشۇ ئىزچى ئالىمغا ئەگىشىپ قەدەم باسقۇچىلارنىڭ مىڭئۆي ھەققىدىكى ئەمگەك مېۋىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

كىتابقا مىڭئۆي ھەققىدىكى ماقالە ـ ئەدەبىي خاتىرلەردىن باشقا يەنە تۈرلۈك ئىجتىمائىي تېمىدىكى ماقالە ـ ئەدەبىي خاتىرلەرمۇ كىرگۈزۈلگەن بولۇپ ، ئەتراپلىق مۇلاھىزە ، چاقناق پىكىرلەردىن ئاپتورنىڭ بۇ جەھەتتىكى تالانتىنى ، مەنىۋى بالاغىتىنى ھېس قىلالايمىز .

ئاخىرىدا دوستۇم ئۆمەرجان ھەسەن بوزقىرنىڭ مەزكۇر كىتابىنىڭ نەشىردىن چىققانلىقىنى قىزغىن قۇتلۇقلاش يۈزىسىدىن تۆۋەندىكى «مىڭئۆي» ناملىق شېئىرىمنى ئاپتورغا بېغىشلايمەن .

ئوقۇپ كۆرگىن ۋاراقلاپ مېنى ،
يۈرىكىمدە يۈكسىلەر مىڭئۆي .
ئۇرغۇپ چىقار تاش سۈرەتلەردىن ،
مۇڭلۇق ، سىرلىق قەدىمىي بىر كۈي .

ئوقۇپ كۆرگىن ۋاراقلاپ مېنى ،
مەن — مىڭئۆينى ياسىغان پەرھاد .
ھەربىر ئۆيدە بار گۈزەل ئارمان ،
ھەربىر ئۆيدە بار چەكسىز ھىجران .
ئوقۇپ كۆرگىن ۋاراقلاپ مېنى ،
مەن — مىڭئۆيدە ياسالغان ئەۋلاد .

كۆكرىكىمدە چاقنار تىل تۇمار ،
ئۇندا مىڭئۆي تىلسىم ئەنگۈشتەر .
يۈرەر كارۋان قالدۇرۇپ ئىزنا ،
ئۆتەر تارىخ قالدۇرۇپ شۆھرەت .
مەن — مىڭئۆيلۈك روھىمنى يۇدۇپ ،
ئەتە تامان باشلايمەن سەپەر ! . . .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

مىڭئۆيلەر، سىلەرگە يۈز كېلەلمەيمىز …………………… 1
قىرمىش ئاتام: ئىنساپ قىلىڭلار بەندىلەر …………………… 50
بالىلار، كومپيۇتېر ۋە ھاراق بوتۇلكىسى …………………… 69
غەلىتە شەرتتىن تۇغۇلغان ئويلار …………………… 76
ئۆلگە كۆرسىتىش ئائىلىسى بولغانغا تويدۇق …………………… 84
«سەككىز پۇلغا ئۇنىماي يەتتە پۇلغا ئۇنايدىغان» نادانلىقىمىز ھەققىدە …………………… 88
ئەسكى چاپاننىڭ ئىچىدىمۇ ئادەم بار …………………… 92
پادىشاھنىڭ دۇمبىسى ۋە قاسساپنىڭ پىچىقى …………………… 97
مۇھەررىرلىك ھوقۇق ئەمەس …………………… 105
دۇنيا بانكىسى، ساڭا نېمە دەرمىز؟ …………………… 115
نەپسىڭنى يىغ! «ئادەم سودىگەرلىرى» …………………… 120
سودا — ئۇ بىر مۇكەممەل ئىلىم …………………… 125
«مەملىكەت بويىچە 100 كۈچلۈك ناھىيە»نىڭ بىرسى ۋە مۇڭغا پاتقان مەدەنىيەت …………………… 130
ئانا تىلنى قەدىرلەش — دىكتۇرلارنىڭ بۇرچى …………………… 140
ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىكى ئەرەب مۇھاجىرلىرى ئەدەبىياتى ۋە شەرق ئېڭى …………………… 147
«قاناتلىق ئادەم» دىن قاناتلانغان خىياللار …………………… 155
مەنىۋىيىتىمىزنى زامانغا لايىقلاشتۇرايلى …………………… 196
پۇلنى قانچىلىك خەجلىسىڭىز خەجلەڭ، ئەمما ئاتا - ئانىڭىزنى ئۇنتۇماڭ …………………… 204
يېزا باشلىقى، زۇڭتۇڭغا قاراڭچۇ؟! …………………… 209
بالا، كالا ۋە خۇن ھەققى …………………… 220
ھورۇنلۇق قۇللۇققا سۆرەيدۇ …………………… 228

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# مىڭئۆيلەر، سىلەرگە يۈز كېلەلمەيمىز

باي ناھىيىسىنىڭ قەدىمىي سەھرالىرىنىڭ بىرىدىكى توپىلىق يوللاردا تال چىۋقنى ئات ئېتىپ غەمسىز ئويناپ يۈرگەن كۈنلىرىمدە، مەھەللىمىزدىكى بالىلار بىلەن «ھەربىي ـ دۈشمەن» ئويۇنى ئوينىغاچقا ئۆزىمىزمۇ بىلمىگەن ھالدا مەھەللىگە تۇتىشىدىغان ئېدىر يوللىرىنى بويلاپ تاغ ئىچىگە كېتەتتۇق.

مەھەللىمىزدىكى تاغلار قانداقتۇر تېلېۋىزورلاردا چىقىدىغان زۇمرەتتەك سۇزۇك سۇلىرى ئوقچۇپ ئېقىپ تۇرىدىغان، ياپيېشىل ئارچا ـ قارىغاي ۋە گۈل ـ چېچەككە پۈركەنگەن گۈزەل مەنزىرىلىك بولماستىن، بەلكى گىياھ ئۈنمەي قىش ـ ياز بىر خىل بوزىرىپلا تۇرىدىغان قاقاس تاغلار ئىدى، شۇڭا يۇرتىمىزدىكىلەر ئۇنى «چۆلتاغ» دەپ ئاتىشاتتى. ئاشۇ چۆلتاغ ئىچىدە خۇددى مۆجىزىلەردەك بىر بۇلاق بار ئىدى. بۇلاق سۈيى تولىمۇ تاتلىق بولۇپ، بىر تۈپ قېرى دوناي جىگدىنىڭ تۈۋىدىن توختىماي چۇشۇپ تۇراتتى. بىز ئويناپ ـ ئويناپ ھارغاندا ئاشۇ بۇلاقنىڭ قېشىغا كېلەتتۇق ـ دە، مەيدىمىزنى زەي يەرگە چاپلىغىنىمىزچە دۈم يېتىپ بۇلاق سۈيىدىن قانغۇچە ئىچەتتۇق. يېنىك ساي شامىلىدا شىلدىرلاپ تۇرغان جىگدە ياپراقلىرىغا تىكىلگىنىمىزچە سايىدە يېتىپ خىيال سۈرەتتۇق. قېرى چوپانلارنىڭ بۇ مۇقەددەس بۇلاق ۋە بۇلاق ئەتراپىدىكى مىڭئۆيلەر ھەققىدە ئېيتقان سىرلىق رىۋايەتلىرىنى بېرىلىپ ئاڭلايتتۇق.

كېيىنچە يېزا مەركىزىدىكى ياتاقلىق مەكتەپتە ئوقۇدۇم. ئۇنىڭدىن كېيىن كۆمۈر توشۇيدىغان ماشىنا ـ تراكتورلاردا قېقىلىپ ـ سوقۇلۇپ دېگەندەك 50 نەچچە كىلومېتىرلىق مۇساپىنى

بېسىپ ناھىيە مەركىزىدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇدۇم. ئاخىرىدا قەشقەر، ئۈرۈمچىدە توپتوغرا ئالتە يىل ئالىي مائارىپ تەربىيىسى ئېلىپ مەھەللىمىزدىن چىققان تۇنجى ستودېنت بولۇپ قالدىم. مانا ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە خىزمەتكە چىققىلىمۇ ئون نەچچە يىل بولۇپ قاپتۇ.

بۇ جەرياندا مەندە نۇرغۇن ئۆزگىرىش بولدى. ئۆزۈمدىكى نۇرغۇن نەرسىلەردىن ۋاز كەچتىم. نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلدىم. خاتىرەمدىن نۇرغۇن نەرسىلەر كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، يەنە نۇرغۇن نەرسىلەر خاتىرەمگە ئورناپ كەتتى. پەقەت بىرلا نەرسىنى ئۇنتۇيالمىدىم. ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچراپ دىلىم رەنجىگەندە، قەلب ئاسمىنىمنى ئازاب تۇمانلىرى قاپلاپ، دىلىمنى غېرىبلىق، مۇساپىرلىقنىڭ مۇڭلىرى چىرمىۋالغان چاغلاردا ئۇ كۆز ئالدىمدا زاھىر بولىدۇ ـ دە، ماڭا تەسەللىي بېرىدۇ، مېنى پايانسىز روھ ئالىمىگە باشلاپ بارىدۇ. مەن شۇندىلا باشقىدىن ئەسلىمىگە كېلىپ ھاياتقا مۇھەببەت بىلەن قارايدىغان بولىمەن. ئۇنتاي دېسەممۇ ئۇنتۇيالمايدىغان، مەڭگۈيىتىمگە شۇنچە تېرەن يىلتىز تارتىپ كەتكەن ئۇ نەرسە دەل بالىلىق خاتىرىلىرىم قالغان جىگدە بۇلاق ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مىڭئۆيلەر ئىدى.

ھېلىمۇ ئېسىمدە، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە قولۇمغا «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1983 ـ يىللىق 4 ـ سانى چۈشۈپ قالدى. ژۇرنالدىن جۇيىڭرۇڭ ئەپەندىنىڭ «شىنجاڭدىكى قىزىل مىڭئۆينىڭ ۋۇجۇتقا كېلىش تارىخىي شەرت ـ شارائىتلىرى» ناملىق ماقالىسىنى ئوقۇۋېتىپ جىگدە بۇلاقتىكى مىڭئۆيلەر بىلەن تەڭ ئۆزۈم تۇغۇلۇپ ئۆسكەن «ياقىئېرىق» دېگەن نامنىڭ تىلغا ئېلىنغانلىقىنى ئوقۇپ ھاياجاندىن سەكرەپ كەتكەنىدىم. «قاراڭلار، ئۆزۈم تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېزىنىڭ نامى مۇنۇ ژۇرنالدا چىقىپتۇ!» دەپ توۋلىۋەتكەنىدىم. بۇ مېنىڭ ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم



www.uyghurkitap.com

يېزامىنىڭ نامىنى مەتبۇئاتتا كۆرۈشۈم ئىدى. ماقالىدە چىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى فاشىيەن، تاڭ دەۋرىدىكى سۈن ۋۇكۇڭ (شۈەنزاڭنى دېمەكچى) لارنىڭ جىگدە بۇلاقتىكى ياقئېرىق مىڭئۆيدىن ئۆتكەنلىكىگە دائىر خاتىرىلەر بايان قىلىنغانىدى.

كېيىن شاڭخەي چەت ئەل تىلى ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرا شەرق مەدەنىيەت تەتقىقات ئورنى نەشر قىلغان «ئەرەب دۇنياسى» ژۇرنىلىنىڭ 1996 - يىل 1 - سانىدىكى «مۇقەددەس شەھەر - يېرۇسالىم» دېگەن ماقالىنى ئوقۇدۇم. دەرۋەقە 5 مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە يېرۇسالىم خۇددى يەھۇدىيلاردەكلا نۇرغۇن قان - ياشلىق تارىخنى باشتىن كەچۈرگەن. مىلادىيە 70 — 135 - يىللىرى يېرۇسالىم شەھىرى رىم قوشۇنلىرىنىڭ قولىدا ئىككى قېتىم قاتتىق ۋەيران قىلىنغاچقا پەقەت پادىشاھ داۋۇدنىڭ ئوغلى سۇلايمان سالدۇرغان يەھۇدىي قەسرىنىڭ بىر بۆلىكىلا قالغان بولۇپ، ئۇ «ئەل بەقەر تېمى» ① دەپ ئاتالغان. شۇنىڭدىن باشلاپ دۇنيانىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغا تېرىقتەك چېچىلىپ ۋەتەنسىزلىك ۋە ئىرقىي يوقىتىشنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتىنى يەتكۈچە تارتقان يەھۇدىيلار «ئەل بەقەر تېمى» نى زادىلا ئۇنتۇمىغان. ئۇلار ئاشۇ تامنىڭ يېنىغا بېرىپ يىغا - زارە قىلىشىپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىشقان. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بۇ تام ئەڭ مۇقەددەس جايغا ئايلانغان. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يەھۇدىيلار دائىم «ئەل بەقەر تېمى» غا ئاتاپ: «كېلەر يىلى بىزنى يېرۇسالىمدا جەم قىلغايسەن» دەپ دۇئا قىلىشنى ئۇنتۇمىغان. ئاخىر بۇ تام پۈتكۈل يەر شارىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ قەلبىنى ئۆزىگە ماگنىتتەك تارتىپ قۇدرەتلىك ئىسرائىلىيە دۆلىتىنى قايتا قۇرۇشنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى بولۇپ قالغان.

خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش فرانسۇزلارنىڭ زەپەر دەرۋازىسى،

---

① «يىغلاڭغۇ تام» دېگەن مەنىدە بولۇپ، خەنزۇچە « 哭墙 » دەپ يېزىلغان.

www.uyghurkitap.com

ئەرەبلەرنىڭ بەيتۇل ھەرىمى، خەنزۇلارنىڭ سەددىچىن سېپىلى، يەھۇدىيلارنىڭ ئەل بەقەر تېمى بولغىنىدەك دۇنيادىكى ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆز مەنۋىيىدە يىلتىز تارتقان مەنىۋى تۈۋرۈكى بولىدىكەن.

ئەجدادلىرىمىز ئۆز قولى بىلەن رۇياپقا چىقارغان مىڭئۆي جاۋاھىراتلىرىمىز ئەسىرلەردىن بۇيان خەلقىمىزگە ئېتىقاد، ئىشەنچ، جاسارەت ئاتا قىلىپ كەلگەن مەنىۋى تۈۋرۈك ئىدى. بىراق، بىز ھازىر مىڭئۆيلىرىمىزگە يۈز كېلەلەرمىزمۇ؟!

## 1. زامانىۋى «ماڭقۇرت» لار

2000 - يىلى يازدا ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىندە خىزمەت قىلىدىغان بىر ئوقۇتقۇچى بۇرادىرىم ماڭا كىشىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى:

شۇ يىلقى ياز ئايلىرىنىڭ مەلۇم دەم ئېلىش پۇرسىتىدە ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلارنى باي ناھىيىسىدىكى قىزىل مىڭئۆيگە ساياھەتكە تەشكىللىگەن. كۆپ قىسىم ئوقۇتقۇچىلار بۇ ئىشقا خېلىلا ئەستايىدىل پوزىتسىيە تۇتۇپ قانداقلا بولمىسۇن شۇنچە ئۇزۇن يولنى بېسىپ بارغىنىغا تۇشلۇق مىڭئۆيلەرنى بىرقۇر بولسىمۇ ئايلىنىپ چىققان. ئەمما، بىرنەچچە ئوقۇتقۇچى سۆگەتنىڭ سايىسىگە كىرىۋېلىپ ئۆزىنىڭ تۇگىمەس پاراڭلىرىغا چۈشۈپ كەتكەن. تېخى ئۇلاردىن بىرى ساياھەتكە كەلگەن بىر توپ خەنزۇلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «قاراڭلار، قاراڭلار، ئاۋۇلار ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ رەسىمىنى كۆرگىلى ئاتايەن بۇ يەرگە كەپتۇ» دېگەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ نەچچە كۇنگىچە ئىچىم ئاچچىق بولۇپ قالدى. بۇنداق پاراڭلار باشقا بىراۋلارنىڭ ئاغزىدىن چىقسىمۇ بىر نۆرە ئىدى. ئەمما، زامانىمىز مىللىي مائارىپىنىڭ ھامىيلىرىدىن بولغان، مەخسۇس ئوقۇغۇچى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت ئەڭ نازۇك

مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالغان بىر پېداگوگىكا ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئاغزىدىن بۇنداق گەپنىڭ چىقىشى تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش ئەمەسمۇ؟

مەلۇمكى، يۇرتىمىزدىكى مىڭئۆيلەر ئەجدادلىرىمىز بۇددىزم ئىدېئولوگىيىسى ئاساسىدا ياراتقان، مىللىتىمىزنىڭ شۇ دەۋردىكى تۇرمۇش، ئۆرپ - ئادەت، ئىشلەپچىقىرىش، ئىدىيە، ھېسسىيات، كىيىم - كېچەك، ئەدەبىيات - سەنئەت قاتارلىق كۆپ خىل ھايات ئىزنالىرىنى ئەڭ مۇۋاپپەقىيەتلىك ھالدا ئەڭ بىۋاسىتە ئىپادىلەپ بەرگەن بىباھا قامۇستۇر.

قەدىمكى دەۋردىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېتنوگرافىيىسىنى چۈشىنىۋېلىش ھەم ئۇنى تەتقىق قىلىشىمىزدا ھېچقانداق بىرەر تارىخىي ماتېرىيال بىزنى مىڭئۆيلىرىمىزدەك بىۋاسىتە، جانلىق پاكىتقا ئىگە قىلالمايدۇ. مەرھۇم ئالىمىمىز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن مىڭئۆيلىرىمىز ھەققىدە توختىلىپ: «بۇددا تاشكېمىرلىرى گەرچە ئەينى زاماندىكى دىنىي ئېتىقادنىڭ مۇھىم يالدامىسى بولسىمۇ، ئۇ ئەينى زامان ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ سەنئەتلەشكەن ئوبرازىنى تەسۋىرلىگەن. بىناكارلىق، ھەيكەلتىراشلىق، رەسساملىق بىرگەۋدە قىلىنغان بۇ سەنئەت قەسىرىسى فولكلور، مۇزىكا، ئۇسسۇل ۋە تىياتىر قاتارلىق سەنئەت ژانىرلىرىنى ۋە ئۇلاردا ئىپادىلەنگەن ئېستېتىك قاراشلارنى بىزگە يەتكۈزۈشتە ھەرقانداق *يازما* مەنبەدىن مىسلىسىز *رەڭدار* ۋە كونكرېتنى ئەۋزەللىكنى ساقلىغان تارىخنامىدۇر»[①] دېگەنىدى.

دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنلا نەچچە ئەسىرلىك تارىخنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن مىڭئۆيلىرىمىز ھېلىھەم ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يوقاتماقتا يوق، ئەكسىچە بارغانسېرى تۆرىنىڭ بېشىدىن ئورۇن ئېلىۋاتىدۇ. بىزلەر ئۇنىڭغا ئانچە ۋاي دەپ

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن: «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 - يىلى 8 - ئاي نەشرى، 6 - بەت.

www.uyghurkitap.com

كەتمىگەن بىلەن تەرەققىي تېپىپ قەدىمكى دەۋر مەدەنىيىتىنىڭ قەدرىگە يەتكەن چەت ئەللىكلەر قىتئە ئاتلاپ بۇ يەرگە «سانائەتنىڭ تازدەك شەھەرلىرى» نى ئەمەس، بەلكى نەزىرىمىزدىكى چۆل - جەزىرىگە جايلاشقان ئاشۇ «ئەھمىيىتى يوق كاپىرنىڭ ئۆڭكۈرلىرى» نى كۆرگىلى كېلىۋاتىدۇ. قەدىمكى ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تېپىلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن بۇ مۇقەددەس جاۋاھىراتلارنى ئەينى پېتى ساقلاپ قېلىش، قوغداش ئىشلىرىغا بىزدىمۇ بەك ئالدىراپ تۇتاملاپ پۇل خەجلەپ بېرىۋاتىدۇ.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا سۋېن ھېدىن، ستەيىن، گرونۋېدىل، لېكوك، پېللىئوت، كوزىلوف، ۋارنىر قاتارلىق چەت ئەللىك ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ قاتناش ئىنتايىن قۇلايسىز بولغان شۇ دەۋردە جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قويۇپ شۇنچە كۆپ جەبىر - جاپالارنى تارتىش بەدىلىگە پايانسىز چۆللۈكلىرىمىزدە تىمىسقىلاپ يۈرىشىمۇ دەل ئاشۇ مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىمىزنىڭ جەلپ قىلىشىدىن بولغان.

يەنە ئاشۇ قىزىل مىڭئۆيدە گېرمانىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى گرونۋېدىل، فون لېكوكلار مىڭئۆي جاۋاھىراتلىرىنى دەپ رۇسىيىلىك ئاكا - ئۇكا ئېكسپېدىتسىيىچىلەردىن بىل، زوۋسكىيلار بىلەن قورال تەڭلەشكەن. شۇ چاغلاردا مىڭئۆيلىرىمىزدىن ئېلىپ كېتىلگەن بىباھا تەۋەررۇكلىرىمىز چەت ئەللەردىكى ئوتقاشتەك بېزەلگەن گىلەملەر بىلەن مەخسۇس خانىلاردىكى كۆركەم ئەينەك جاھازىلار ئىچىدە قورالliq ئەسكەرلەرنىڭ قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىشى بىلەن كۆز قارچۇغىدەك ئەتىۋارلىنىپ ساقلانماقتا!

ۋەھالەنكى، زامان تەرەققىي قىلىپ كۆپ مەدەنىيلىشىپ كەتكەن بۈگۈنكى كۈندىمۇ بىز ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان مىراسلىرىمىزغا توغرا مۇئامىلىدە بولالمايۋاتىمىز. بىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى پوزىتسىيىمىز ئەجنەبىيلەرنىڭكىگىلا ئەمەس، يەنە كۆز

ئالدىمىزدىكى باشقا مىللەتلەرنىڭكىگىمۇ يەتمەيدۇ .
ئەھمەتجان ئەمەت «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ
1995 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىكى «يېڭى دەۋر ئۇيغۇر مەدەنىيىتى
ئۈستىدە پىسخىك ئانالىز» ناملىق ماقالىسىدە مۇنۇلارنى يازىدۇ :
«1991 ـ يىلى مەن شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ
فاكۇلتېتىنىڭ 36 نەپەر ئوقۇغۇچىسىنى كۆسەن مىڭئۆيدىن ئىبارەت
سەنئەت خەزىنىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا باشلاپ بارغانىدىم .
ئېكسكۇرسىيە جەريانىدا ئايرىم ئوقۇغۇچىلار چۈشەندۈرۈشنى
ئەستايىدىل ئاڭلاپ خاتىرە قالدۇرغاندىن باشقا ، يەنە بىر قىسىم
باللار ئالدىراش رەسىمگە چۈشۈۋاتاتتى . مەن ئۇلارنىڭ نېمىشقا
مىڭئۆيگە كىرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلمىغانلىقىنى سورىغىنىمدا ،
قايسىدۇر بىرىنىڭ : ‹مۇئەللىم كۆرگۈچىلىكى يوقكەن ، ھەممىسى
كاپىرنىڭ نەرسىلىرىكەن › ، دەپ جاۋاب بېرىشى مېنى تولىمۇ ھەيران
قالدۇردى . توغرا ، ئىسلام دىنى تارقىلىشتىن ئىلگىرى بىز
ھەقىقەتەن كاپىر ئىدۇق . كۆلكىلىك يېرىمىز شۇكى ،
يىلتىزىمىزنى ئىزدىگىنىمىزدە ئۆزىمىزنىڭ ھۇنلار ، تۈركلەرنىڭ
ئەۋلادى ھەمدە شىنجاڭدىكى يەرلىك مىللەت ئىكەنلىكىمىزنى بىر
ئاماللار قىلىپ ئىسپاتلايمىز ـ يۇ ، بىراق ئەجدادىمىزنىڭ بىزگە
قالدۇرغان مىراسلىرى ھەققىدە ئۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلىشنى
خالىمايمىز . ئەجىبا بىزنىڭ مىللىتىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام
ئىنسانىيەتنىڭ تارىخ
ئىسلام دىنىنى بەرپا قىلغاندىن كېيىن
سەھنىسىگە تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغانمىدۇ ؟ ئەجىبا ھازىرقى
زامان مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغاندا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز بىزگە
قالدۇرۇپ كەتكەن مىراسلاردىن ۋاز كېچىش كېرەكمىكەن ؟
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام : ‹ئىلىم چىندە بولسىمۇ ئۆگىنىڭلار ›
دېگەن ئەمەسمىدى . بىزنىڭ شۇنداق دېيىشكە ھەققىمىز باركى ،
بۇددىزم دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرىكى
تارىخىمىزنى پاكپاكىز سۈپۈرۈۋېتىدىغان بولساق ، بۇ مەجرۇھ

www.uyghurkitap.com

تېنىمىزنى يەنە قانداقسىگە نەرگىز گۈلىگە ئايلاندۇرغىلى بولسۇن؟ كەلگۈسىدە ئەۋلادلارنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمىز؟».

مەن 1994 - يىلىنىڭ بېشىدا گوۋۋيۈەننىڭ 129 - نومۇرلۇق پەرمانىنىڭ روھى بويىچە ئاقسۇ ۋىلايىتى دائىرىسىدە سۈنئىي ھەمراھ تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى يەر ئۈستى قوبۇللاش ئەسلىھەلىرىنى تەكشۈرۈش پائالىيىتىگە قاتناشتىم. تەكشۈرۈش جەريانىدا قىزىل مىڭئۆيگە بارغىنىمدا پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ گۈرۈپپا باشلىقىمىزدىن يېرىم سائەت رۇخسەت سوراپ بىزنى باشلاپ بارغان ئۇيغۇر شوپۇر بىلەن بىللە بىر توپ ساياھەتچىلەرگە قوشۇلۇپ مىڭئۆي تام رەسىملىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. بۇ مېنىڭ بۇنداق ئېسىل سەنئەت خەزىنىسىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم بولغاچقا، ھاياجاندىن كۆزلىرىمگە لىققىدە ياش كەلدى. نەپىس تام رەسىملىرىگە تويماي قاراپ كەتتىم. يېرىم سائەتلىك ۋاقىت تولىمۇ ئازلىق قىلاتتى. كىشىنى ئىمتاس روھىي ئالەم بوشلۇقىغا باشلايدىغان، تارىخىي سىمالارنىڭ يارقىن تۈيغۇلىرىنى ئاتا قىلىدىغان ئاشۇ مىڭئۆيلەرنىڭ ھەربىرىدە بىر كۈندىن تۇرساممۇ ئازلىق قىلاتتى. شوپۇر پات - پاتلا مېنى نوقۇپ تۇرمىسا تۇرغان جايىمدا قېتىپلا تۇرۇپ قالاتتىم.

شوپۇر رەڭدار لېنتىلارنى جىلۋىلەندۇرۇپ كۆكتە لەرزان ئۇچۇپ يۈرگەن ھۆر پەرىلەرنىڭ رەسىمىنى سىيلاپ تۇرۇپ: «مانا قارىڭا، نېمانداق تولغان بەدەن بۇ، ئادەمنىڭ خاملا يەۋەتكۈسى كېلىدىغۇ ئۇنى، بولدى، ۋاقتىمۇ توشتى كېتەيلىچۇ، تېزراق ناھىيە بازىرىغا بېرىپ ئىچىشنى باشلىغانغا يەتمەيدۇ. مىڭ قارىسىمۇ يەنىلا شۇ...» دېدى.

شۇئان قاسماق كەپكە شەپكە كىيىۋالغان شوپۇرنىڭ قارامتۇل چىرايى كۆزۈمگە غەلىتىلا كۆرۈنۈپ كەتتى. يەنە كېلىپ بىزگە يول باشلاپ بېرىۋاتقان خەنزۇ يىگىتنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرى مېنى رازى قىلالمىدى. گەپ ئارىسىدا مەن ئۇنىڭ ئوقۇش تارىخىنى سوراپ

بېقىۋىدىم ، ئۇ ئۆزىنىڭ تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ مۇشۇ يەرگە ئورۇنلاشقانلىقىنى ، ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ چۆلدە بىر مىنۇتمۇ تۇرغۇسى يوقلۇقىنى سۆزلەپ بەردى .

ۋاقىت مۇناسىۋىتى بىلەن قايتىپ چۈشتۇق . شۇ چاغدا ، بۇ يەردە قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقانىكەن . مەن بۇ يەردە قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقان بىر خەلق ئىشچىسىدىن بۇ مىڭئۆيلەرنى كىمنىڭ ياسىغانلىقىنى ئەتەي سوراپ بېقىۋىدىم ، ئۇ قىلچە تەپ تارتماي : «ئىچكىرىدىن چىققان بىزدەك ئىشلەمچىلەر ياسىغان بولامدۇ ، خۇددى بىز مۇشۇ قۇرۇلۇشنى قىلىۋاتقاندەك» دېدى .

بۇ يەردە يەنە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر نەچچە ئاسپىرانتىنى ئۇچراتتىم . ئۇلار بۇ يەردە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋېتىپتۇ . بىزنىڭ قىسمەن ستودىنتلىرىمىزغا ئەھمىيەتسىز بىلىنگەن ئاشۇ «كاپىرنىڭ ئۆڭكۈرلىرى» شۇنچە ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ جۇمھۇرىيەتنىڭ پايتەختىدىن كەلگەن خەنزۇ ئاسپىرانتلارغا بىر ئوبدان تەتقىقات تېمىسى ئاتا قىلىۋېتىپتۇ .

شۇ تاپتا مىڭئۆي تام رەسىملىرىدىكى پېرسوناژلار گەپ قىلالىغان بولسا مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتنىڭ ئاشۇ زامانىۋى «ماڭقۇرات» لىرىغا قانداق باھا بېرەر ئىدىكىن ؟

## 2 . داۋاملىشىۋاتقان تراگېدىيە

مەدەنىيەت جەھەتتىكى ياتلىشىش بىزنى شۇ دەرىجىگە چۈشۈرۈپ قويغانكى ، ئەجدادلىرىمىز ئۆز قولى بىلەن ياراتقان ئاشۇ بىباھا تەۋەررۈكلەرنى تونۇماس ھالەتكە يەتتۇق ، ھەتتا ئېتىقاد يەكگۈشلىنىش سەۋەبىدىن ئۇنى «كاپىرنىڭ رەسىملىرى» دەپ قاراپ سامانغا ئوت يېقىپ بىر ئوبدان تام رەسىملىرىنى ئىسلاپ قارىدىتىۋەتتۇق . رەسىمدىكى ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ كۆزىنى ،

www.uyghurkitap.com

ئاغزىنى ئويۇپ ئېلىۋەتمىسە كېچىسى تىرىلىپ ئادەم، هايۋانلار ۋە زىرائەتلەرگە زىيان سالىدۇ، دەپ قاراپ شۇنداق سىپتا تام رەسىملىرىنىڭ كۆزىنى ئويۇپ، قالايمىقان سىزىپ، سويۇپ تاشلىدۇق. بايلىق ئاماسىدا هەدېسىلا قالايمىقان كولاپ خۇددى قورساق بالاسىدا قالغان تولۇمچاشقاندەك مىڭئۆيلىرىمىزنىڭ ئىچىنى ئۆتمىتۆشۈك قىلىۋەتتۇق.

ئەجنەبىي ئېكسپېدىتسىيىچىلەر كەلسە ئۆلارنىڭ تۆگىسىنى يېتىلەپ، يول باشلاپ بېرىپ مىراسلىرىمىزنى كولاپ ئۆلارنىڭ ساندۇقىنى توشقۇرۇپ بەردۇق. بىزلەر قەدرىگە يەتمىگەن مىراسلىرىمىزغا ئىگە بولغان ئەجنەبىيلەر ئۇنى خۇددى ياقۇتنىڭ ئىچىدە چوغ ساقلىغاندەك ئەتىۋارلاپ ساقلاۋاتىدۇ. يەنە تېخى بۇ هەقتە توم ـ توم تەتقىقات كىتابلىرىنى يېزىپ بىزلەرنى دۇنياغا تونۇشتۇرۇشقا تۆهپە قوشۇۋاتىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئۆلارنىڭ تۆگىسىنى يېتىلىگەنلىكىمىزنى ئەيىبلەشكە بولمىسىمۇ، ئەمما شۇ چاغدا بىز پەقەت ئىككى توك ـ توك پۇلنى دەپلا شۇنداق قىلغانمىز.

گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىدىن فون لېكوك بىلەن گرونۋېدىل 1904 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۇنى تۇرپاننىڭ شەرقىدىكى قۇملۇق ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان قاراغۇجىغا كەلگەندە بۇ يەردىكى «يەرلىك دېھقانلارنىڭ خارابىلىكتىكى مۇنبەت تۇپراققا زىرائەت تېرىش مەقسىتىدە بۇ قەدىمكى شەهەرنىڭ نۇرغۇن جايلىرىنى تۈزلەپ يەر ئېچىۋالغانلىقىنى، يەنە ئۆلارنىڭ بۇتخانىلاردىكى تام سۈرەتلىرىنىڭ ئۈستىدىكى بوياقلارنىڭ ئوبدان ئوغۇت بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قېلىپ، تام سۈرەتلىرى سىزىلغان قۇرۇلۇشلارنى بۇزۇۋەتكەنلىكىنى، ناهايىتى نۇرغۇن قەدىمكى كونا تۈۋرۈك، لىملارنى ۋە باشقا ياغاچ ماتېرىياللارنى ئېلىپ كېتىپ يېقىلغۇ ئورنىدا كۆيدۈرۈۋەتكەنلىكىنى، ئوغۇت ئىزدەپ يۈرگەن كىشىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقىدا ئۇچرىماي قالغان ئادەم ۋە هايۋانلار سىزىلغان تام رەسىملىرىدە ئۆلارنىڭ كۆزى ۋە ئاغزىنىڭ

ئويۇپ ئېلىۋېتىلگەنلىكىنى» ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى يازغان.①

فون لېكوكنىڭ «جۇڭگودىكى غەربىي يۇرتتا ساقلىنىۋاتقان گۆھەرلەر» ناملىق ئەسىرىدە ئېدىقۇت ئەتراپىدا بىر دېھقاننىڭ تام ئارىسىدىن بىر ھارۋا كەلگۈدەك قولىيازمىلارنى تېپىۋېلىپ، موللامنىڭ جازالىشىدىن قورقۇپ ھەممىسىنى دەرياغا تاشلاپ ئېقىتىۋەتكەنلىكىنى، ئەمەلىيەتتە بۇ قولىيازمىلارنىڭ ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن ھەر خىل رەڭدار رەسىملەر بىلەن بېزەلگەن قىممەتلىك يادىكارلىق ئىكەنلىكىنى يازغان.②

«1921 - يىلى خوتەنلىك مۇئەللىپ موللانازىم موللانىياز ‹كۆيدۈرۈلگەن جاۋاھىراتلار› ناملىق ماقالىسىدە 1914 - يىلى ئېسىل قولىيازما ۋە كىتابلارنى ئىنگلىز، پەرەڭ، شۋېت قاتارلىقلارغا يۆلەنگەن يەرلىك مۇتەئەسسىپ، مۇناپىق، بەدنىيەتلەرنىڭ خانىۋەيران قىلغانلىقى، مۇنداق ھادىسىنىڭ قەشقەر، كۇچالاردىمۇ يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئامىمىغا كۈچلۈك سىگنال چالغان».③

دىيارىمىزغا تۇنجى قېتىم قەدەم باسقان ئارخېئولوگ سۋېن ھېدىن يەرلىك كىشىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقى بولمىغاندا نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ياخشى ھالەتتە ساقلىنىپ قالىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ نوقۇل ئالتۇن - كۈمۈشنى دەپلا باشقا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئەرزىمەس نەرسە دەپ بۇزۇپ چاپىدىغانلىقىنى، ھەتتا گۆھەر چىقىدۇ دەپ شۇنداق نەپىس بۇتلارنىمۇ چېقىپ ئىچىنى ئاقتۇرىدىغانلىقىنى، ھەر قېتىملىق بوراندىن كېيىن ئېچىلىپ قالغان بايلىقنى ئىزدەش پۇرسىتىنى زادىلا قولدىن بەرمەيدىغانلىقىنى يازغان.

① ② پېتېر خوپكىرك: «يىپەك يولىدىكى ئەجنەبىي ئالۋاستىلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 184 -، 185 - ۋە 187 - بەتلەر.
③ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 - يىلى 8 - ئاي نەشرى، 440 - بەت.

www.uyghurkitap.com

بىز ھە دېگەندىلا «ئۇ دېگەن ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى ئىشلار، ئۇ چاغلاردا خەلقىمىز نادان ئىدى» دەپ ھەممە گۇناھنى ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى قارا جەمئىيەتكە ئىتتىرىپ قويۇش بىلەن كۇپايىلىنىمىز. ۋەھالەنكى، جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ مىڭئۆيلىرىمىز ھالاكەت گىردابىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلىگىنى، بىزنىڭ بۇ ھەقتىكى ئاڭقاۋلىقىمىز ئۆزگەرگىنى يوق.

2000 ـ يىلىنىڭ ماي ئېيىدىكى دەم ئېلىش ۋاقتىمدىن پايدىلىنىپ باي ناھىيىسىنىڭ ياقئېرىق دېھقانچىلىق مەيدانى تەۋەلىكىدىكى تاغ باغرىغا جايلاشقان جىگدە بۇلاق بۇددا تاشكېمىر خارابىسىگە ساياھەتكە بارغانىدىم. يول بويىدىكى خارابىگە ئايلىنىپ كەتكەن بىر كېمىرنىڭ بۇگۇنكى كۇندە يولدىن ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر كىرىپ خالىغانچە تەرەت قىلىدىغان ھاجەتخانىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئىچىم سىيرىلدى. سەل نېرىراقتىكى تاغ باغرىغا جايلاشقان ئىككى ئېغىزلىق كېمىر بولسا يەرلىك «گۆھەر ئىزدىگۇچىلەر» تەرىپىدىن نەچچە مېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئويۇپ تاشلىنىپتۇ! باي ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قاداپ قويغان «ناھىيە دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» دېگەندەك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ھەققىدە ۋەز ـ نەسىھەتلەر يېزىلغان بىر تاختاي بىر چەتتە بويىنىنى قىسىپ تۇرۇپتۇ.

يەرلىك ھۆكۈمەت 1966 ـ يىلى كۇچادىكى ئۆگەن دەرياسىنىڭ تاغدىن چىقىش ئېغىزىغا «ئاستىنقى مىڭئۆي سۇ باشلاش توگونى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشى» نى باشلىدى. 1970 ـ يىلى بۇ قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن توسما دەريا سۈيىنى ئېتىۋالغاچقا دەريا بويىغا جايلاشقان قۇمتۇر مىڭئۆيلىرى دەريا سۈيى ئورنىنىڭ يۇقىرى ئۆرلىگەنلىكى سەۋەبلىك زەيلەپ كەتتى. ھەتتا «28 كېمىرگە زور كۆلەمدە سۇ كىرىپ كەتتى. 15 كېمىر ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ، 6 ـ

نومۇرلۇق كېمىرلەر پۈتۈنلەي گۇمۇرۇلۇپ چۈشتى ! 1998 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى 7 ـ ، 8 ـ نومۇرلۇق كېمىرلەر تاغ جىنسلىرى غۇلاپ چۈشكەنلىكتىن گۇمۇرۇلۇپ كەتتى ! » ①

شۇنداق قىلىپ قۇمتۇر مىڭئۆيىنىڭ ئەسلىدىكى نومۇر سېلىنغان 112 كېمىردىن هازىر پەقەت 62 سىلا قالدى . ۋەھالەنكى ، بۇ خىل بۇزغۇنچىلىقلار بۈگۈنكى كۈندىمۇ توختاپ قالغىنى يوق .

هازىر قۇمتۇر مىڭئۆيىدىكى «بىر قىسىم خەتەرلىك كېمىرلەرگە ياغاچتىن تىرەك قويۇلدى . 1989 ـ يىلىدىن 1991 ـ يىلىغىچە دۆلەتلىك تەتقىقات ئاكادېمىيىسىنىڭ ياردىمىدە سۇ كىرىپ كەتكەن 10 تاشكېمىردىكى 106 كۋادرات مېتىرلىق تام رەسىم سويۇپ ئېلىنىپ 42 ـ ، 43 ـ نومۇرلۇق كېمىرلەرگە قويۇلدى . 41 ـ نومۇرلۇق كېمىر هازىر قۇمتۇر مىڭئۆيىدىن چىققان مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنى ساقلايدىغان ئىسكىلات بولۇپ قالدى . بۇ ئۈچ كېمىر هازىرغا قەدەر ئىسكىلات ئورنىدا ئىشلىتىلمەكتە ! سۇ كىرىپ كەتكەن قىسمەن كېمىرلەردە زەيلىشىش ، كۆكىرىپ پاختىلىشىپ كېتىش هادىسىلىرى ناھايىتى ئېغىر بولماقتا . باشقا كېمىرلەردىمۇ شورلىشىپ كېتىش ، كۆپشىش ، سويۇلۇپ چۈشۈپ كېتىش هادىسىلىرى كۆرۈلمەكتە » ②

رايونىمىزدا ئەڭ بۇرۇن قېزىلغان ، دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە قىزىل مىڭئۆيىمۇ بۈگۈنكى مەدەنىيەت دەۋرىدە يۇقىرىقىدەك قىسمەنلەردىن خالىي بولالىغىنى يوق .

قىزىل مىڭئۆيلىرى «ئېچىۋېتىلگەن بولغاچقا ، يەنە كېلىپ ساياھەت مەنزىرە نۇقتىسى قىلىپ بېكىتىلگەچكە كىشىلەر تەرىپىدىن زىيانغا ئۇچراش ئەھۋالى بىرقەدەر ئېغىر بولماقتا . مەسىلەن ، كېمىرگە كىرىپ ـ چىقىدىغانلار كۆپ بولغاچقا نەپەستىن چىققان

① ② خەنزۇچە «ئاقسۇ گېزىتى» نىڭ 2000 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىكى ئالاھىدە سانى ، 2 ـ بەت .

كاربون Ⅳ ئوكسىد ۋە نەم ھاۋا تام رەسىملىرىگە ناھايىتى زور تەسىر قىلىدۇ. ئالدىنى ئېلىش، قوغداش ئەسلىھەلىرى بولمىغاچقا ساياھەتچىلەر تام رەسىملىرىنى قالايمىقان تۇتۇپ، سىيىلاپ جىجىۋېتىش ھادىسىلىرى يۈز بەرمەكتە». ①

مانا بۇ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى گوۋۇيۈەنىنىڭ 1961 - يىلى مەملىكەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى دەپ ئېلان قىلىنغان مىڭئۆيلىرىمىزنىڭ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانغا 51 يىل بولغان بۈگۈنكى كۈندە دۇچار بولۇۋاتقان قىسمەتتىدۇر! سۇ ئامبىرىنى سالىمەن دېسە ھازىرمۇ، كەلگۈسىدىمۇ سالغىلى بولىدۇ. ئەمما، ئەسلىي ھالىتىنى يوقىتىپ كۆز ئالدىمىزدىن ئۈن - تىنسىز غايىب بولغان ئاشۇ مىڭئۆيلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولامدۇ؟ ئۈستىخانلىرى چىرىپ سېسىپ بولغان، مىڭ نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى ياشاپ ئاشۇنداق بىباھا تەۋەررۇكلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن ئەجدادلىرىمىزنى يەرنىڭ تېگىدىن تارتىپ چىقىرىپ ئاشۇ مىڭئۆيلەرنى قايتىدىن يارىتىپ بەر دېگىلى بولامدۇ؟

بىز سۇ ئامبىرى قۇرغىلى يەر تاپالمىغاندەك نېمىدەپ قىزىل مىڭئۆينىڭ گەجگىسىگە ئەپچىقىپ قىزىل سۇ ئامبىرىنى، قۇمتۇر مىڭئۆيگە سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇۋالىمىز؟ بىزدە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى شۇنچە قەدىرسىزمۇ؟

## 3. بىر ۋالىينىڭ جۆيلۈشى ۋە گېنېرال پاتتوننىڭ كۆز يېشى

مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ قىممەتلىك بولالىشىمۇ ئۇنىڭ قايتا تەكرارلانمايدىغانلىقىدا. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى شۇنىڭ ئۈچۈن قىممەتلىككى، ئۇنىڭغا شۇ يادىكارلىقلارنى روياپقا

① خەنزۇچە «ئاقسۇ گېزىتى» نىڭ 2000 - يىلى 5 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىكى ئالاھىدە سانى، 2 - بەت.

چىقارغان خەلقنىڭ قان - ياشلىق تارىخى، ئارزۇ - ئارمانلىرى، ئىقتىقادى، روھى سىڭگەن بولىدۇ. شۇڭا، تارىختا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى دەپ تالاي قانلىق ئۇرۇشلار بولغان.

تۈركىيە مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ۋە نادىر رەسىم ئەسەرلىرىنى قولغا چۈشۈرۈش مەقسىتىدە نۇرغۇن ئۇرۇشلارنى قىلغان. ئۆتكەن ئەسىر ئاخىرلىرىدا يۈز بەرگەن فرانسىيە بىلەن ماراكەش ئوتتۇرىسىدىكى بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا فرانسىيە ماراكەشنىڭ بىر تۈركۈم قىممەتلىك ئاسارەتىقە بۇيۇملىرىنى ۋە ئېسىل رەسىم ئەسەرلىرىنى بۇلاپ كەتكەن. ھالبۇكى، فرانسىيىنىڭ نەچچە ئونلىغان ئوفىتسېر - قوماندانلىرى ماراكەش تەرەپكە ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان. ئۇرۇشتىن كېيىن فرانسىيە تەرەپ ماراكەش ھۆكۈمىتىگە ئۆزلىرىنىڭ ئوفىتسېر - گېنېراللىرىنى ناھايىتى نۇرغۇن ئالتۇنغا تېگىشىۋالىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان. لېكىن، ماراكەش ھۆكۈمىتى ئۆز ئىلكىدىكى فرانسىيە ئەسىرلىرىنى ئالتۇنغا ئەمەس، بەلكى فرانسىيە بۇلاپ كەتكەن ئاسارەتىقە بۇيۇملىرىغا، قىممەتلىك رەسىملەرگە تېگىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئاخىر ئىككى تەرەپ كېلىشىپ بىر گېنېرالغا بىر ئاسارەتىقە بۇيۇمى ياكى بىر پارچە رەسىم تېگىشكەن (بۇ مەزگىلدە ماراكەش مالىيىسى خارابلاشقانىكەن). 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدا گېتلېر مەخسۇس ئاسارەتىقە ۋە كىلاسسىك رەسىملەرنى بۇلايدىغان ھەربىي قىسىم تەشكىل قىلغان. نېمىس ئارمىيىسى قايسى دۆلەتكە بېسىپ كىرسە بۇ ئارخېئولوگىيە قىسمى ئالدى بىلەن شۇ دۆلەتكە كىرىپ مۇزېي ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىدىكى قىممەتلىك تارىخىي بۇيۇملارنى، مەشھۇر رەسىملەرنى بۇلاپ گېرمانىيىگە توشۇغان. بۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىماي تۇرۇپ بومباردىمان قىلىش مەنئى قىلىنغان. ئۇرۇش پەرەس گېنېرال پاتتون پارىژغا قوشۇن باشلاپ كىرگەندە ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىدا ۋەيران بولغان ئېسىل سەنئەت

ئەسەرلىرىنى كۆرۈپ يىغلاپ كەتكەن . 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ، گېرمان ئارمىيىسى پارىژنى بومباردىمان قىلىشتىن ئىلگىرى گېتلىر ئۆزى سەخسەن بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ، دۇنياغا مەشھۇر «لوئۇر سارىيى» دا ساقلىنىۋاتقان مەشھۇر رەسىملەرنى بۇلاپ كېلىش ئۈچۈن «ئارخېئولوگىيە قىسمى» نى پارىژغا ئەۋەتكەن . لېكىن ، بۇ قىسىم لوئۇر سارىيىغا بېسىپ كىرگەندە كۆرگىنى قۇپقۇرۇق ئۆيلا بولغان . مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى جېنىدىنمۇ ئەزىز بىلىدىغان فرانسۇزلار ئۇنى يوشۇرۇپ قويغان» .①

بىرنەچچە يىل ئاۋۋال قايسىدۇر بىر گېزىتتىن بىر ۋالىينىڭ ئىزا تارتماي : «ئاسارئەتىقە دېگەن نېمە؟ يەيدىغان نەرسىما؟» دەپ سورىغانلىقىغا دائىر بىر پارچە ماقالىنى ئوقۇغانىدىم . مەدەنىيەت يادىكارلىق جەھەتتىكى ساۋاتى «ئۇرۇش جىنايەتچىسى» ، «قانخور جاللات» دەپ تىللىنىپ كېلىۋاتقان گېتلىرغا يەتمەيدىغان ھېلىقى جانابىي ۋالىينى نېمە دېگۈلۈك؟ بەلكىم بۇ ۋالىي جەسەتلەرنىڭ تاغدەك دۆۋىلىنىپ ، قانلارنىڭ دەريادەك ئېقىشىغا سەۋەب بولغان ، يۈرىكى تاشتەك قېتىپ كەتكەن پۈتۈن ـ سۇرۇك گېنېرال پاتتۇننىڭ بۇزغۇنچىلىقتا ئۈچرىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى دەپ ياش تۆككەنلىكىنى كۆرسە ئىككى قولى بىلەن ياقىسىنى تۇتقىنىچە : «تۇۋا ، ماۋۇ ئادەم ئاشۇ ئەرزىمەس نەرسىلەر ئۈچۈن ياش تۆكۈپ نېمە قىلىدۇ؟ ساراڭ بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ» دېيىشى تۇرغانلا گەپ ئوخشايدۇ .

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1000 ـ يىلى يەھۇدىيلار تەرىپىدىن «دۆلەت قەھرىمانى» دەپ ئاتالغان داۋۇت ئەلەيھىسسالام يېرۇسالېمنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ئۇنى پايتەخت قىلىپ بېكىتتى . ئوغلى سۇلايمان دادىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغاندىن

① ئابدۇكېرىم نەسىردىن : «ۋېنتسىيىدە تۆكۈلگەن كۆز ياش» ، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2000 ـ يىلى 3 ـ سانى ، 10 ـ بەت .

كېيىن «سۇلايمان مۇقەددەس قەسرى» نى سالدۇردى. بۇ مۇقەددەس قەسر كېيىن ئۈچ قېتىم ۋەيران قىلىنىپ، ئىككى قېتىم قايتا قۇرۇلدى. مۇقەددەس قەسر ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ۋەيران قىلىنغاندىن كېيىن يەھۇدىيلارمۇ خۇددى تىرىقتەك دۇنيانىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغا چېچىلىپ كەتكەچكە، ئۇنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىشقا مۇۋەپپەق بولالمىدى.

ئاشۇ مۇقەددەس قەسىرىدىن ھازىرغا قەدەر ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 50 مېتىر، ئېگىزلىكى 19 مېتىر كېلىدىغان چولاق تام (ھەيۋەتلىك ئەسلى قەسرگە نىسبەتەن) لا قالدى. رىملىقلار يېرۇسالىمغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئىشغال قىلغاندا يەھۇدىيلار دائىم ئاشۇ تامنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ھەسرەت بىلەن ياش تۆكەتتى. شۇڭا، ئۇ: «يىغا تېمى» دەپمۇ ئاتالدى.

يەھۇدىيلارنىڭ قان - ياشلىق تارىخىنىڭ گۇۋاھچىسى، ئۇلارنىڭ ئېتىقادى، روھىنىڭ سىمۋولى بولغان ئاشۇ چولاق تام ئاخىرىدا يەر شارىغا قوْمدەك چېچىلىپ كەتكەن يەھۇدىيلارنىڭ قەلبىدىكى ۋەتەنگە ئايلاندى. خۇددى پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ قەلبى سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى بەيتۇل ھەرەمگە تەلپۈنگەندەك تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن يەھۇدىيلار يېرۇسالىمغا يىغىلىپ ئاشۇ چولاق تامنىڭ تۈۋىدە ئۆزلىرىنىڭ قان - ياشلىق تارىخىنى ئەسلەپ كۆز يېشى قىلىشتى. ئاشۇ چولاق تام يەر شارىدىكى يەتكۈچە خورلۇق تارتىپ ۋەتەنسىزلىكنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان يەھۇدىيلارنىڭ قەلبىنى ئويغىتىپ، ئۇلارنىڭ قۇدرەتلىك ئىسرائىلىيە دۆلىتىنى قايتا قۇرۇپ چىقىشىغا مەدەت بەرگەن مەنىۋى تۈۋرۈك بولۇپ قالدى.

شياۋيىپىڭ «ئادەملەرنى قىرغىن قىلىپ، ھەممىنى ۋەيران قىلغۇچىلارنىڭ بىر رەسىمگە ئىچ ئاغرىتىپ قېلىشى» ناملىق ماقالىسىدە مۇنۇلارنى يازىدۇ: «شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى 1999 - يىلى 24 - مارت يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقىنى

ئەسەبىيلەرچە بومباردىمان قىلىشقا باشلىغاندىن تارتىپ 10 مىڭدىن ئارتۇق باشقۇرۇلىدىغان بومبا ۋە پارتلاتقۇچ بومبا تاشلاپ 1600 دىن ئارتۇق نىشاننى بومباردىمان قىلدى . ئەمما ، يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقىدىكى ئەڭ چوڭ ھۇجۇم نىشانى بولغان زۇڭتۇڭ مەھكىمىسى تىنچ - ئامان قالدى . كىشىلەر بۇنىڭدىن «شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى» ئەجەب رەھىمدىل بولۇپ قاپتۇ ، دەپ ھەيران قېلىشى مۇمكىن . ئەمەلىيەتتە ئىش ئۇنداق ئەمەس . خەۋەرلەرگە قارىغاندا ، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقىغا ھاۋادىن ھۇجۇم قىلىشتىن ئىلگىرى ، ئامېرىكا دۆلەتلىك رازۋېدكا ئىدارىسىنىڭ سۈرەتكە ئالغۇچى بەش دانە ئالەم ئۇسكۇنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان توققۇز دانە ئالەم بوشلۇقى رازۋېدكا ئايروپىلانى يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا نۇرغۇن رەسىمگە تارتقان . ئامېرىكا بۇ رەسىملەر ۋە بوسنىيە - گېرتسېگوۋىنا ئۇرۇشىدا ئىگىلىگەن ئاخبارات ۋە نۇرغۇن رازۋېدكا ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن دەسلەپكى لايىھە تۈزۈپ چىقىپ ، 1998 - يىلى ئۆكتەبىردە دەسلەپكى قاراپ چىقىشتىن ئۆتكۈزىدۇ ، ئۇرۇش قىلىش باشقارمىسى دەسلەپكى قەدەمدە بېكىتىپ چىقىدۇ . ئاخىرىدا دۆلەتلىك ھەربىي ئىشلار قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇدىرى كۆرۈپ چىقىپ بېكىتكەندىن كېيىن ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى ، ياۋروپا ئىتتىپاقى ئارمىيىسىنىڭ ئالىي قوماندانى گېنېرال كلاكقا ۋە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى سولاناغا ئەۋەتىلىدۇ . بۇ قېتىمقى ھاۋا ھۇجۇمى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئىتىگە چېتىلىدىغان بولغاچقا ، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ ئالىي قوماندانلىق شتابى بېكىتىلگەن لايىھىنى ئۆزىگە ئەزا دۆلەتلەر باشلىقلىرىنىڭ كۆرۈپ بېقىشىغا يوللايدۇ . فرانسىيە زۇڭتۇڭى شىراك يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقى زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىنىڭ

بومباردىمان قىلىنىدىغان نىشانلار قاتارىغا كىرگۈزۈلگەنلىكىنى كۆرىدۇ . ئۇ يۇگوسلاۋىيە زۇڭتۇڭ مەھكىمىسى ئىشخانىسىدا رېمبارد سىزغان بىر پارچە رەسىمنىڭ ئېسىلغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن بومباردىمان قىلىشقا قوشۇلمايدۇ . ئۇ ئامېرىكا زۇڭتۇڭى كلىنتون ۋە ئەنگلىيە باش ۋەزىرى بىلايىرلار بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن ئاخىرىدا تاللىنىدىغان نىشان قىلىپ ئېلىپ قويىدۇ» .①

دېمەك ، گوللاندىيىلىك مەشھۇر رەسسام رېمبارد (1606 — 1669) بۇنىڭدىن 330 يىل ئىلگىرى سىزغان بىر پارچە رەسىم يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقىنىڭ زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىنى ساقلاپ قالىدۇ . مانا بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ كۈچ قۇدرىتىدۇر .

ھازىرقى زامان رىقابىتىدە قەد كۆتۈرگەن نۇرغۇن مىللەتلەرگە قارايدىغان بولساق ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مىللەتكە جاسارەت ئاتا قىلىدىغان تەۋەررۈك سۈپىتىدە كۆرۈپ ئەتىۋارلايدىغانلىقىنى كۆرىمىز . شۇڭا ، «خەلققە يېتەرلىك جاسارەت ئاتا قىلىدىغان نۇرغۇن نەرسىلەردىن ۋاز كېچىلسە مىللەت ئاستا ـ ئاستا خارابىلىشىدۇ»② دەيدۇ مونتېسكيۇ (فرانسىيە) .

دەرۋەقە ئۆز ئەجدادىدىن قالغان مىراسلارنى تونۇماسلىق مەنىۋى كەمتۈكلۈك بولماي نېمە؟

## 4 . مىڭئۆيلەرنىڭ نالىسى ۋە ب د ت نىڭ شەپقىتى

مىڭئۆي جاۋاھىراتلىرىمىز دۇنيادا تەڭداشسىز مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى سانىلىدۇ . دۇنيادا قەدىمكى گرېك مەدەنىيىتى ،

① «تەرمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 2000 ـ يىلى 4 ـ سانى ، 29 ـ ، 30 ـ بەت .

② ئەسەت سۇلايمان : «تەكلىماكانغا دۇملەنگەن روھ» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2000 ـ يىلى 7 ـ ئاي نەشرى ، 54 ـ بەتتىكى ئىزاھات .

ھىندىستان مەدەنىيىتى ، پارس مەدەنىيىتى ۋە غەربىي يۇرت ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۆزئارا بىرىكىپ ئۇلگىلىك تارىخىي مۇزېينى ھاسىل قىلغان . مىڭئۆيدىن دۇنيادا پەقەت بىرسىلا بار ، كۇسەن مىڭئۆيلىرى ئاشۇ تارىخىي مۇزېينىڭ جانلىق ئىسپاتىدۇر .

كۇسەن مىڭئۆيلىرى مىلادىيە 4 ـ ئەسىردىن باشلاپ قېزىلىشقا باشلىغان بولۇپ ، ئۇدا قېزىلغان ۋاقتى 1000 يىلغا يېتىدۇ . ئۇ جۇڭگو بويىچە ئەڭ دەسلەپ قېزىلغان تاشكېمىر ھېسابلىنىدۇ . بۇلاردىن نامى مەشھۇر قىزىل مىڭئۆي ئەڭ دەسلەپ قېزىلغان مىڭئۆيلەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ . ئومۇمىي كۇسەن تاشكېمىر سانى 500 دىن ئاشىدۇ ، تام رەسىملىرىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 20 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ .

كۇسەن تاشكېمىر تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى فۇشۇچۇ كۇسەن تاشكېمىرلىرىنىڭ قىممىتى ھەققىدە توختىلىپ : «كۇسەن تاشكېمىرلىرىدىكى تام رەسىملىرى ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا رويابقا چىققان . بۇ رەسىملەر سەۋىيە جەھەتتە دۆلەت ئىچىدىكى تاشكېمىر تام رەسىملىرى ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ . ھازىرقى زامان كىشىلىرى ئۇنى دورايمەن دەپمۇ دوراپ بولالمايدۇ . كۇسەن تاشكېمىرلىرى بۇددا سەنئىتى ئەڭ گۈللەنگەن جايدا بولغاچقا ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى بۇددا تاشكېمىرلىرىنى بەدىئىي جەھەتتىن ئۇلگە ۋە نۇسخا بىلەن تەمىن ئەتكەن . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، دۇنخۇاڭدىكى موگاۋ تاشكېمىرلىرى ، سەنشىدىكى يۇنگاڭ تاشكېمىرى ، خېنەندىكى لوڭمېن تاشكېمىرى قاتارلىق تاشكېمىرلەر بەدىئىي ئۇسلۇب جەھەتتىن كۇسەن تاشكېمىرلىرىنىڭ تەسىرىگە ناھايىتى چوڭقۇر ئۇچرىغان» ① دەيدۇ .

كۇسەن تاشكېمىرلىرى دۆلەت ئىچىدىلا ئەمەس ، بەلكى خالقئارادىمۇ زور تەسىرگە ئىگە . 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە

---

① خەنزۇچە «ئاقسۇ گېزىتى» نىڭ 2000 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىكى ئالاھىدە سانى ، 2 ـ بەت .

20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا غەرب ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنى نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن بىر قاتاردا 400 ~ 500 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان نەپىس كۇسەن مىڭئۆي تام رەسىملىرىنىمۇ ئېلىپ چىقىپ كەتكەن . بۇ رەسىملەر ھازىر گېرمانىيە ، روسىيە ، ئەنگلىيە ، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ساقلانماقتا . يالغۇز گېرمانىيىدە ساقلىنىۋاتقان تام رەسىملا 400 كۋادرات مېتىرغا يېتىدۇ .

دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدا ئەنە شۇنداق شۆھرەتكە ئىگە مىڭئۆيلىرىمىز يوقىلىش گىردابىغا يۈزلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ، ئاشۇ مىراسلارنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى بولغان بىز خەقتىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى .

بۇنىڭدىن بەش يىل مۇقەددەم يىپەك يولى تەكشۈرۈش ئۆمىكى تەركىبىدە شىنجاڭغا كەلگەن خۇنەن قەرەللىك ژۇرناللار تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى جاۋخېيجۆ كۇچادىكى قۇمتۇر مىڭئۆيىنى زىيارەت قىلىش جەريانىدا ، بۇ مىڭئۆيىنىڭ ھالاكەت گىردابىغا يۈزلىنىۋاتقانلىقىدىن قايغۇرۇپ گەنسۇ ئۆلكىسىدە چىقىدىغان «يىپەك يولى» ناملىق ژۇرنالدا «مىڭئۆيلەر نالە قىلماقتا» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلدى .

2000 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «چۈشلۈك خەۋەرلەر» پروگراممىسى (2 ـ قانالدا كۆرسىتىلگەن ) دا قۇمتۇر مىڭئۆيىنىڭ سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ زېيىنىغا داۋاملىق ئۇچراۋاتقانلىق ھەققىدىكى خەۋەر كۆرسىتىلدى .

ئەمما ، ماددىي ئىنتىلىش مەنىۋى ئىنتىلىشنىڭ گەجگىسىگە چىقىۋالغان جۇڭگوچىلىقتا مىڭئۆيلىرىمىزنىڭ نالە ـ پەريادى بىزگە ئاڭلانمىغان بىلەن قىتئە ئاتلاپ ب د ت غا يېتىپ باردى . ئاشۇ يوقىتىشلارغا بىر پەرۋا قىلمىغان بىلەن بىز ھەدېگەندىلا «يىپەك يولىدىكى ئەجنەبىي ئالۋاستىلار» دەپ تىللاشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن ، مەدەنىيەت دېگەننى ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ چۈشىنىدىغان چەت

ئەللىكلەر چىداپ تۇرالمىدى .

80 - يىللارنىڭ بېشىدا ياپونىيە «زىلۇجامى» شىركىتىنىڭ باشلىقى ، بۇددا دىنى پاك دۇنيا مەزھىپىنىڭ راھىبى كوجىما ياسنورى ئەپەندى تۇنجى قېتىم باي ناھىيىسىدىكى قىزىل مىڭئۆيگە كەلدى . ئۇ مىڭئۆيلەردىكى نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرى سىزىلغان نەپىس تام رەسىملىرىگە قاراپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى . ئۇ 1981 - يىلى بۇددا دىنىدىن مول ھەم چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ھىندىستانغا بارغاندىمۇ بۇنچە نەپىس بۇددا تام سۈرەتلىرىنى كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولالمىغانىدى . ئۇ شۇ تاپتا ئۆزى خېلى ئىلگىرىلا گۇمان قىلىپ كېلىۋاتقان «دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئاچقۇچى تارىم ۋادىسىدا كۆمۈلۈپ ياتماقتا» دېگەن ئىلمىي ھۆكۈمگە قايىل بولماي ھەددى ئەمەسلىكىنى ، نەپىس تام سۈرەتلىرىدىن ئاشۇ ئالتۇن ئاچقۇچنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندەك بولغانلىقىنى ھېس قىلدى .

ئۇزۇن يىللار داۋامىدىكى بوران - چاپقۇنلارنىڭ ئۇپرىتىشى ، ئادەملەرنىڭ بۇزۇۋېتىشى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە چەت ئەللىك ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ تامدىكى سۈرەتلەرنى سويۇۋېلىشى تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئېچىنىشلىق ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى . بۇلارنى كۆرۈپ كوجىما ياسنورى ئەپەندى ئىنتايىن ئازابلاندى . ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارغان ۋاڭ شىتيەن ئەپەندى ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ : «ئەگەر سىز 100 مىڭ يۈەن چىقىرىپ بۇ يەردە دۇئا تىلاۋەت قىلىدىغان مەخسۇس بىر تاشكېمىر بەرپا قىلسىڭىز تېخىمۇ ياخشى بولغان بولاتتى» دەپ چاقچاق قىلدى . كوجىما ياسنورى ئۇنىڭ بۇ چاقچىقىنىڭ ياخشى نىيەت بىلەن ئېيتىلغان چاقچاق ئىكەنلىكىنى بىلدى . كوجىما ئەپەندى ئۇنىڭ چاقچىقىغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلغان ھالدا : «بولىدۇ ، مەن پۇل چىقىراي ، مەخسۇس دۇئا - تىلاۋەت قىلىدىغان كېمىرنى ياساشقا كەلسەك ، ئۇنى ياسىمىساقمۇ بولىدۇ . بۇ يەر ئېغىر

بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپتۇ. پۇلنى بۇ تاشكېمىرلەرنى رېمونت قىلىشقا ئىشلەتسەكمۇ بولىدىغۇ!» دەپتۇ.①

دەرۋەقە ئۇزۇن ئۆتمەي شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى كوجىما ياسىنورى ئەۋەتكەن پۇلنى تاپشۇرۇۋالدى. كوجىما ياسىنورى بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالمىدى. ئۇ قەتئىينىيەتكە كېلىپ، ياپونىيىدە 100 مىليون ياپونىيە يېنى ئىئانە توپلاپ قىزىل مىڭئۆينى رېمونت قىلىشقا ياردەم بېرىش نىيىتىگە كەلدى.

«كوجىما ياسىنورى ئەپەندى دەرھال سابىق تاشقى ئىشلار ۋەزىرى جوڭشەن تەيلاڭنى بەخرىي مەسلىھەتچىلىككە، شاڭسۇن خۇاڭشى ئەپەندىنى مۇدىرىيەت باشلىقلىقىغا، جەمئىيەتتىكى بىر نەچچە مەشھۇر ئەربابنى غوللۇق مەسئۇل كىشىلەر قاتارىدا تەكلىپ قىلىپ، 1987 - يىلى 11 - ئايدا ‹ياپونىيە قىزىل مىڭئۆينى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئاسراش دوستلۇق جەمئىيىتى› نى قۇردى. 100 مىليون ياپونىيە يېنىنى توپلاش ئۈچۈن كوجىما ياسىنورى ئەپەندى توپتوغرا ئىككى يىل تەرلەپ - پىشىپ ئىشلىدى. ياپونىيىدە دۇنخۇاڭ ناھايىتى مەشھۇر ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدا قىزىل مىڭئۆينىڭ بارلىقىنى بىلىدىغان كىشىلەر ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. كوجىما ياسىنورى تەشۋىقات قوللانمىسى، پروپېكسىيە سۈرەتلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، جەمئىيەت تايانچلىرىنىڭ ھەر جەھەتتە ياردەمدە بولۇشى، 3000 دىن ئارتۇق كىشىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىلىق ئىئانە قىلىنىدىغان پۇلنىڭ قالغان قىسمىنى تولۇقلاپ، 100 مىليوندىن كۆپرەك ياپونىيە يېنىنى 1988 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىگە تەقدىم قىلدى».②

ئەمما، كوجىما ياسىنورى ئەپەندىنىڭ ئىككى يىل تەرەپ -

①  ② جاڭ تىڭۆيى: «كوجىما ياسىنورى ۋە شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 2000 - يىلى 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىكى سانى، 2 - بەت.

تەرەپكە قاتراپ ئىئانە توپلىشى، 3 مىڭدىن ئارتۇق ياپونىيىلىكنىڭ قان - تەر بەدىلىگە كەلگەن توپلاپ ئەۋەتىلگەن ئاشۇ پۇللار دەل جايىغا ئىشلىتىلدىمۇ؟

«ياپونىيىلىك دوستلار مىڭئۆي تام رەسىملىرىنى ئاسراش - رېمونت قىلىش ئورنى قۇرۇشقا يېتەرلىك مەبلەغ ئاجرىتىپ بېرىپتۇ، بىز بۇ ئورۇننى مىڭئۆي تام رەسىملىرى جايلاشقان ئورۇنلارغا ئەمەس، ئۈرۈمچىدەك ئاۋات شەھەرگە قۇرۇۋالدۇق. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ ياپونىيە ھۆكۈمىتى مەخسۇس مىڭئۆي تام رەسىملىرىنى قوغداش، رېمونت قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىڭلار دەپ بەرگەن ئېسىل ماشىنىلاردا ھازىر كىملەر ئولتۇرۇۋاتىدۇ؟ ھەر يىلى ياپونىيىلىك نۇرغۇن ساياھەتچىلەر قىزىل مىڭئۆي ئالدىغا توپلىشىپ كومارا جىۋاغا ئاتاپ مەخسۇس دۇئا - تىلاۋەت قىلىدۇ. مىڭئۆي تام رەسىملىرىگە ئىخلاس بىلدۈرىدۇ. بىزدە مۇشۇ ئېسىل سەنئەت سەيلىگاھلىرىغا بېرىپ زىيارەت قىلىپ كەلگەن كىشىدىن نەچچىسى چىقار؟»①

2000 - يىلى ئاپرېل ئايلىرىدا مەدەنىيەت ساھەلىرىمىزدە كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان يەنە بىر خەۋەر تارقالدى: «مىڭئۆيلەرنىڭ ئالىسى ب د ت گە يەتتى».

شۇ يىلى 8 - ئاپرېلدىن 10 - ئاپرېلغىچە ب د ت مائارىپ، پەن - مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ ئەمەلدارلىرىدىن مۇكارا، فوداۋلىڭزى، ياپونىيە تاشقى ئىشلار ۋازارىتىنىڭ ئەمەلدارى بېي جوڭگۇەنزى قاتارلىق 12 كىشى ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ 2 مىليون 500 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى (20 مىليون 570 مىڭ يۈەن خەلق پۇلىغا باراۋەر) نى قۇمتۇر مىڭئۆيىنى قوغداش - رېمونت قىلىشقا ھەقسىز ياردەم قىلىشنى جاكارلىشى نەتىجىسىدە ئالاھىدە كۇچاغا كېلىپ بۇ تۈرنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى

① ئابدۇكېرىم نەسرىدىن: «ۋىجدانسىزلىق ئىچىدە تۆكۈلگەن كۆز ياش»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2000 - يىلى 3 - سانى، 18 - بەت.

تەكشۈرۈپ دەلىللىدى ھەمدە بىرىنچى تۈركۈمدە 1 مىليون 250 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ياردەم قىلىشقا پرىنسىپ جەھەتتىن قوشۇلدى .

دىيارىمىزدىكى يوقىلىشقا يۈزلىنىۋاتقان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قۇتقۇزۇپ قېلىشقا قىلىنغان بۇنداق يۈكسەك ئىنسانپەرۋەرلىك روھىغا ئىگە ئەھمىيەتلىك پائالىيەت بىز خەقنىڭ مەنىۋىيىتىدە كۈچلۈك سىلكىنىش پەيدا قىلىشى ، بۇ ھەقتە بىزدە ئىلمىي بەس - مۇنازىرىلەر ئېلىپ بېرىلىشى لازىم ئىدى !

بۇ ساخاۋەتلىك ئىشتىن قەلبى لەرزىگە كېلىپ ھاياجاندىن نەچچە كېچىنى ئۇخلىيالماي تاڭغا ئۇلىغۇەتكەن مۇئەللىپ بۇ ھەقتە بىر پارچە ماقالە يېزىپ زور ئۈمىدلەر بىلەن ئاقسۇدىكى بىردىنبىر ئەدەبىي مەجمۇئە — «ئاقسۇ ئادەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە ئاپىرىپ بەرگەنىدى . مىڭ ئەپسۇس ، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» بۇ ئىشقا تولىمۇ سوغۇق مۇئامىلىدە بولدى . ماقالە تەھرىر بۆلۈمىدە بىر مەزگىل بويۇن قىسىپ تۇرغاندىن كېيىن ، ئاخىر يەنە ئاپتورنىڭ قولىغا قايتىپ كەلدى !

ئېچىنىدىم ، مەدەنىيەت تارماقلىرىدا ئىشلەپ تۇرۇپ مەدەنىيەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان ، مۇھەررىرلىكنى خەلقىمىزدە ئۆزلۈك ئېڭى يېتىلدۈرۈپ ، ئۇلارنى مەنىۋى مۇكەممەللىككە يېتەكلەشتەك ئەڭ زور مەسئۇلىيەت دەپ قاراشنىڭ ئورنىغا ئۇنى بىر خىل ھوقۇق دەپ بىلىش ، ئىناۋەت تېپىشنىڭ ، باشقىلارنى ئۆزىگە خوش - خۇش دېگۈزۈۋېلىشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋېلىش ئۇچىغا چىققان قارا قورساقلىق . يەنە كېلىپ ئۇ تولىمۇ قورقۇنچلۇق ئىدىيە !

مۇھەررىرلىك قانداقتۇر بىرەر ئەمەلدار تۇغقىنى ياكى يۇرتدىشىنىڭ سايىسىدە كىرىپ ئولتۇرۇۋالسا بولىۋېرىدىغان چۆپقەت ئۇستىلى ئەمەس ! ئۇ ئاجايىپ كۈچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ، كەڭ دائىرىلىك بىلىم قۇرۇلمىسىغا ، كۈچلۈك ئۆزلۈك ئېڭىغا ئىگە

www.uyghurkitap.com

بولۇشنى ، ھەر دائىم ئەمەلدار چۆپقەتلىرىنىڭ يولىشى بىلەن ئەمەس ، بەلكى ئۆز ئىقتىدارىغا تايىنىپ ئۆرە تۇرۇشىنى تىلەپ قىلدىغان كەسىپ !

مەملىكەت بويىچە تاشكېمىر ئومۇمىي سانىنىڭ ئۈچتىنبىرسى ، شىنجاڭدىكى تاشكېمىر ئومۇمىي سانىنىڭ 80 % نى ئىگىلەيدىغان ئاقسۇ دىيارىنىڭ ئەدەبىياتى كۆز قىرىنى سېلىپ قويۇشقىمۇ ئەرزىمىگەن ئاشۇ ماقالە پۈتۈن ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىنىڭ ئەڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشىپ كېلىۋاتقان نوپۇزلۇق ژۇرنال — «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» دە يورۇقلۇققا چىقتى .

ئاۋرېل ستەيىن ، ئالبېرت گرونۋېدىل ، فون لېكوك ، پائول پېللىئوت ، ئوتانى كوزى ، ۋالدىشمىد ، گوبائىن خانىمدەك چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ كاتتا ئەسەرلەرنى يېزىپ سۆھرەت قازىنىشقا ئېما بولالىغان ئاشۇ مىڭئۆيلىرىمىز بۈگۈنكى كۈندە ھەقىقىي ئىگىسىنىڭ قولىدا چەتكە قېقىلماقتا !

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مىڭئۆيلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۈسەنشۇناسلىق تەتقىقاتىغا بىر ئوبدان ئورۇن بېرىپ كېلىۋاتقان «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» نىڭ «يۇرتىمىز تارىخىدىن سۆز» سەھىپىسى مۇھەررىر يەڭگۈشلىنىشى سەۋەبلىك چۆلدەرەپ قالماقتا ! بۇ ھەقتە يېزىلغان تەتقىقات ماقالىلىرى تولا تەكرارلىنىپ ، مەززىسى قالمىغان ، چاكىنا ، تېتىقسىز ئىشقىي شېئىر - قوشاقلارنىڭ يەكلىنىشىگە ئۇچرىماقتا !

قاراپ باقايلى ، «ئىشقىي ئوتۇڭ بۇ جىسمىمنى قىلدى بەركاۋاپ ، ياكى يۈز ئۆرۈدۈڭمۇ بەرگىن يار جاۋاب » ① دېگەنگە ئوخشاش ئىشىكنى دوم تاقىۋېلىپ زورمۇزور يېزىلغان ئىشقىي شېئىر - قوشاقلارنىڭ ۋەزنى ئېغىرمۇ ياكى «مىڭئۆيلىرىمىزنىڭ ئالىسى ب د ت گە يەتتى» دېگەن ماقالىنىڭ ۋەزنى ئېغىرمۇ ؟

① «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» نىڭ 2000 ـ يىلى 3 ـ سانى ، 103 ـ بەت .

خەلقىمىزگە زورمۇزور توقۇپ چىقىرىلغان، قىلچە يېڭىلىقى بولمىغان، ئۇلارنىڭ ئاچقان يېرىگە بارالمايدىغان، قۇرۇق، لاۋزا ئىشقىي شېئىر - قوشاقلار مۇھىممۇ ياكى ئۇلارنى ئۆز ئەجدادىدىن قالغان مەدەنىيەت مىراسلىرىنى سۆيىدىغان، قوغدايدىغان، شۇ ئارقىلىق ئۇلاردا ئۆز خەلقى، يۇرتى، مەدەنىيىتىنى، ئۆز - ئۆزىنى قايتا تونۇيدىغان، ئۇلۇغلايدىغان ئۆزلۈك ئېڭىغا يېتەكلەيدىغان ئەسەرلەر كېرەكمۇ؟

نامراتلىق دەستىدىن ئەتىكى تۇرمۇشىنىڭ غېمىدە تېپىرلاۋاتقان، پەۋقۇلئاددە قىسمەتتە ياشاۋاتقان نىمجان خەلقنىڭ قۇلىقىغا ئاشۇنداق شېئىرلار كېرەرمۇ؟ ئەلۋەتتە بىزگە شېئىر لازىم. لازىم بولغاندىمۇ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى، قۇتلۇق شەۋقى، مەمتىلى ئەپەندى، ئەخمەتجان ئوسمان، ئادىل تۇنىياز ۋە مەرھۇم غەنى رەشىدىلەرنىڭ ئادەمنىڭ ئەڭ زىل تۇيغۇلىرىنى تىترىتەلەيدىغان شېئىرلىرىدەك شېئىر لازىم.

ئىككى جىنسنىڭ بىر - بىرىگە ئىنتىلىشى ئەلمىساقتىن تارتىپ داۋام قىلىۋاتقان تۇيغۇ. ھەممە ئادەمنىڭ قەلبىدە ساقلىنىدىغان ئاشۇ فىزىئولوگىيىلىك تۇيغۇنى دۇنيا تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان، ئۇچۇر دولقۇنى تېز سۈرئەتتە يامراۋاتقان بۈگۈنكى تېخنىكا ئىنقىلابى دەۋرىدە يەنىلا شۇ ئىپتىدائىي مەنىسى بويىچە تەكرارلاۋېرىشنىڭ ئۆزى تەپەككۇر قاتماللىقى ۋە مەتبۇئات ئىسراپچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، خالاس! يەنە كېلىپ ئاشۇ تۇيغۇ ئادەمدىلا ئەمەس ھايۋانلاردىمۇ بولىدۇ، شۇڭا ئېشەك جىنىدا جۈپتىنى سېغىنسا ھاڭرىيالايدۇ.

ئەلۋەتتە، مۇھەببەت ئۇلۇغ تېما. بىراق، ئۇ ئۆزلۈكسىز تۈردە يېڭىلىنىپ، تاكامۇللىشىپ بېرىشى لازىم. بولمىسا ئېشەكنىڭ ھاڭرىشىدىن پەرقسىز بولۇپ قالىدۇ.

مەرھۇم ئالىمىمىز ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» ناملىق كىتابىنى قولۇمغا ئالساملا

كىتابنىڭ باش قىسمىغا بېرىلگەن سۈرەتلەرگە تويماي قاراپ كېتىمەن . بۇلاردىن 1905 ـ يىلى تارتىلغان بىر سۈرەت ھەممىدىن بەك مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ . بۇ رەسىمدە نېمىس ئېكسپېدىتسىيەچىلىرىدىن فون لېكوك ، پارتوئۇنس قاتارلىقلارنىڭ 1905 ـ يىلى 8 ـ ئايدا تۇرپاندىن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئېلىپ مېڭىش ئالدىدىكى مەغرۇر ھالىتى بىلەن ئاشۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ياراتقان خەلقىمىزنىڭ بىچارە ھالىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن .

ئاشۇ سەرخىل مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى بولغان ئۇيغۇرلار شۇنداق چۈشكۈنكى خۇددى ئوچۇق سوتتا ئەيىبلىنىپ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەردەك يەردىن ئۇستۇن قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي تولىمۇ مەيۈس ھالەتتە بولۇپ ، چىرايىدىن غەمكىنلىك ، نامراتلىق ، غېرىبلىق تۆكۈلۈپلا تۇرىدۇ . ئەمما ، دەل ئاشۇ بىچارە خەلقنىڭ ئەجدادلىرى سىزغان مىڭئۆي تام سۈرەتلىرىدە بولسا ئۇيغۇرلىرىمىزنىڭ ناھايىتى جۇشقۇن ، مەردانە ، كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق قىياپەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن .

يۇقىرىقى ئىككى خىل سېلىشتۇرمىدىن بىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇددىزم مەدەنىيىتى خارابلاشقاندىن كېيىنكى ، بولۇپمۇ يىپەك يولى زاۋاللىققا يۈز تۇتقاندىن كېيىنكى ، ماددىي ۋە مەنىۋى ئېچىرقاش تۇپەيلىدىن تولىمۇ غېرىبلىق ھالىتىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز .

ئۆز نۆۋىتىدە بۇ خىل سېلىشتۇرما يەنە باشقىلارنى ئاشۇ جاھانشۇمۇل قىممەتكە ئىگە مەدەنىيەت گۆھەرلىرىنى ئۇيغۇرلارنىڭ رۇياپقا چىقارغانلىقىغا ئىشەنمەس قىلىۋەتكەن . شۇڭا ، ستەيىن قىلچە تەپ تارتماي «غەربىي يۇرت ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى» ناملىق ئەسىرىدە : «تارىم ۋادىسىدا ياشايدىغان بىچارە ئاھالە پەقەت ھىندىستان بۇددىزم مەدەنىيىتى ئارقىلىقلا ئۆز قەددىنى

رۇسلىشىۋالىدى» ① دېسە، ئۇنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرىنى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغان دۇنخۇاڭشۇناس ئالىم شاڭدا ئەپەندى: «غەربىي يۇرتتا ئەزەلدىن مەدەنىيەت بولمىغان، غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى ھىندىستان مەدەنىيىتىنىڭ ئېشىندىلىرىغا ئېرىشىشتىن ھاسىل بولغان» ② دەپ چۈيلىدى.

فون لېكوك 1902 ـ يىلى قىزىل مىڭئۆيگە كېلىپ 104 ـ نومۇرلۇق تام رەسىمدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن گالستۇك تاقاپ خۇددى ياۋروپالىقتەك كىيىندۈرۈلگەن بىر كىشىنىڭ رەسىمىنى تىلغا ئېلىپ: «كۇچا ئەتراپىدىكى مىڭئۆيلەر ۋىزانتىيە ئۇستىلىرىنىڭ قولىدىن چىققان بولۇشى مۇمكىن» ③ دېگەن سەپسەتىسىنى بازارغا سالدى.

ئەمما، ئامېرىكا ئالىمى مىگرېۋىن، جۇڭگو ئالىملىرىدىن گۇباۋ، جۇچىڭباۋ، سۇ بېيخەي قاتارلىقلارنىڭ مىڭئۆي تام رەسىملىرىدىكى نەق پاكىتلار ئاساسىدا يېزىلغان رەددىيە ماقالىلىرى ستەيىن، شاڭ دالارنىڭ سەپسەتىسىنى بىتچىت قىلدى. گابائىن خانىم 104 ـ نومۇرلۇق قىزىل مىڭئۆي تام رەسىمىدىكى گالستۇك تاقىغان ئادەمنىڭ نەق ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى پاكىت ئارقىلىق ئېنىقلاپ، «گالستۇك» دېگەن سۆزنىڭ «گالغا ئاستۇق» دېگەن ئۇيغۇر تىلىدىن كەلگەنلىكىنى، گالستۇكنى ئەڭ بۇرۇن ئۇيغۇرلار ئىجاد قىلغانلىقىنى تەتقىقات ئارقىلىق ئىسپاتلاپ خەلقئاراغا جاكارلىدى.

مۇبادا مىڭئۆي تام رەسىملىرىمىزدە غەربىي يۇرتنىڭ تىپىك مەدەنىيەت ئۇچىقى ئىكەنلىكىنى، گالستۇكنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجاد قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان تام سىزمىلىرى بولمىغان بولسا ئاشۇلارنىڭ ئالجىشلىرى بازار تېپىپ قالغان بولارمىدى؟

①② ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى، 444 ـ بەت.

③ ئابلىز مۇھەممەد سايرامى: «قىزىل مىڭئۆيى ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1983 ـ يىللىق 3 ـ سانى، 115 ـ بەت ۋە «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 1997 ـ يىلى 11 ـ نويابىردىكى سانى، 3 ـ بەت.

## 5 . قىزىل مىڭئۆي ئاكىسى تۇرۇپ مۇڭلاندى، موگاۋ مىڭئۆي ئۇكىسى تۇرۇپ جانلاندى

2000 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ۋاڭ لېچۈەن ، ئابلەت ئابدۇرېشىت قاتارلىق ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى «خەلق گېزىتى» ، شىنخۇا ئاگېنتلىقى ، «نۇر گېزىتى» ، «ئىقتىساد گېزىتى» ، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن ئىبارەت ئالتە ئاخبارات ئورنىنىڭ شىنجاڭغا كەلگەن زىيارەت ئۆمىكىنى كۈتۈۋالدى .

ۋاڭ لېچۈەن ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرگە مۇنداق دېدى : «كۇچادىكى قىزىل مىڭئۆينىڭ تارىخى دۇنخۇاڭدىكى مۇگاۋ مىڭئۆينىڭكىدىن 300 يىل ئۇزۇن ، بۇ يەردە شەرق ، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ سىڭىشىش ئالاھىدىلىكى دۇنخۇاڭنىڭكىدىن روشەن . ئارخېئولوگلار قىزىل مىڭئۆيگە يۇقىرى باھا بەردى . لېكىن ، بۇ جاي نېمە ئۈچۈن دۇنخۇاڭغا ئوخشاش ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلالمايدۇ ؟ ئاچقۇچلۇق مەسىلە شۇكى ، بۇ يەردە دۇنخۇاڭنىڭكىدەك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلمىغان ۋە يۇرۇشلەشتۈرۈلمىگەن . دۇنخۇاڭغا ئوخشاش قۇرۇلۇش ئېلىپ بارغاندىلا ، تارىخىي مەدەنىيەتنىڭ بۇ قىممەتلىك ئاسارئەتىقىسى پارلاق نۇر چاچىدۇ » .①

دۇرۇس ، يىپەك يولى بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم مەركىزى ، جۇڭگو بۇددىزمىنىڭ ئىككىنچى ئانا يۇرتى دەپ تەرىپلەنگەن كۇسەندە رۇياپقا چىققان مىڭئۆيلەر مىلادىيىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە بۇددا دىنىنىڭ غەربىي يۇرتقا تارقىلىشىغا ئەگىشىپ پەيدىنپەي راۋاجلانغان .

«تارىخ ، مەدەنىيەت قىممىتى جەھەتتىن قارىغاندا كۇسەن

① «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» ئۇيغۇرچە نەشرى ، 2000 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈندىكى سانى ، 3 ـ بەت .

تاشكېمىرلىرى بىلەن دۇنخۇاڭ تاشكېمىرلىرى جۇڭگونىڭ غەربىدىكى بۇددىزم سەنئىتىنىڭ ئىككى مۆجىزىسى ھېسابلىنىدۇ. بىراق، ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا كۇسەن تاشكېمىرلىرىنىڭ داڭقى دۇنخۇاڭ مۇگاۋ تاشكېمىرلىرىنىڭكىگە پەقەتلا يەتمەيدۇ. روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىدىغىنى شۇكى، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى كۇسەنشۇناسلىق تەتقىقاتى قىزغىنلىقى ئەمدىلەتىن باش كۆتۈرۈۋاتىدۇ. تەتقىقاتلارنىڭ كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇق دەرىجىسىمۇ خېلىلا يۇقىرى سەۋىيىگە يەتتى. نۆۋەتتە كۇسەنشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ سەۋىيىسى خېلى يۇقىرى دەپ قارالغان ئەللەردىن گېرمانىيە، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بار. ئىلگىرى موگاۋ تاشكېمىرلىرى دۇنخۇاڭدا، دۇنخۇاڭشۇناسلىق تەتقىقاتى چەت ئەللەردە ئىدى. مانا ئەمدىلىكتە بىزمۇ شۇنداق ئېيتىمىزكى، كۇسەن تاشكېمىرلىرى شىنجاڭدا، كۇسەنشۇناسلىق تەتقىقاتى چەت ئەللەردە بولۇۋاتىدۇ. دۆلەت ئىچى دۇنخۇاڭشۇناسلىق ساھەسىدىكىلەرنىڭ ھارماي - تالماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن، بولۇپمۇ 1990 - يىلى دۇنخۇاڭ تەتقىقات ئاكادېمىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن دۇنخۇاڭشۇناسلىق تەتقىقاتى دۇنخۇاڭغا قايتىپ كەلدى. ئىگىلىنىشىچە دۇنخۇاڭ تەتقىقات ئاكادېمىيىسىدە ھازىر 200 دىن ئارتۇق خىزمەتچى خادىم بار ئىكەن. ئەمما، 1985 - يىلى قۇرۇلغان شىنجاڭ كۇسەن تەتقىقات ئورنىدا 40 ~ 50 چە ئادەم بار بولۇپ، ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئاران 10 دىن ئاشىدىكەن».[1]

دۇنخۇاڭ تەتقىقات ئاكادېمىيىسى كۈچلۈك تەتقىقات قوشۇنى بەرپا قىلىپ «دۇنخۇاڭ تەتقىقاتى» ناملىق ژۇرنالنى نەشر قىلىپ، دۆلەت ئىچى دۇنخۇاڭشۇناسلىق تەتقىقاتى نەتىجىلىرىنى ئېلان قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلقئارا ئىلىم ئالماشتۇرۇش

① خەنزۇچە «ئاقسۇ گېزىتى» نىڭ 2000 - يىلى 5 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىكى ئالاھىدە سانى، 2 - بەت.

پائالىيەتلىرىنى كۆچەيتىپ، دۆنخۇاڭنىڭ دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتتى.

يەھۇدىي نەسەبىدىن بولغان ئەنگلىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى، ئارخېئولوگ ستەيىن 1907 - يىلى دۆنخۇاڭغا كېلىپ نوم - ھۆججەت يوشۇرۇنغان مەخپىي كېمىردىن 24 ساندۇق كىتاب ۋە سۈرەت ھەمدە بەش ساندۇق باشقا ئاسارىئەتىقىنى 200 سەر كۈمۈشكە سېتىۋېلىپ قايتتى. شۇنىڭدىن بۇرۇن دۆنخۇاڭ موگاۋ مىڭئۆيىنىڭ ھېچقانچە تەسىرى يوق ئىدى. پەقەت ستەيىن ئۇنى دۇنياغا جاكارلىغاندىن كېيىنلا، ئاندىن دۆنخۇاڭ خەلقئاراغا تونۇلۇشقا باشلىدى. پېللىئوت، ئوتانى كوزى قاتارلىق چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى تۆشمۆتۆشتىن دۆنخۇاڭغا كېلىپ، نۇرغۇن ھۆججەت ۋەسىقىلەرنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بۇ ھۆججەت ۋەسىقىلەر ئۆز نۆۋىتىدە دۆنخۇاڭشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ خەلقئارالىشىشىنى تېزلىتىشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا دۆلەت دۆنخۇاڭ مىڭئۆيىدە يۇرۇشلەشكەن مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىنى تېزلەتتى. ئايرودروم، تاشيول، قونالغۇ قاتارلىق شارائىتلارنى ياخشىلىغاندىن باشقا، 90 - يىللارنىڭ بېشىدىلا تام رەسىملىرىنى كومپيۇتېر ئامبىرىغا كىرگۈزۈپ، ساقلاش ۋە تەتقىق قىلىش تۆرىنى يولغا قويغانىدى.

خەنزۇچە «خەلق رەسىملىك ژۇرنىلى» نىڭ 2000 - يىلى 9 - سانىدا يېزىلىشىچە، دۆنخۇاڭ تەتقىقات ئاكادېمىيىسى «دۆنخۇاڭ سەنئىتىنى كومپيۇتېرنىڭ ياردىمىدە ئاسراش ۋە تەتقىق قىلىش تېخنىكىسى» ۋە باشقا تۆت چوڭ ئالاقىدار پەن - تەتقىقات نەتىجىلىرىنى 2000 - يىلى گېرمانىيىنىڭ ھانوۋېردا ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا يەرمەنكىسىگە قاتناشتۇرغان. دۆنخۇاڭ تام رەسىملىرىنىڭ كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈلۈشى دۆنخۇاڭدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئاسراش ئىشلىرىنىڭ رەقەملىك ئۇچۇر دەۋرىگە رەسمىي كىرگەنلىكىدىن بېشارەت بېرىدۇ.

نۆۋەتتە يەنە دۆنخۇاڭ ئاكادېمىيىسى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا چېچىلىپ ياتقان دۆنخۇاڭ ۋەسىقىلىرىنى رەتلەپ دۇنياۋى خاراكتېرىگە ئىگە «دۆنخۇاڭ ۋەسىقىلىرى ئومۇمىي بىبلىئوگرافىيىسى»نى جىددىي تۈزۈۋاتىدۇ.

مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ دۆنخۇاڭ مىڭئۆيىنىڭ مەخپىي غارىدىن نوم ـ بېتىكلەر بايقالغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، 2000 ـ يىلى كۆرسەتكەن تېلېۋىزىيە خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، دۆنخۇاڭدىكى نۇقتىلىق مىڭئۆيلەرگە ئاپتوماتىك ھاۋا تەڭشىگۈچ ئورنىتىلغان.

يۇقىرىقىدەك ئىچكى ـ تاشقى ئەۋزەل شارائىت دۆنخۇاڭ مىڭئۆيىنىڭ دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى داڭقىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرغان. ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە، 2000 ـ يىلىدىكى ماي ئېيى ساياھەت ھەپتىلىكىدە دۆنخۇاڭغا كەلگەن ساياھەتچىلەر 100 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن، ھەتتا دۆنخۇاڭ مىڭئۆيىنى باشقۇرغۇچى ئورۇن ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋېلىشتا تويۇنۇش باسقۇچىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

دېمەك، قىزىل مىڭئۆينى ئاساس قىلغان كۇسەن تاشكېمىر تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقات ئاپپاراتى ئاجىز، ئادەم سانى ئاز بولغانلىقى ئۈستىگە ساپاسى ئانچە يۇقىرى ئەمەس. ئۇيغۇر تەتقىقاتچى خادىملار يوقنىڭ ئورنىدا، مەخسۇس نەشر ئەپكارلىرى يوق. خەلقئارادا ئىلىم ئالماشتۇرۇش سەۋىيىسى چەكلىك. تەشۋىقات سالمىقى زور ئەمەس. قوغداش، تەتقىق قىلىش ۋە تەتقىقات ئەسلىھەلىرى تولۇق بولمىغانلىقى ئۈستىگە قالاق، كونا ھالەتتە. يول، قاتناش، قونالغۇ ۋە باشقا يۈرۈشلەشكەن مۇئەسسەسەلەر مۇكەممەل ئەمەس. كومپيۇتېرنى ئاساس قىلغان زامانىۋى ئۈچۈر ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىشى بىلەن بولغان ئارىلىقى نىسبەتەن يىراق، خىراجەت ئېغىر دەرىجىدە كەمچىل. بۇ ھال كۇسەن قىزىل مىڭئۆينىڭ ئاكىسى تۈرۈپ مۇڭلىنىشىنى، دۆنخۇاڭ موگاۋ

مىڭئۆينىڭ ئۈكىسى تۇرۇپ جانلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## 6 . بىزدىكى كەمتۈكلۈك

▲ چەت ئەللىكلەرنىڭ توم - توم كىتابلارنى يېزىشىغا ئىمكان بولالىغان مىڭئۆيلىرىمىز ئالىملىرىمىزنىڭ نەزىرىدىن يىراقتا قالدى . بىزدە بۇ ھەقتە ئاران دېگەندە بىر ئەسەر يېزىلىپ كىتاب تەننەرخى ، تىراژ كەمچىل بولۇش قاتارلىقلار تۈپەيلىدىن بېسىلىپ قالدى . ئاخىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىلمىي ئەسەرلەرنى نەشر قىلىش فوندىنىڭ ياردىمىدە ئاران دېگەندە بىز بىلەن يۈز كۆرۈشتى .

دەرۋەقە ، خۇددى كۇسەن تاشكېمىر تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى خۇ شۇچۇ ئەپەندى ئېيتقاندەك «مىڭئۆيلەر بىزدە بولغىنى بىلەن مىڭئۆيشۇناسلىق تەتقىقات چەت ئەللەردە بولۇۋاتىدۇ» . ھازىرغىچە ئاۋرېل ستەيىننىڭ «قەدىمكى خوتەن» ؛ گرون ۋېدىلنىڭ «ئىدىقۇت شەھرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك خىزمەتتىن دوكلات» ، «قەدىمكى كۇچا» ؛ فون لېكوكنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سەنئەت ۋە مەدەنىيەت رەسىملىرى تارىخىي توپلىمى» ، «جۇڭگودىكى غەربىي يۇرتتا ساقلىنىۋاتقان گۆھەرلەر» ؛ پائۇل ، پېللىئوتنىڭ «تۇمشۇق» (رەسىملەر توپلىمى ) ، «قۇجۇ ۋە قاراخوجا» ؛ ئوتانى كوزىنىڭ «يېڭى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» ؛ ۋالدىشمىدىنىڭ «قەندىھار ، كۇچا ، تۇرپان» ؛ بېرگماننىڭ «شىنجاڭدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش» ؛ گاباىننىڭ «ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىدە تۇرمۇش» ؛ ن . ۋ . ساكونۋاۋەس . س . سوروكىدىنىڭ «قەدىمكى خوتەن» ؛ خاتانى لياۋتەينىڭ «خوتەن بۇددىزمى ھەققىدە» ، «قىزىل ئىبادەتخانىلىرىدىكى بۇددىزم سەنئىتى» ، «ئوتتۇرا ئاسىيا بۇددىزمىنىڭ خۇسۇسىيىتى» ، «غەربىي يۇرت بۇددا مەدەنىيىتىگە مۇقەددىمە» ، «غەربىي يۇرت بۇددا سەنئىتىگە مۇقەددىمە» ، «غەربىي يۇرت بۇددا نوملىرىغا مۇقەددىمە» ؛ خاياشىننىڭ

«غەربىي يۇرت» ؛ خارادا تۇشى ھىتونىڭ «غەربىي يۇرتتىن تېپىلغان رەسىملەردىكى كىيىم تەتقىقاتى» ؛ ئاكىياماموۇ ئوموۇنىڭ «پېلىئوت سۇ بېشىدىن تاپقان ئۈچ جەسەت كۆلى قۇتۇسى» ؛ ۋىنوتېرىئونىڭ «غەربىي يۇرت رەسىمى» ، «غەربىي يۇرت ھەيكەلتىراشلىقى» ؛ ئوگاساكارا نوبوھېدىنىڭ «قۇجۇدا بۇددىزم ئوقۇتۇشى» ، «تۇرپاندا تېپىلغان دىنىي تۇرمۇشقا ئائىت قولىيازمىلار» ، «تۇرپان بۇددىزم تارىخىي تەتقىقاتى» ، «قىسقىچە غەربىي يۇرت بۇددىزم تارىخى» ؛ ئونوگىن مىياۋنىڭ «غەربىي يۇرت بۇددا سەنئىتىدىكى ئاساسىي ئېقىم» ؛ ت . ف . كاتانىڭ «تۇرپان ئۇيغۇرلىرىدا مەتبەئە تېخنىكىسى» ؛ كوماگاي نوبوئونىڭ «غەربىي يۇرت بۇددا رەسىملىرىنى سىزىش ئۇسۇلى» ، «بېزەكلىك 19 - كېمىرىدىن كەلتۈرۈلگەن تام رەسىمى» ، «غەربىي يۇرت ۋە ياپونىيە تام رەسىملىرى» ، «قۇمتۇردىن كەلتۈرۈلگەن بۇدساتۋا بېشى» ، «كۇچادىن كەلتۈرۈلگەن رەڭلىك جەسەت قۇتۇسى» ، «خوتەندىن كەلتۈرۈلگەن مىس بۇددىھا بېشى» ، «غەربىي يۇرت تەسۋىرىي سەنئىتى» ؛ سوزۇكى ئىئوجىنىڭ «كۇسەن مۇزىكا تەتقىقاتى» ، ستەيىنىنىڭ «غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى تام رەسىملىرى» ؛ گابائىنىنىڭ «قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقى» ؛ تاكاداكىكانىڭ «ستەيىن ۋە تارشا پۈتۈكلەر» ؛ نىشاداماسكىنىڭ «غەربىي يۇرت تەسۋىرىي سەنئىتىدىن ئوچېرىكلار» ؛ مازىموۇ توگەنجىنىڭ «كۇچا تام رەسىملىرىدىكى ئاجۇتوساتراخان ھېكايىسى» ، «خوتەن پادىشاھى ۋىساراتەڭرىخان ۋە موگاۋ كېمىرلىرى» ؛ يامازاكى كازىئونىڭ «غەربىي يۇرت تام رەسىملىرىدىكى بوياقلار» ؛ ساگوچى تورونىڭ «ئۇيغۇر بۇددىزم تارىخى» ؛ مامورو تاكاۋنىڭ «شىنجاڭ بېزەكلىكتىن چەتكە ئېلىپ كېتىلگەن تام رەسىملىرى ھەققىدە تەپسىرات» ؛ موريياسۇ تاكاۋنىڭ «ئۇيغۇرلار ۋە دۇنخۇاڭ» ؛ ۋ . ئا . لىتۋىنسكىينىڭ «غەربىي يۇرتتا بۇددىزم» ؛ لېكوكنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيادا مەخپىي خەزىنە ئېچىش خاتىرىسى» ؛ پېترخوپكېرىكنىڭ

«يېپەك يولىدىكى ئەجنەبىي ئالۋاستىلار» . . . قاتارلىق ئەسەرلىرى ئېلان قىلىندى .

ۋەھالەنكى ، ئاشۇ مىڭئۆيلەرنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى بولغان بىز خەقنىڭ مىڭئۆيشۇناسلىق تەتقىقاتى بويىچە يازغان ئەسەرلىرىنى ساناپ بېرىشكە ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ يۈزى قىزىرىدۇ . قۇربان ۋەلى ئەپەندىنىڭ «قىزىل مىڭئۆي ھېكايىلىرى» ۋە مەرھۇم ئالىمىمىز ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» ناملىق ئەسىرىدىن باشقا ، بۇ ساھەدە بىزدە تۈزۈكرەك مەخسۇس ئەسەرلەر ئىشلەنمىدى .

چەت ئەللىكلەر ھەتتا مىڭئۆي تام رەسىملىرىنى سىزىشتا ئىشلىتىلگەن بوياقلارنىمۇ تەتقىق قىلىپ ، مەخسۇس ئەسەرلەرنى يازدى ، ئەمما بىزدە بۇ ھەقتە خېلى مۇكەممەل بىر ئەسەر يېزىلىۋىدى ، كىتاب تەننەرخى ، تىراژىنى باھانە قىلىپ ، تۆت يىل بېسىپ ياتتۇق . مەرھۇم ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» ناملىق ئەسىرىنىڭ كىرىش سۆزىدە مۇنداق دەيدۇ : «مەن ئادەتتىكى كىتاب ۋە رەسىملىك ئالبوملاردا ياكى ھازىرقى تاشكېمىرلەردە بولمىغان ئۇزاق تارىخقا ، ئاجايىپ گۈزەل قىممەتكە ئىگە بولغان شىنجاڭ بۇددا سەنئىتى نەمۇنىلىرىنى تۆپلىشىم لازىم ئىدى . مەن گېرمانىيە ، ئەنگلىيە ، رۇسىيە ۋە ياپونىيىدە ساقلىنىۋاتقان ياكى 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان مۇنداق سەنئەت نەمۇنىلىرىنىڭ جۇلالىنىپ تۇرىدىغان رەڭدار رەسىملىرىنى يىغدىم . بۇ نەرسىلەرنى سېتىۋېلىشنىڭ ئۆزىمۇ بىراقلا ھەل بولىدىغان ئاسان سودا ئەمەس ئىدى» [1] «ئەسلىدە مەن بارغانسېرى بۇزۇلۇپ ۋە يوقىلىپ كېتىۋاتقان شىنجاڭ تاشكېمىر سەنئىتى نەمۇنىلىرىنى ئىمكانقەدەر كىتاب سەھىپىسىگە يۆتكەپ ، كىتاب شەكلىدىكى ‹مىڭئۆي› لەرنى

---

① ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن : «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1998 - يىلى 8 - ئاي نەشرى ، 2 - ، 4 - ، بەتلەر .

خەلقىمىزگە خاتىرە قىلىشنى ئارزۇ قىلغان ۋە يېتەرلىك رەسىملەر فوندى تەييارلىغانىدىم . ئەمما ، ھازىرقى كىتاب تەننەرخى ، نەشر قىلىش مۇشكۇللۇكى ، تىراژ كەمچىل بولۇش قاتارلىقلار تۈپەيلىدىن ، بۇ ئارزۇنى خاس شىنجاڭ تاشكېمىرلىرى سەنئەت ئالبومىغا قالدۇرۇپ ، پۈتۈن ھازىرلىغان رەسىملەرنىڭ ئاساسىي كۆپچىلىكىنى قىسقارتىش ، بېرىلگەن رەسىملەرنىڭ بىر قىسمىنى تىزگىنلەشكە توغرا كەلدى . بۇ مۇئەللىپ ئۈچۈن ئېغىر ئەپسۇستۇر » .①

دۇرۇس ، بۇ مۇئەللىپ ئۈچۈنلا ئەمەس ، بەلكى مىڭئۆي دىيارى خەلقلىرى ئۈچۈنمۇ كۆپ ئەپسۇس . قانداقلا بولمىسۇن «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىلمىي ئەسەرلەرنى نەشر قىلىش فوندىنىڭ ياردىمى بىلەن نەشرىياتتا نەچچە يىل بېسىلىپ يېتىپ ، 1998 - يىلى نەشر قىلىندى . ئۇيغۇر مىڭئۆيلەرگە چەكسىز مۇھەببەت باغلاپ بۇ ھەقتە مەخسۇس ئىزدىنىشنى مەسئۇلىيەت بىلگەن ، يۇقىرىقى ئەسەرنى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆز يېنىدىن 15 مىڭ يۈەن پۇل خەجلىگەن ئاپتور ئاشۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشكەنلىكىنى بىلسە قانچىلىك خۇشال بولار ئىدى ، ھە ؟ !

## 7 . بىزدە سەددىچىن سېپىلىنى بىلىدىغانلار مىڭئۆيلىرىمىزنى بىلىدىغانلاردىن ھامان كۆپ

مىڭئۆي جاۋاھىراتلىرىمىز خۇددى ئۇيغۇر 12 مۇقامىغا ئوخشاشلا مەدەنىيىتىمىزدىكى بىباھا خەزىنىدۇر . بىزدە مۇقام تەتقىقاتى جەھەتتە يۈرۈشلەشكەن كىتابلار نەشر قىلىندى . مۇقام ئانسامبىلى قۇرۇلۇپ مۇقام كۈيلىرى دۇنيا سەھنىلىرىدە ياڭرىدى ،

---

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن : «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1998 - يىلى 8 - ئاي نەشرى ، 2 - ، 4 - ، بەتلەر .

VCD پلاستىنكىلىرى ئىشلەندى . ئۇيغۇر مۇقامچىلىرىنىڭ ھاياتىنى تونۇشتۇرىدىغان كىتابلار چىقىرىلدى .

ۋەھالەنكى ، بىز خەق بىزلەرگە دۇنياۋى شۆھرەت ئاتا قىلىپ كېلىۋاتقان مىڭئۆيلىرىمىزگە يۈز كېلەلىگۈدەك ئىش قىلىپ باقمىدۇق . بىزدە مىڭئۆيلىرىمىزنى بىلىدىغانلاردىن سەددىچىن سېپىلىنى بىلىدىغانلار ھامان كۆپ . مىللىي تىلدىكى دەرسلىك كىتابلىرىمىزدا سەددىچىن سېپىلىنىڭ رەڭلىك رەسىمى ئورۇن ئالالىغان بىلەن ، مىڭئۆيلىرىمىز چۆل ـ جەزىرىلەردىكى تاغ قاپتاللىرىدا پىنھان تۇرۇپ كەلمەكتە . سەنئەت ئىنستىتۇتىمىزدا مۇقام سىنىپلىرى تەسىس قىلىنىپ ، مۇقام زامانىۋى دەرس مۇنبىرىگە ئېلىپ چىقىلغىنى بىلەن ، مىڭئۆيلىرىمىز ئەدەبىيات ـ سەنئەت ، تارىخ ياكى بىناكارلىق نۇقتىسىدىن ئوتتۇرا ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا دەرسلىك سۈپىتىدە ئۆتۈلگىنى يوق . مانا بۇ مىللىي مائارىپىمىزنىڭ يەنە بىر سەۋەنلىكى . ئەمەلىيەتتە بىز بۇنچىلىك سەۋەنلىكلەرنى تۈگىتەلمىگۈدەك دەرىجىدە ئەمەس ئىدۇق .

قاراڭ ، ئۆزىنى ھازىرقى زامان مىللىي مائارىپىنىڭ ھامىيلىرىدىن ھېسابلايدىغان ھېلىقى دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇتقۇچىسىغا ؛ زامانىۋى دەۋردە ئالىي مائارىپ تەربىيىسى ئالغان شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ ئاشۇ پراكتىكانتلىرىغا ؛ بىر ئۆمۈر تەنىنىڭ قۇلى بولۇپ ئۆتىدىغان قاسماق كېپكە شەپكە كىيىۋالغان شوپۇرغا ؛ ئاسارئەتىقىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ ، خەلققە رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ھېلىقى ۋالىيغا ؛ ئۆزىنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مىڭئۆي دىيارى ئەدەبىياتىنىڭ سەركىسى سانايدىغان ، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا «بىر مۇرىسى يوق كاپىتان» غا ئوخشاپ قالغان ھېلىقى چالا ساۋات مۇھەررىرگە . ئۇلارنىڭ مىڭئۆيلىرىمىزگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنىڭ ستەيىن ، شاڭدا ، لېكوكلارنىڭ

جۆيلۈشىدىن نېمە پەرقى بولسۇن؟ ئۇلارنى شۇ تاپ مەشھۇر قىرغىز يازغۇچىسى چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن» رومانىدىكى ئۆز دادىسىنى تونۇمايدىغان «ماڭقۇرت» قا ئوخشاتماي نەچارە؟

تېخى مەلۇم بىر يەرلىك ئەدەبىي ژۇرنالنىڭ باش مۇھەررىرى بولغان بىر ئۇيغۇر ئەمەلدار تەختكە چىقىپلا شۇ ژۇرنالغا تارىخقا ئائىت ماقالىلەرنى بېسىشنى چەكلىگەن. ئۇنىڭچە بولغاندا تارىخ ئادەمنى ئاسانلا خاتالاشتۇرۇپ قويارمىش. ئەجىبا بۇ قانداق ئىدىيە؟ مىڭئۆي تەتقىقاتىغا دائىر ماقالىلەرنى چەتكە قېقىشقا سەۋەب تېپىش ئۈچۈن بەلكىم ئۇلار «مىڭئۆي بىلەن ئەدەبىياتىمىزنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بار؟» دەپ بىرھازا كاپىلدىشى مۇمكىن.

ۋەھالەنكى، بۇنىڭدىن 2000 ـ يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىلگىرى ئەجدادىمىزنىڭ قولىدا رۇياپقا چىققان مىڭئۆي تام سۈرەتلىرىدىكى بۇددا يارالمىش قىسسىلىرى بىلەن بۇددا سەۋەبىيات ھېكايىلىرىنى ئىپتىدائىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ سەرخىل مېۋىلىرى ئەمەس دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟!

بىز مىللىي تىلدا كىتاب، گېزىت ـ ژۇرنال چىقىرىشتا مەملىكەت بويىچە خېلىلا ئالدىدا تۇرىدىكەنمىز. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسىنىڭ گېزىت ـ ژۇرناللار باشقارمىسى تەمىنلىگەن ئۇچۇرىدىن قارىغاندا، ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدا پەقەت ئۇيغۇر تىلىدىلا نەشر قىلىنىۋاتقان، مەملىكەت بويىچە بىر تۈتاش نومۇرى بولغان، ئاشكارا تارقىتىلىۋاتقان قەرەللىك ژۇرنال 69 خىلغا، ئىچكى ماتېرىيال خاراكتېرلىك قەرەللىك ژۇرنال 65 خىلغا يەتكەن.

شۇنچە كۆپ گېزىت ـ ژۇرناللىرىمىزنىڭ شېئىر باسىدىغان مەخسۇس بەتلىرى بار. نەشرىياتلىرىمىزدا نۆۋەت كۈتۈپ ياتقان شېئىر توپلاملىرى ساناقسىز. بۇ بىزدە شېئىر يازىدىغانلارنىڭ دەرۋەقە كۆپلۈكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بىزدە ئانچە ـ مۇنچە ساۋادى

www.uyghurkitap.com

بارلىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بۇ ساھەگە قىزىقىپ باقىدۇ. گەرچە مۇددىئاسىنى ئېنىق بىلگىلى بولمىسىمۇ، بىراق بۇنى سەلبىي ئىش دېيىشكە بولمايدۇ، ھازىرغىچە كۆپ شېئىرلىرىمىزدىن بىرەر كۆپلىتى تەگرىتاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ قىتئە ئاتلاپ دۇنياغا بىزنى تونۇتمايۋاتىدۇ (كلاسسىك شېئىرلارنى دېمىگەندە).

بىزنىڭ شېئىر ئوقۇغاندىكى بوغۇق ئاۋازىمىز تەگرىتاغلىرىدىن ھالقىيالمىغان بىلەن مىگئۆيلىرىمىزنىڭ گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەندىكى ساداسى قىتئەلەر ئارا ئەكس سادا پەيدا قىلىپ، ب د ت نى ئالدىرىتىپ قويۇۋاتىدۇ.

قارىغاندا، ئەجدادلىرىمىز كىشىنىڭ نەزىرى چۈشمەيدىغان تاغ قاپتاللىرىدىكى مىگئۆيلەرنى بىكاردىن بىكارغىلا ئىجاد قىلمىغاندەك قىلىدۇ.

## خاتىمە

مىگئۆيلەر ھەققىدە توختالغاندا، مىگئۆيلەر ھەققىدە يېزىلغان ھەرقانداق بىرەر ئەسەردە دېگۈدەك 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ دىيارىمىزدىكى مىگئۆيلەردىن نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى «بۇلاپ» كەتكەنلىكى قېيدىغان ھالدا تىلغا ئېلىنماي قالمىدى.

دەرۋەقە، ئۇلارنىڭ مۇشۇ قىلمىشى ئۇچۇن ئارقىسىدىن بىر ئەسىردىن بۇيان «يىپەك يولىدىكى ئەجنەبىي ئالۋاستىلار»، «مەدەنىيەت قاراقچىلىرى»، «بۇلاڭچىلار»، «ئوغرىلار»... دەپ ھارماي تىللاپ كېلىۋاتىمىز.

ئەمما، بىز شۇنى ئويلاپ باقتىقمۇ، ئەجنەبىيلەر ئاشۇنداق ئېكسپېدىتسىيە پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەپ بىمالال قىدىرىش ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈنلەردە شۇ چاغدىكى ھۆكۈمەت نېمىش قىپتىكەن؟ ئۇلار بۇنداق ئاتالمىش «بۇلاڭچىلىق» نى نېمىشقا توسماپتىكەن؟ ئەجىبا شۇ چاغدىكى ھۆكۈمەتكە ئاسارئەتىقە لازىم ئەمەسمىكەندۇق؟

«تولۇقسىز ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا ، دۇنيادىكى 47 دۆلەتنىڭ 200 دىن ئارتۇق مۇزېيلىرىدا دۆلىتىمىزنىڭ بىر مىليوندىن ئارتۇق مەدەنىي، يادىكارلىقى ساقلانغان . يالغۇز سىزما سۈرەتلەرنى ئېلىپ ئېيتقاندا جۇڭگونىڭ سىزما سۈرەتلىرى ئامېرىكىنىڭ مەركىزىي مۇزېيىدا ئەڭ كۆپ ساقلانغان . ئەنگلىيىنىڭ بۈيۈك بېرتانىيە مۇزېيىدا جۇڭگونىڭ ئەڭ نەپىس سۈرەتلىرى ساقلانغان . ئاسىيانىڭ نەپىس بۇيۇملىرىنى ساقلاشتا داڭق چىقارغان فرانسىيىدىكى جىمى مۇزېيىدىنمۇ جۇڭگونىڭ قەدىمكى دەۋرلەرگە ئائىت ئاسارەتىقىلىرىنىڭ ھەممىسىنى تاپقىلى بولىدۇ » . ① تېخىمۇ ئېچىنىشلىقى ، «1922 - يىلى ئاخىرقى پادىشاھ فۇيى ‹ئوغۇرلۇقتىن ساقلىنىش› باھانىسى بىلەن ئالتە چوڭ ساندۇقتا قاچىلانغان 1200 دىن ئارتۇق سىزما سۈرەت ، كىتابنى يوشۇرۇنچە خان ئوردىسىدىن ئېلىپ چىقىپ ، ئاستىرتىن سېتىۋەتكەن . 1928 - يىلى مىلىتارىست سۈن دىيەنيىڭ چىڭدۇڭ زاراتگاھلىقىدىكى چيەنلۇڭ ، سىشى تەيفۇلارنىڭ قەبرىلىرىنى ئەسكەرلەرگە قازدۇرۇپ قەبرە ئىچىدىكى دۆلەتنىڭ قىممەتلىك بايلىقلىرىنى قۇرۇقدىۋەتكەن »②

مانا مۇشۇنداق پۇتۇن - سۈرۈك بىر دۆلەتنىڭ پادىشاھى بولۇپ باققان بىر ئەرباب ، قىلچە تەپتارتماي ئۆز دۆلىتىنىڭ ئاسارەتىقىلىرىنى سېتىپ خەجلىگەن ، دۆلەتنىڭ زور مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە يۈكلىگەن بىر ھەربىي ئەمەلدار قىلچە ھېيىقماي كېپەن ئوغۇرلاپ يۈرگەن يەردە شۇ دۆلەتتىكى باشقا ئاۋامنىڭ ئاسارەتىقە ئېڭى قانچىلىك بولماقچىدى ؟

ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە بۈگۈنكى دۇنخۇاڭدا ساقلىنىۋاتقان قىممەتلىك كىتابلارنىڭ سانى ئاران 20 مىڭ پارچىگە يېتىدىكەن . قالغانلىرى چەت ئەللەرگە ئېلىپ كېتىلگەن بولۇپ ، ئەنگلىيىدىكى

---

① ② «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 2000 - يىلى 8 - ئاينىڭ 20- كۈنىدىكى سانى ، 2 - بەت .

بۈيۈك بىرتانىيە كۇتۇپخانىسىدا 13 مىڭ 700 پارچە ، پارىژدىكى دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدا 6 مىڭ پارچە ، رۇسىيىنىڭ پېتىربۇرگتىكى ئاسىيا مىللەتلىرى تەتقىقات يۇرتىدا 12 مىڭ پارچە . . . ساقلانغان.

دۇنخۇاڭدىن ئېلىپ كېتىلگەن ۋەسىقىلەر ھەققىدە توختالغاندا بارلىقىنى دۇنخۇاڭ مىڭئۆيىگە ئاتىۋەتكەن ۋاڭ راھىب (ۋاڭ يۈەنلۇ ) نى «دۇنخۇاڭ ۋەسىقىلىرىنى ئەجنەبىيلەرگە سېتىۋەتكەن خائىن» ، «دارغا ئېسىلىشقا لايىق» ، ئۇندىقەي ـ مۇندىقەي دەپ پاتماندا بىر گۇناھ ئارتىپ ئاغىز ـ ئاغزىمىزغا كەلگەننى دەپ تىللىدۇق ـ يۇ ، ئۇنىڭ نېمىدەپ ئاشۇ ۋەسىقىلەرنى سېتىۋېتىشكە مەجبۇر بولغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىپ باقمىدۇق .

ۋاڭ راھىب دۇنخۇاڭغا كەلگەندىن كېيىن ، بۇ يەردىكى مۇقەددەس مىڭئۆيلەرگە قارايدىغان ئادەم بولمىغانلىقتىن ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولغانلىقىنى كۆرۈپ ، تەرەپ ـ تەرەپكە قاتراپ يۈرۈپ ئىئانە توپلاپ ئىككى يىلغا يېقىن ھارماي ئىشلەپ توپا قۇملار بىلەن تىنىپ كەتكەن 16 ئۆينى ئېرىغدىدى . 1900 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى نوم ـ بېتىكلەر قاچىلانغان مەخپىي كېمىرنى بايقىدى . ئۇ بۇ كېمىرنى قوغداپ قېلىش مەقسىتىدە ھۆكۈمەتتىن ياردەم تەلەپ قىلىش ئۈچۈن ئىككى بولاق نوم ـ بېتىكنى ئېلىپ دۇنخۇاڭ ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى يەنزىنى ئىزدەپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلغان بولسىمۇ ، ئەمما قارا قورساق يەن ھاكىم بۇ ئىككى بولاق نومنى سارغىيىپ كەتكەن قەغەزكەن دەپ قاراپ پەرۋا قىلمىدى . ئاردىن ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن ، بۇ يەرگە يېڭى ھاكىم كەلگەن بولسىمۇ ، ئوخشاشلا ئۇنىڭدىنمۇ نەتىجە چىقمىدى .

بىراق ، ۋاڭ راھىب بۇنىڭلىق بىلەن بولدى قىلماي «نوم ـ بېتىك غارىدىن ئىككى ساندۇققا نوم ـ دەستۇر قاچىلاپ ، ئېشىكىنى ھەيدەپ سۇجۇ (جيۇچۈەن ) گە قاراپ ماڭدى . ئۇ دالىدا ئىزىلىنىپ ، ئوچۇقچىلىقتا يېتىپ ، ئۆزى يالغۇز بۆرىلەرنىڭ يەپ كېتىشى ۋە قاراقچىلارنىڭ ئوقىغا ئۇچراپ قېلىشتەك خەۋپ ـ

خەتەرگە قارىماي، 400 كىلومېتىردىن ئارتۇق يول بېسىپ كۆزلىگەن يەرگە كەلدى. شۇ چاغدا گەنسۇ توسقاۋۇلىنىڭ دوتىيى بولۇپ تۇرغان تىڭ دوڭ غوجام بىلەن كۆرۈشتى... ئەمما، شۇ چاغدىكى خىلىلا بىلىملىك سانىلىدىغان بۇ غوجامۇ نوم - بېتىكلەرگە پەقەت خەتتاتلىق نۇقتىسىدىنلا بىرقۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ، ئاخىرىدا نوم - بېتىكلەردىكى خەتلەر مەن يازغان خەتچىلىك ئەمەسكەن دەپلا ئىشنى تۈگەتتى».①

چارىسىز قالغان ۋاڭ راھىب يۇرتىنى قاپتەك قىلىپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردىسىدىكى سىشى تەيفۇغا مەخپىي خەت يازدى. ئەمما، ئوردىدىكىلەر بۇنى «كىچىك ئىش» دەپ قاراپ پەرۋا قىلمىدى.

شۇنداق قىلىپ ۋاڭ راھىب يۇقىرى - تۆۋەندىكى ئەمەلدارلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرىمەن دەپ يەتتە يىل ئاۋارە بولدى. «ۋاڭ راھىبنىڭ زېرىكمەي - تېرىكمەي ياردەم تەلەپ قىلىشىنى ئېشەكنىڭ كۆتىگە غېجەك چالغانلىق دېيىشكە بولاتتى».② شۇ چاغدىكى ئەمەلدارلار ھۆكۈمەت نامىدىن ياردەم قولىنى سۇنۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، تېخى بىر - بىرلەپ دۇنخۇاڭغا كېلىپ بىرقىسىم نوم - بېتىكلەرنى شەخسىي مال - مۈلكى قاتارىدا خالىغانچە ئېلىپ كېتىشتى. ۋاڭ راھىب ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىدىن ئۈمىد ئۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. شۇ چاغدا باشقا مىڭئۆيلەرنىڭ ئىچىنى ئېرىغداش ۋە باشقا لازىمەتلىكلەرگە جىددىي پۇل لازىم ئىدى.

مەخپىي نوم - بېتىك كېمىرى بايقىلىپ يەتتە يىلدىن كېيىن، يەنى 1907 - يىلى ستەيىن دۇنخۇاڭغا كەلدى. ئۇ مىڭ بىر جاپادا ۋاڭ راھىبنى ئىندەككە كەلتۈرۈپ 200 سەر كۈمۈشكە 24 ساندۇق كىتاب ۋە سۈرەت ھەمدە بەش چوڭ ساندۇق باشقا ئاسارئەتىقىنى

① ② گاۋدېشياڭ: «مەڭگۈلۈك تۆھپىكار گۇناھكار ۋاڭ يۇەنلۇ»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ 2000 - يىلى 3 - سانى، 37 -، 39 -، 40 - بەتلەر.

تېگىشىۋالدى . ۋاڭ راھىبنىڭ تەسىرلەنگىنى ئۆز قوۋمىدىكىلەرنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشەلمىگەن تەۋەررۇكلەرنى دەپ جاھاننىڭ ئۇ چېتىدىن شۇنچە ئۇزۇن يولنى بېسىپ مىڭ بىر جاپالارنى تارتىپ كەلگەن ئەجنەبىيلەردىكى ئىخلاسمەنلىك روھى ئىدى .

«قائىدە بويىچە ستەيىن كەتكەندىن كېيىن جۇڭگولۇقلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىشى ، خۇسۇسەن ھۆكۈمەتنىڭ دىققىتىنى قوزغىشى كېرەك ئىدى . لېكىن ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ھېچبىر پەسەنت قىلىپمۇ قويمىدى . 1908 - يىلى فرانسىيىلىك خەنزۇشۇناس پېللىئوت دۇنخۇاڭ مىڭئۆيىگە كېلىپ ۋاڭ راھىبنىڭ قولىدىن ئالتە مىڭدىن كۆپرەك يازما دەپتەرنى سېتىۋالدى .

«پېللىئوت خەنزۇچىنى پىششىق بىلگەچكە ، ئۇ تاللىۋالغان جىلدلەر تولىمۇ قىممەتلىك ئىدى . پېللىئوت بۇ يادىكارلىقلارنى فرانسىيىگە ئېلىپ ماڭغاندا يادىكارلىقلارنىڭ بىر قىسمىنى بېيجىڭدىكى «ئالتە دۆلەت سارىيى» دا ئاشكارا كۆرگەزمە قىلدى . . . شۇ چاغدا تۇركۇم - تۇركۇم چەت ئەللىك ئالىملار ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي دۇنخۇاڭ مىڭئۆيىگە كەلدى . ئەمما ، جۇڭگو ئالىملىرىنىڭ نەلەرگە كېتىشكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى» ①.

ئەجەبلىنەرلىكى ۋاڭ راھىب ئەجنەبىيلەرگە سېتىۋەتكەن ۋەسىقىلەر ھازىرغىچە بىرىمۇ زىيانغا ئۇچرىماي چەت ئەللەردىكى نۇقتىلىق موزېيلارنىڭ كۆرگەزمە زاللىرىدا ناھايىتى ياخشى ساقلانماقتا . ئەمما ، مەملىكەت ئىچىدە قالغان نوم - بېتىكلەرچۇ ؟

«ستەيىن دۇنخۇاڭ يادىكارلىقلىرىنى پۈتۈن دۇنياغا تەشۋىق قىلغاندىن كېيىن سۇلالە ئەمەلدارلىرى ئاندىن ئۇنىڭ مۇھىم قىممىتىنى بىلدى . لېكىن ، ئۇلار بۇ يادىكارلىقلارنى قانداق قوغداشنى ئەمەس ، ئەكسىچە ھەر خىل يوللار بىلەن ئۇنى ئۆزىنىڭ

---

① گاۋدېشياڭ : «مەڭگۈلۈك تۆھپىكار گۇناھكار ۋاڭ يۈەنلۇ» ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ 2000 - يىلى 3 - سانى ، 37 - ، 39 - ، 40 - بەتلەر .

قىلىۋېلىشنى ئويلاشتى . شۇڭا ، بىرمەھەل ئوغۇرلاش كەيپىياتى ئەۋج ئېلىپ ، دۇنخۇاڭ نوم - بىتىكلىرىنىڭ يوقىلىپ كېتىشى ئېغىر ھالغا يەتتى . بەزىلەر ئۇنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئەمەل تەلەپ قىلسا ، بەزىلەر كۆتۈرۈپ يۇرۇپ ساتتى ، يەنە بەزىلەر خۇسۇسىي مۈلۈك قىلىۋالدى . شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى ، بۇ دۇنخۇاڭ نوم - بىتىكلىرى تېپىلغاندىن كېيىنكى ئەڭ زور يوقىتىش بولدى » ①.
بۇنداق بۇزغۇنچىلىقلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋاڭ راھىب ئاشۇ ۋەسىقىلەرنىڭ ھەممىسىنى چەت ئەللىكلەرنىڭ ساقلىشىغا بېرىۋەتمىگەنلىكىگە پۇشايمان قىلىپ ئەلەم بىلەن كۆز يۇمدى .

قالغان ۋەسىقىلەرنىڭ بىر قىسمى نوم - بىتىكلەرنى بېيجىڭدىكى خان ئوردىسىغا يۆتكەش باھانىسى بىلەن يول بويى ئوغۇرلاندى . ھەتتا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى «تۆت كونىنى يوقىتىش جېڭى» دە ، دۇنخۇاڭ شەھىرىنىڭ گوجياپو يېزىسىدىكى بىر ئۇبدان ساقلىنىپ كەلگەن ئون نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتىكى بىر قەدىمىي توپا مۇنار ئاستىغا مىلتىق دورىسى كۆمۈلۈپ پارتلىتىپ تاشلاندى . شۇ مەزگىلدە مىڭئۆيلەرنى تىنتىپ ئاختۇرۇشتا تېپىلغان قۇچاق - قۇچاق نوم - بىتىكلەر ئەسكى قەغەز ئورنىدا كۆيدۈرۈپ كۈلى كۆككە سورۇۋېتىلدى . ئەجەبا ئاشۇ يوقىتىشلارغىمۇ ۋاڭ راھىب ياكى «ئەجنەبىي ئالۋاستىلار» سەۋەبچىمىدۇ ؟ !

دەرۋەقە ، چەت ئەللىكلەر رايونىمىزدىن نۇرغۇن يادىكارلىقلىرىمىزنى يۆتكەپ كەتتى . ئەمما ، يۆتكەپ كېتىلگەن ئاشۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئاز بىر قىسمى 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدا نابۇت قىلىنغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، قالغان كۆپ قىسمى ناھايىتى ياخشى ساقلىنىش بىلەن بىللە ، بۇ ھەقتە يەنە نۇرغۇن كاتتا ئەسەرلەر يېزىلدى .

---

① گاۋدېشياڭ : «مەڭگۈلۈك تۆھپىكار گۇناھكار ۋاڭ يۈەنلۇ» ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ 2000 - يىلى 3 - سانى ، 37 - ، 39 - ، 40 - بەتلەر .

ئەنگلىيىلىك پېتىر خوپكىرىكنىڭ «يىپەك يولىدىكى ئەجنەبىي ئالۋاستىلار» ناملىق كىتابىنى ئوقۇۋاتقىنىمدا يەھۇدىي نەسەبىدىن بولغان ئەنگلىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى ستەيىننىڭ يۇرتىمىزدا ئېلىپ بارغان مۇنداق بىر ئارخېئولوگىيىلىك پائالىيىتى مېنىدە چوڭقۇر ئويلىنىش پەيدا قىلغانىدى :

ستەيىن خوتەننىڭ شىمالىدىكى قۇملۇققا جايلاشقان «راۋاق» خارابىسىدە «ئۇدا 9 كۈن قېزىش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق قۇم ئاستىدىن 91 دانە غايەت زور بۇددا ۋە بودساتۋا ھەيكىلىنى كولاپ ئالىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن كىچىك - كىچىك نۆكەرلەر ھەيكىلىنى ھەمدە كىچىك تىپتىكى بەزىبىر تام سۈرەتلىرىنىمۇ قېزىپ چىقىرىدۇ . ستەيىننى ئەپسۇسلاندۇرغان نەرسە شۇ بولدىكى ، تىرىك ئادەملەردىنمۇ ناھايىتى چوڭ كەلگەن بۇ ھەيكەللەرنى ئۇنىڭ ھەجمى ۋە شەرت - شارائىتى تۈپەيلىدىن يۆتكەپ كەتكىلى بولمايتتى . بۇ يەردە ئالاھىدە قىلىپ ياسالغان ساندۇقنى تاپالىغان تەقدىردىمۇ شۇنچە يوغان ھەم نەپىس قىلىپ ياسالغان ھەيكەللەرنى يۆتكەپ ئەكەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ ، ئۇلارنى رەسىمگە تارتىش ۋە ئورنىنى خاتىرىلىۋېلىش بىلەنلا كۇپايىلىنىدۇ . ستەيىن ھەيكەللەرنىڭ تۆت ئەتراپىدىن مىڭ تەسلىكتە كولىۋالغان قۇملارنى ناھايىتى ئەستايىدىل مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئۆز ئورنىغا تولدۇرۇپ قويىدۇ . ئەمما ، بەش يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ بۇ يەرگە قايتا كەلگەن چېغىدا ئۇنى ناھايىتى ئۈمىدسىزلىككە چۈشۈرۈپ قويغان نەرسە شۇ بولدىكى ، جۇڭگونىڭ بىر قەبرە ئوغۇرلاش گۇرۇھى بۇ يەردىكى ھەيكەللەرنىڭ ھەممىسىنى كۇكۇم - تالقان قىلىۋەتكەن . چۈنكى ئۇلار ھەيكەللەرنىڭ ئىچىگە گۆھەر يوشۇرۇپ قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىشىپتىكەن» .①

بۇنىڭغۇ ئۆتمۈشتىكى نادانلىقنىڭ مەھسۇلى دەپمۇ تۇرايلى ،

---

① گاۋدېشياڭ : «مەڭگۈلۈك تۆھپىكار گۇناھكار ۋاڭ يۈەنلۇ» ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ 2000 - يىلى 3 - سانى ، 37 - ، 39 - ، 40 - بەتلەر .

ئەمما مەدەنىيەتلىك 21 ـ ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىغا بېرىپ قالغان چاغلاردىمۇ رايونىمىزدا كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان مۇنداق بىر پاجىئە يۈز بەردى :

1999 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ، 51 كىشىدىن تەشكىللەنگەن 10 نەچچە دالا ئاپتوموبىلى داقا ـ دۇمباق سادالىرى ئىچىدە «لوپنۇرغا سەپەر ، كروراننىڭ تارىخى ، مەدەنىيىتىنى تەكشۈرىمىز» دېگەن بايراقنى كۆتۈرۈۋېلىپ ھېچقانداق رەسمىيەتلەرنى ئۆتىمەيلا ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە خىلاپ ھالدا ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن كورلا شەھىرىدىن يولغا چىقىپ كروران خارابىسىگە بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى . «3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى سائەت ئالتىلەردە باينغولىن ئوبلاستلىق تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسىدىكى جاڭ تيىشەن قاتارلىق تۆت كىشى ئولتۇرغان 7 ـ نومۇرلۇق تەكشۈرۈش ئەترىتى ئاپتوموبىلى كۆرە (بارگاھ ) خارابىسىدىكى قەبرىستانلىق بىلەن كىچىك بۇددا مۇنارى ئوتتۇرىسىدىكى رايونغا يېتىپ باردى . جاڭ تيەنشەن كەلكۈن سۈيىدە شەكىللىنىپ قالغان ، بىراق قۇرۇپ كەتكەن بىر كىچىك ئېقىندىن بىر تاۋۇتنى بايقىدى . ئاپتوموبىلنىڭ شوپۇرى بۇ تاۋۇتنى ئېقىندىن ئېلىپ چىقتى . بۇ تاۋۇتنىڭ ئۇزۇنلۇقى 85 سانتىمېتىر ، كەڭلىكى 50 سانتىمېتىر ئەتراپىدا ئىدى . بۇ تاۋۇت ئۈچ ـ تۆت مېتىر ئۇزۇنلۇقتا ياسالغان ، قالغان قىسمى سۇنۇپ ئۇپراپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن ، دەپ قىياس قىلىندى . تاۋۇتنىڭ تارتىپ چىقىرىلغان قىسمىدىن تاۋۇتنىڭ توغراق غولىدىن ياسالغانلىقىنى ، سىرتقى قىسمىنىڭ نەپىس ھەم تەكشى ئىكەنلىكىنى ، ئويمان قىسمىنىڭ پارقىراق ھەم سىپتا ئىكەنلىكىنى ، ئاستى قىسمىدىكى بىنەپشەرەڭلىك سىردا سىزىلغان سىزىقچىلارنىڭ يەنىلا ئىنتايىن روشەن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى . . . 11 ھەرپتىن تۈزۈلگەن بىر خەت بار بولۇپ ، سىلىنىشتۇرۇش ئارقىلىق بۇ خەت رونىك يېزىقى دەپ قارالدى . كۆپچىلىكنىڭ ھۆكۈمىگە ئاساسلانغاندا

www.uyghurkitap.com

بۇ رەڭدار تاۋۇت خەن ، جىن دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتىدىكى 36 بەگلىكنىڭ بىرسى بولغان قۇرۇقتاغ ئېلى پادىشاھىنىڭ جەسىتى سېلىنغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن ئىكەن . 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ، 28 ـ كۈنلىرى كەچتە تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكى شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى ‹كۇرە خارابىسىدىن خەن ، جىن دەۋرىگە ئائىت رەڭدار تاۋۇت بايقالدى › ، ‹تەڭرىتاغ باغرىدىن تۇنجى قېتىم ئوتتۇرا ئاسىيا يېزىقىدىكى تاۋۇت بايقالدى › دېگەن ماۋزۇلاردا ماقالە يوللىدى . دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى 100 دىن ئارتۇق ئاخبارات ۋاستىسى بۇ ماقالىنى كۆچۈرۈپ باستى» .①

كۆپ ئەپسۇس ، خەۋەر يوللىنىپ ئەتىسى ، يەنى 2000 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى رەڭدار تاۋۇتنىڭ ئىز ـ دېرەكسىز يوقالغانلىقى مەلۇم بولدى . «شۇ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى ، ج خ نازارىتى ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قاتارلىق ئالاقىدار ئورۇنلاردىن تەشكىللەنگەن بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى بۇ ئەھۋالنى ئالاقىدار تەرەپلەرگە دوكلات قىلدى . ئەمما ، رەڭدار تاۋۇتنىڭ نەگە كەتكەنلىكى ھازىرغا قەدەر سىر بولۇپ تۇرماقتا » .②

«شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» نىڭ 2000 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈندىكى سانىغا بېرىلگەن بىر خەۋەردە يېزىلىشىچە ، 1998 ـ يىلى 10 ـ ئايدا مەتتۇرسۇن ئەيسا ، ئابابەكرى ھېيت ، ئېزىز مەتتۇرسۇن ، پولات قادىر ، ئەنۋەر ئوسمان ، مەتتۇرسۇن مەتتۇردى ، مەتتوختى ئابدۇغېنى قاتارلىق يەتتە كىشى نىيە ناھىيىسى رۇكىيا يېزىسىنىڭ دۆۋا ئېغىز كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق روزى ھېيتنىڭ باشلامچىلىقىدا نىيە قەدىمكى شەھەر خارابىسىگە كىرىپ بىر دانە كونا كوزا ، بىر دانە ياغاچ تاغاق قاتارلىق مەدەنىيەت

① ② پېتېر خوپكىرىك : «يىپەك يولىدىكى ئەجنەبىي ئالۋاستىلار» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى نەشرى ، 148 ـ ، 149 ـ بەتلەر .

يادىكارلىقلىرىنى ئوغۇرلاپ چىققان . 1999 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئۇلار يەنە بىر قېتىم بۇ يەردىن بىر گۆھنىسەينى كولاپ چىقىپ ، گۆھنىسەي ئىچىدىن تۆت دانە ئوقيا بېشى ، بىر تىزىق مارجان قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئوغۇرلاپ مەتتوختى ئابدۇغېنىنىڭ ساقلىشىغا بەرگەن .

دۆلەت جىخۋاڭ ، ئەن يىڭشىنلارنىڭ «ئىلى گېزىتى» نىڭ 2000 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈندىكى سانىدا ئېلان قىلغان «ئىلىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداشنى كۈچەيتەيلى» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدە يېزىلىشىچە : «1999 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى نىلقا ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا ئالتە كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى تېرەكتى ساي تۆپىلىكىدىكى 32 قەدىمىي قەبرىنىڭ بىرى ئوغۇرلانغان . ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى بولغان موڭغۇل كۈرە ئەۋلىيا ـ لاما ئىبادەتخانىسىنىڭ ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى چىرىپ كەتكەن ، ئىشىك ، دېرىزىلىرى بۇزۇلغان . بېزەلگەن قىسمىدىكى ياغاچ ، تام رەسىملىرىنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ سىرى چۈشۈپ كەتكەن بولۇپ ، پەرق ئەتكىلى بولمايدىكەن . دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ئورۇن — ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ ھازىر بار چوڭ زالىنىڭ ئارقا قىسمى ئۆرۈلۈپ كەتكەن . ئىككى تەرىپىدىكى ئۆيلەرنىڭ پەقەت پارچە ـ پارچە تاملىرىلا قالغان . »

ئەجىبا ، ستەيىن قۇمغا كۆمۈپ قويغان ھەيكەللەرنىڭ چېقىلىشىغا ، سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ تەسىرىدىن گۆمۈرۈلۈپ زىيانغا ئۇچرىغان ۋە ئۇچراۋاتقان مىڭئۆيلەرگە ، كروراندىن تېپىلغان رەڭدار تاۋۇتنىڭ ئۇن ـ تىنسىز غايىب بولۇشىغا ، نىيە خارابىسىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىغا ، ئىلىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشىغا . . . يەنىلا شۇ «ئەجنەبىي ئاۋاستىلار» سەۋەبچىمىدۇ ؟ ! ئاشۇ يادىكارلىقلىرىمىز ئەجنەبىيلەرنىڭ قولىدا بولسا بۇگۈنكىدەك قىسمەتكە يولۇقارمىدى ؟ !

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# قىرمىش ئاتام: ئىنساپ قىلىڭلار بەندىلەر

يۇرتىمىز يىپەك يولىنىڭ دوقمۇشىغا جايلاشقانلىقتەك ئەۋزەللىكى بىلەن غەرب ـ شەرق مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى يەرلىك مەھەللىۋى مەدەنىيەتلەر بىلەن تويۇندۇرۇپ ئۆزىگە خاس سىنكرېتىك مەدەنىيەت قاتلىمى ھاسىل قىلغان قەدىمىي مەدەنىيەت ئوچىقى.

دىيارىمىز ئۆز باغرىدا ساقلاپ كېلىۋاتقان بۇددا مىڭئۆيلىرى، ئىسلام مەقبەرە ـ مازارلىرى ھېلىھەم ئۆزىدىكى نەچچە ئەسىرلىك مەدەنىيەت دۇردانىلىرىنى جۇلالاندۇرۇپ مىللىتىمىز قان ـ ياشلىق تارىخىنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە قەدىمكى يىپەك يولى لىنىيىسىدە ئۆز قىممىتىنى نايامان قىلىپ كەلمەكتە. ئونسۇ ناھىيىسىدىكى قىرمىش ئاتام مازىرى ئەنە شۇلارنىڭ بىرىدۇر.

قىرمىش ئاتام مازىرى ئاقسۇ شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىن 72 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئونسۇ ناھىيىسى تومشۇق يېزىسى شېغىلا (ئەسلىي نامى شېيخلار) كەنتىنىڭ شىمالىدىكى تاغ ئېتىكىگە جايلاشقان. بۇ مازار ئاپتونوم رايونىمىزدىلا ئەمەس، يەنە مەملىكەت ئىچى ـ سىرتىدىمۇ زور تەسىرگە ئىگە.

2000 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ساياھەت مەنزىرىلىرىنى سۈرەتكە ئېلىش ئۈچۈن كەلگەن ئوپېراتورى بىلەن بىللە ئىدارىمىز تەشكىللىگەن ساياھەت ئۆمىكى تەركىبىدە بۇ مۇقەددەس جايغا يەنە بىر قېتىم بېرىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم.

مىنبۇستا كېتىۋاتىمىز . قەلبىم بۇنىڭدىن سەككىز يىل مۇقەددەم بىر قېتىم كۆرگەن ، بىرلا قېتىم كۆرگەن كىشىنى ئۆزىنىڭ ئاجايىپ سىرلىرى بىلەن قايتا تاۋاپ قىلىشقا ئۈندەيدىغان سېھرىدىن ھاياجانلانماقتا ئىدى . ئاشۇ ھاياجان ئىلكىدە مىنبۇس دېرىزىلىرىدىن يىراقلارغا سوزۇلغان بوز تۇپراقلارغا تىكىلگىنىمچە خىيال سۈرەتتىم . باشقا سەپەرداشلىرىمنىڭ سەھرا يوللىرىدا توپا توزىتىپ كېتىۋاتقان مىنبۇسنىڭ ئىچىدە تۇرۇپمۇ توپا - چاڭلاردىن قورقۇپ ئاغزى - بۇرنىنى مەھكەم ئېتىۋېلىشلىرى ، توپا يوقراق يەرگە چىققاندا چوڭقۇر ئۇھ تارتىشىپ توختىماي تۈكۈرۈشلىرى ، مازارغا بارغاندىن كېيىن قانداق تاماقلار بىلەن قورساقنى توقلاشنىڭ كويىدا قىلىشقان پاراڭلىرى . . . مەن ئۈچۈن بەربىر ئىدى .

خىيال كەپتەرلىرىم شۇتاپ قىرمىش ئاتام مازىرىدا پەرۋاز قىلاتتى . ئەل ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن قىرمىش ئاتام مازىرى ھەققىدىكى مۇنۇ رىۋايەتلەر خىيال ئېكرانىمدىن بىر - بىرلەپ ئۆتەتتى :

بۇرۇنقى زاماندا شەھىرى بەر - بەر (ھازىرقى ئۈچتۇرپان) نىڭ پادىشاھى زەمبۇرى ئاتەشپەرەسنىڭ بەشەر ئىسىملىك ئوغلى بولغانىكەن . بەشەر بىر كۈنى چۈشىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىن تەلىمىنى ئېلىپ چۈش كۆرۈپتۇ . شۇ كۈندىن باشلاپ بەشەر كۈن بويى دۇئا - تىلاۋەت قىلىشقا باشلاپتۇ . دادىسى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن كۆپ قېتىم ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ ئۇنى توسۇپتۇ . ئەمما ، قايتا - قايتا تەربىيە بەرسىمۇ بەشەر ئۆزگەرمەپتۇ . شۇنىڭ بىلەن دادىسىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ ئۇنىڭ تىلىنى كېسىپ تاشلاپتۇ ھەمدە ئۇنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى دادام دەپ مەڭگۇ قايتىپ كەلمە دەپ ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىپتۇ .

بەشەر دىلى رەنجىگەن ھالدا نەچچە ئون مىڭ چاقىرىم يول مېڭىپ مەككىگە يېتىپ كەپتۇ . ئۇ مەككە مەسچىتىگە يېقىن بارغاندا

بىر توپ كىشىلەر ئۇنى ئورىۋېلىپ ئۇنىڭدىن گەپ سوراپتۇ، ئەمما ئۇلار ھېچنېمىنى ئۇقالماپتۇ. ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئاۋاز مەسچىتتىكى دۇئا - تىلاۋەت قىلىۋاتقان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام نېمىش بولغانلىقىنى كۆرۈپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتىپتۇ. ئەۋەتكەن ئادەم چىقىپ قارىغۇدەك بولسا تىلى كېسىۋېتىلگەن بىر يىگىتنىڭ كوچىدا تەمتىرەپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئەھۋالنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مەلۇم قىپتۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سىرلىق كۈچ - قۇدرىتى بىلەن بەشەرنىڭ تىلىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپتۇ. بىرنەچچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام فالىغە ئىسىملىك كىشىنى بەشەر بىللە بىلەن 2 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن بەشەرنىڭ يۇرتى ئۇچتۇرپانغا ئەۋەتىشنى قارار قىپتۇ. يولغا چىقىشتىن بۇرۇن مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام بەشەرنىڭ ئىسمىنى سۇلتان قىرمىش سەيدىل مۇسۇلمىنگە ئۆزگەرتىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا نۇرغۇن ۋەسىيەت قىپتۇ.

ئۇلار نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ ئاخىر ھازىرقى ئۇچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئوتتۇرىسى يېزىسىنىڭ يامانسۇ، قەھقەھ جادۇ تېغى، ئارال يېزىسىنىڭ ئويتېتىر، يېڭىئاۋات يېزىلىرىغا يېتىپ بېرىپتۇ. سۇلتان قىرمىش سەيدىل مۇسۇلمىن قۇمئېرىق دەرياسىنىڭ بويىغا كەلگەندە ھازىرقى قىرمىش ئاتام مازىرىنىڭ ئورنىنى كۆرۈپ ئۇ يەردە كەنت بولۇشى مۇمكىن دەپ قاراپتۇ. ئۇ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ مازارغا كېلىپ قارىغۇدەك بولسا ئۇ يەردە ھېچقانداق ئادىمىزات يوق ئىكەن. بۇ چاغدا ئۇ يولغا چىقىشتىن بۇرۇن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ھاسىسىنى بېرىپ، قوشۇن چۈشكەن جايدا تاماق ئېتىدىغاندا ھاسىنى كۆسەي ئورنىدا ئىشلىتىشنى، ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن يەرگە سانجىپ قويسىلا ئۇ يەرنىڭ شۇ زامان يېشىللىققا ئۆزگىرىدىغانلىقىنى ئېيتقانلىقىنى ئەسكە ئاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سۇلتان ھاسىسىنى

هازىرقى بۇلاقنىڭ ئورنىغا سانجىپ ئەسكەرلىرىنى بۇ يەرنى كولاشقا بۇيرۇپتۇ . ھېچقانچە كولىمايلا ئۇ يەردىن سۇپسۇزۇك بۇلاق سۇيى ئېتىلىپ چىقىپتۇ . سۇلتان ھاسىسىنى يەنە ئايرىم - ئايرىم ھالدا تۆت جايغا سانجىغانىكەن ، بۇ جايدىمۇ بۇلاق پەيدا بوپتۇ . بۇنىڭ بىلەن سۇلتان بۇ جاينى كۆكۆستانى چارىجۇ دەپ ئاتاشنى قارار قىپتۇ .

ئۇزۇن ئۆتمەي شەھىرى بەر - بەر (ئۇچتۇرپان) نىڭ پادىشاھى زەمبۇرى ئاتەشپەرەس 3 مىڭ 300 كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ كېلىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈپتۇ . ئىككى قوشۇن مازارنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدىكى قاراساي بويىدا تۆت كۈن قاتتىق جەڭ قىلىپتۇ . 5 - كۈنى زەمبۇرى ئاتەشپەرەس يەنە 1 مىڭ 500 كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ كېلىپ ھۇجۇم قىلىپ ، كۆكۆستانى چارىجۇ (قىرمىش ئاتام مازىرى) نى ئىگىلىۋاپتۇ .

سۇلتاننىڭ قوشۇنلىرى ئىلاجسىز ھالدا ئات ئويناقنىڭ ئۇستۇنكى ئېقىمى ۋە ساۋاپچىنىڭ ئىسلىقدارا دېگەن يېرىگە چېكىنىپ قوشۇننى تەرتىپكە ساپتۇ . سۇلتان قوشۇننى تەرتىپكە سېلىش داۋامىدا ئەسكەرلىرىگە : «ئەسكەرلەرنىڭ جەسىتىنى ھەرگىزمۇ كۆكۆستانى چارىجۇ (قىرمىش ئاتام مازىرى) دا تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ» دەپتۇ . قايتىش ۋاقتىدا سۇلتان ئۇرۇشتا ئامان قالغان 74 نەپەر ئەسكەرنى يىغىپ «ئەگەر جەڭدە قايسىمىز شېھىت بولساق ھايات قالغانلىرىمىز شېھىت بولغانلارنىڭ دەپنە مۇراسىمىنى ئۆتكۈزەيلى ، بۇ جاينى چوقۇم ياخشى قوغدايلى» دەپتۇ .

سۇلتان قىرمىش سەيدىل مۇسۇلمىن 74 نەپەر ئەسكەرنى باشلاپ قايتىدىن جەڭ قىپتۇ . نەچچە كۈنلۈك قاتتىق جەڭدە سۇلتان ۋە ئۇنىڭ 63 نەپەر ئەسكىرىنى بەختكە قارشى شېھىت بوپتۇ . پادىشاھ ئاتەشپەرەس زەمبۇرى قوشۇننى باشلاپ ئۇچتۇرپانغا قايتىپ كېتىپتۇ . ئۆلۈمدىن قېچىپ قۇتۇلغان 11 كىشى جەڭدە سېھىت

بولغان سۇلتان ۋە 63 نەپەر ئەسكەرنىڭ دەپنە مۇراسىمىنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن بۇ جايدا يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ كۈن ئۆتكۈزۈپ، بۇ جاينىڭ مۇھىتىنى گۈزەللەشتۈرۈپتۇ. 11 نەپەر ئەسكەرنىڭ مەسئۇلى مەۋلانى مۇزەپپەر باشقا ئەسكەرلەر ئالەمدىن ئۆتۈپ ئۆت يىلدىن كېيىن بۇ تارىخنى يېزىپ كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرغاندىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.①

مىنىبۇس كېتىۋاتماقتا. شۇتاپ قۇلاق تۈۋۈمدەبۇيۇك ئەللامە، تارىخچى موللا مۇسا سايرامىنىڭ قىرمىش ئاتام مازىرى ھەققىدە توختىلىپ: «بۇ جايدىكى تۈرغۇن مازارات ئالىي زاراتگاھلار بۇگۈنكى كۈندىمۇ يەنىلا مۇقەددەس ئورۇنلاردىن ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئورۇن شەكلى ۋە كارامەتلىرى زاھىر ۋە روشەن كۆرۈنۈپ بىلىنىپ تۇرۇپتۇ»② دېگەن سۆزلىرى جاراڭلايتتى.

ۋەھالەنكى، موللا مۇسا سايرامى «تارىخىي ھەمىدى» دە بۇ مازارنىڭ قانداقتۇر ئەرەبلەر شېھىت بولغان جاي بولماستىن، بەلكى يەرلىك ئۇيغۇرلار دەپنە قىلىنغان زاراتگاھ ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ.

ئۇنسۇ ناھىيە بازىرىدىن غەربىي شىمال تەرەپكە قاراپ مېڭىپ تەكشى كەتكەن ئۆي ۋە تۇتاش كەتكەن ئېتىزلاردىن ئۆتكەندىن كېيىن، يىراقتىكى تاغ باغرىدا بىر پارچە قويۇق بوستانلىق كۆرۈندى. تۆت ئەتراپى قاقاس تاغ ھەم ساي، پەقەت تاغنىڭ كىرىش ئېغىزىغا جايلاشقان بىر دۆمبەللىك يېشىللىق بولۇپ ئاسمان پەلەك بوي تارتقان دەل – دەرەخلەر، ياپيېشىل، ئوت – چۆپلەر، ئۇرغۇپ ئېقىۋاتقان زۇمرەت سۇلار، ۋىچىرلاپ سايرىشىپ تۇرغان قۇشلار... مازارغا ئۆزگىچە خاسلىق ئاتا قىلغان. ئۇ كىشىگە خۇددى رىۋايەتلەردىكى جەننەتنى ئەسلىتىدۇ. يەنە كېلىپ

① «ئۇنسۇ» مەجمۇئەسىنىڭ 2000 ـ يىلى 1ـ سانى (ئومۇمىي 23ـ سانى)نىڭ 32 ـ، 33 ـ بەتلىرى.
② موللامۇسا سايرامى: «تارىخىي ھەمىدى» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى 2 ـ نەشرى، 652 ـ بەت.

بۇ خىل كۆرۈنۈش كىشىگە ئاجايىپ سىرلىق تۇيغۇ بېرىدۇ .
تارىخى 1 مىڭ 300 يىلدىن ، كۆلىمى 600 مودىن ئاشىدىغان بۇ مازار ئەسىرلەردىن بۇيان خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدا يۇكسەك ئورۇنغا ئىگە بولۇپ كەلگەن . خەلقىمىزگە ئېتىقاد ، روھ ئاتا قىلغان ، تەسەللىي بەرگەن مۇقەددەس جايدۇر .
بۇ مازار يەنە لېرىك شائىرىمىز بۇغدا ئابدۇللانىڭ هازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە بۇسۇش خاراكتېرلىك نامايەندە سانىلىدىغان «سالغا تېشى» دەك نادىر ئەسەرلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە بىۋاستە ئىلهام ئاتا قىلغان سېهىرلەر دۇنياسىدۇر .
قىرمىش ئاتام مازىرى يەنە دەرەخلىرىنىڭ سىرلىقلىقى بىلەن داڭلىق . مازارنىڭ كۆلىمى ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ ، لېكىن ئاق تېرەك ، ئازغان ، جىگدە ، تاغ سۆگىتى ، ياڭاق ، زىرىق ، ئۆرۈك ۋە ئۈجمە قاتارلىق 41 خىل دەرەخ تۈرى بولۇپ ، بىرقەدەر زىچ توپلاشقان . بۇنىڭ ئىچىدە كىچىك يوپۇرماقلىق ئەرمۇدۇن جۇڭگودا كەم ئۇچرايدىغان ئەتىۋارلىق دەرەخ هېسابلىنىدۇ . مازاردا هازىر يېشى مىڭ يىلدىن ئاشىدىغان 200 تۈپتىن ئارتۇق دەرەخ بولۇپ ، ئەڭ چوڭىنىڭ يېشى 1391 يىلغا يېتىدۇ . بۇ جاي هازىر ئېلىمىزدە ئۆسىدىغان كىچىك يوپۇرماقلىق ياۋا ئەرمۇدۇن ئەڭ كۆپ مەركەزلەشكەن ، دەرەخ يېشى ئەڭ ئۇزۇن بولغان جاي هېسابلىنىدۇ . 1999 - يىللىق يۇننەن خەلقئارا كۆرگەزمە يىغىنىدا بۇ جايدىن ئاپىرىلغان كىچىك يوپۇرماقلىق ياۋا ئەرمۇدۇن دەسلەپكى قەدەمدە خەلقئارا جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ ، جۇڭگو ۋە چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرىنى هاڭ - تاڭ قالدۇرغان .
تارىخى مىڭ يىلدىن ئاشىدىغان دەرەخلەر مازارنىڭ هەممىلا يېرىدە ئۇچرايدۇ . ئۇلار تارىخنىڭ نۇرغۇن بوران - چاپقۇنلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ ، يەنىلا بۈك - باراقسانلىشىپ مەزمۇت تۇرماقتا . ئۈچ تۈپ مىڭ يىللىق مىرزا تېرەك قەدىمكى

دەرەخلەرنىڭ ئەڭ تىپىك ۋەكىلىدۇر . ئەڭ چوڭ دەرەخنىڭ غول ئايلانمىسىغا ئۈچ ئادەمنىڭ غۇلىچى يەتمەيدۇ . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، بۇ يەردىكى مەڭگۈ ياشىرىپ تۇرىدىغان دەرەخ ئاستىدا ئەر ـ ئاياللار ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى بىلدۈرۈپ قەسەم بېرىشسە مەڭگۈلۈك ئىناق ھەمراھلاردىن بولۇپ ، ئائىلىسى خۇشاللىققا چۆمىدىكەن . مازاردىكى بىر تۈپ غايەت زور يىلتىزسىز دەرەخ ئىنسانلارغا نامەلۇم بولغان نەچچە مىڭ يىللىق سىر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بۇ قەدىمكى دەرەخنىڭ غولى يەر بېغىرلاپ ئېگىز ـ پەس ئۆسكەن بولۇپ ، بۇك ـ باراقسانلىق ئىچىدە ئازراقلا قىسمى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ . كىشىلەر بۇ دەرەخنى «بىر پارچە قوۋزىقى بىلەن ھايات قالغان دەرەخ » دەپ تەرىپلىشىدۇ .

قىرمىش ئاتام مازىرىدا يەنە كۆلىمى خېلى زور بولغان زاراتگاھلىق بار . بۇنىڭ ئىچىدىكى يۇمۇلاق شەكىللىك چوڭ گۈمبەز سۇلتان قىرمىش سەيدىل مۇسۇلمىنىنىڭ مەقبەرىسى بولۇپ ، ئۇزۇن يىل رېمونت قىلىنماي تاشلىنىپ قالغىنىغا قارىماي يەنىلا مۇسۇلمانلارنىڭ قەدىمىي قەبرە ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالغان .

قىرمىش ئاتام مازىرىنىڭ تۆت ئەتراپى چۆل ـ جەزىرە بولسىمۇ ، لېكىن مازار ياپيېشىل ئوت ـ چۆپ ۋە ئاجايىپ ـ غارايىپ دەل ـ دەرەخلەر بىلەن بېزەلگەن ، يەر يۈزىدىن 50 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئوتلاقلاردا 10 نەچچە ئورۇندا بۇلاق بولۇپ ، بۇلاق سۈيى بولۇق ئۆسكەن ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىدىن شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرىدۇ . بۇ يەردىكى ئەڭ ئېگىز دەرەخ 23.96 مېتىر كېلىدۇ . بەزى دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى يىلتىز بىلەن بىرلىشىپ كەتكەنلىكتىن قايسىسىنىڭ شاخ ، قايسىسىنىڭ يىلتىز ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتكىلى بولماي قالىدۇ . مازارنىڭ جەنۇبىدا مىڭ يىلدىن ئاشقان بىر تۈپ كىچىك يوپۇرماقلىق ئەرمۇدۇن بار بولۇپ ، دەرەخ غولىنىڭ ئايلانمىسى 7 مېتىر كېلىدۇ . ئۇ ئېلىمىزدە كەم

ئۇچرايدىغان مىلىك يىللىق كىچىك يوپۇرماقلىق ئەرمۇدۇن ھېسابلىنىدۇ .

ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە مازارغىمۇ يېتىپ كەلدۇق . بىز بىر توپ كىشى ئىشكتىن كىرىش بىلىتى ئالغاندىن كېيىن ئاۋاز كۈچەيتىش كانىيى كۆتۈرۈۋالغان ، زامانغا لايىق ياسانغان خەنزۇ يول باشلامچى خېنىمنىڭ يول باشلاپ چۈشەندۈرۈشى بىلەن مازارنى بىر قۇر ئايلىنىپ چىقتۇق .

بايامقى ھاياجانلىرىم نەلەرگىدۇر غايىب بولغانىدى . بۇ جاي مەن ئىلگىرىكى كۆرگەن مازارغا زادىلا ئوخشىماي قېلىۋاتاتتى . شۇ تاپ بۇ جاي قانداقتۇر ئىلگىرىكى سۇر ھەيۋىسىدىن قالغاندەك ، بىر مۇقەددەس تاۋابگاھ ئەمەس ، بەلكى شەھەرلەردىكى ھەر خىل كىشىلەر بىمالال كىرىپ ـ چىقىپ قىلىدىغان ئاممىۋى باغچىغا ئوخشاپ قېلىۋاتقاندەك بىلىنىۋاتاتتى .

دېمىسىمۇ مازارنىڭ ئىچىگە ھازىر ھاراق ، تاماكا سېتىش بوتكىلىرى ، تېلېفون پەيدا قىلىنىپتۇ . كىگىز ئۆيلەر تىكىلىپتۇ ، مېھمانخانىلار سېلىنىپتۇ . ئوقيا ئېتىش ، قارىغا ئېتىش مەيدانى ، بېلىق تۇتۇش كۆلچىكى ، ئات ياكى تۆگە مىنىپ مەنزىرە ساياھەت قىلىش تۈرلىرى تەسىس قىلىنىپتۇ . شۇ تاپ بۇ يەردىن ئىلگىرىكىدەك قۇشلارنىڭ ۋىچىرلاپ سايراشقان ئاۋازى ئەمەس ، بەلكى كارا OK دا تىوۋلانغان قۇلاقنى پاڭ قىلىۋەتكۇدەك دەرىجىدىكى ئالا ـ تاغىل ئىشقىي ناخشىلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلىناتتى .

ھەيران قالدىم . نەچچە ئەسىرلىك تارىخنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن ، ئاجايىپ ـ غارايىپ شەكىلدىكى دەل ـ دەرەخلىرىمىزگە قانداقتۇر «ئەرشى ئىشكى» ، «ئەجدىھا دەرەخ» ، «ئەۋلىيا ئۆڭكۈرى» ، «ياۋا ئۆردەك راۋىقى» . . . دېگەندەك يات ئىسىملار قويۇلۇپ قاپتۇ . خەلقىمىز ئەڭ ئۇلۇغلايدىغان ، مۇبارەك نامى مۇشۇ مازارنىڭ نامى بىلەن تەڭ تىلغا

ئېلىنىدىغان 1391 يىللىق تارىخقا ئىگە «كۆسەي تېرەك»[1] نىڭ نامى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تېرىكى» گە ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ (يول باشلىغۇچى خەنزۇ خېنىم شۇنداق دەپ چۈشەندۇردى)

يول باشلىغۇچى خېنىمنىڭ چۈشەندۇرۇشىچە «ئات بېشى دەرىخى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر قەدىمىي دەرەخ بۇيۇك تاڭ راھىبى (تاڭ سېڭ) بۇددا نومىنى ئېلىش ئۈچۈن غەربكە ماڭغاندا مىنگەن ئات بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئىمىش. يەنە تاڭ راھىبى، سۇن ۋۇكۇڭ دېگەنلەر بۇ يەرگە كەلگەندە ئۇلارنىڭ ئېتى ئالۋاستىلار تەرىپىدىن سېھىرلىنىپ دەرەخقە ئۆزگەرتىپ قويۇلغانمىش.

ئېچىندىم. مەيلى قەيەرگىلا قارىماڭ قالايمىقان تاشلانغان بوتۇلكىلار، كونسېرۋا قۇتىلىرى، تاماكا قاپلىرى ۋە باشقا ئەسكى ـ تۇسكى تاشلاندۇق نەرسىلەرنى ئۇچراتقىلى بولىدىكەن. ھەتتا ئارىلاپ ـ ئارىلاپ غەيرىي مۇسۇلمان قىز ـ يىگىتلىرىنىڭ بەزى ناشايان ئىشلىرىمۇ كۆزگە چېلىقىپ قالىدىكەن.

بۇ يەردە تاۋكا قورۇپ ھاراق ئىچىشىۋاتقان، جۈپ ـ جۈپ بولۇپ بىخارامان تانسا ئويناۋاتقان، ئەپسانە چاقچاقلارنى قىلىشىپ ئۆچكىدەك مەرىشىۋاتقان، كارا OK دا ئالا ـ تاغىل مۇھەببەت ناخشىلىرىنى تىۋولىشىۋاتقان، كۆپ ـ كۈندۈزدە ئەۋرىتىنى ئوچۇق قويۇپ چوڭ ـ كىچىك ھاجەت قىلىۋاتقان، تېخى پىشمىغان كۆپ ـ كۆك ياڭاق غورىلىرىنى تاياقتا قېقىپ چۈشۈرۈۋاتقان، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىنى خالىغانچە سۇندۇرۇۋاتقان، ھاراقنى سىڭدۇرەلمەي قۇسۇۋاتقان، تۇكۇرۇپ ـ مىشقىرىۋاتقان... ئەھۋاللارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ ئىختىيارسىز ھالدا ياقامنى تۇتۇشقا مەجبۇر بولدۇم. توۋا، بۇ قەيەر؟ بۇ مازارغۇ؟!

---

① رىۋايەت قىلىنىشىچە، سۇلتان قىرمىش سەيدىل مۇسۇلمىن قولىدىكى ھاسىسىنى كۆسەي ئورنىدا ئىشلىتىپ يەرگە قاداپ قويغاندىن كېيىن تېرەك بولۇپ كۆكلىگەن ھەم «كۆسەي تېرەك» دەپ ئاتالغانىكەن.

ئەھۋال ئىگىلەش مەقسىتىدە بىر چاغلاردا بىزگە مازارنىڭ تارىخىنى بىر ئوبدان چۈشەندۈرۈپ قويغان پېشقەدەم شەيخنى سۈ توشۇش، ئوتۇن يېرىش دېگەندەك يۈگۈر - يېتىم ئىشلارنىڭ ھەلەكچىلىكىدە پۈت - قولى يەرگە تەگمەي ئىشلەۋاتقان يېرىدىن مىڭ بىر تەستە تاپتىم.

— ۋاي ئۇكام، نېمىسىنى دەيسىز بۇ ئىشلارنىڭ، جاھاندىكى ئىشلارغا قاراپ تۇۋا دېمەسلىككە نە چارە؟ — دېدى شەيخ يۈز تەرلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، — ھازىر پېقىر قارا خىزمەتچىگە ئايلىنىپ كەتتىم.

مازارنىڭ بۇ سابىق شەيخىدىن ئىگىلىشىمچە، ئىلگىرى خەلقىمىز خېلىلا چوڭ بىلىپ ئۇلۇغلايدىغان بۇ مازارغا خوتەندىن تارتىپ ئىلىغىچە بولغان جايلاردىن كېلىدىغان تاۋاپچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىكەن. ھەتتا دىنىي ئېتىقاد تەقىپ ئاستىغا ئېلىنغان ئاشۇ يىللاردىمۇ خەلقىمىز بۇ مازارنى يوقلاشنى ئۇنتۇپ قالمىغان. غەيرىي دىندىكى ياكى بىتەرەت كىشىلەر بۇ يەرگە يۈگۈرۈپ ئاياغ باسالمايدىكەن. تاۋاپچىلار ئاتىغىنىنى مازارغا قويىدىكەن، شەيخلەر تاماق ئېتىپ ئوبدان كۈتىدىكەن. تاۋاپچىلار مازارغا قايتا - قايتا ئىخلاس بىلدۈرۈپ شىپالىق بۇلاقنىڭ سۈيىدىن ئېلىپ قايتىشىدىكەن. ئۇ چاغلاردا ئىشىك توسۇپ بىلەت سېتىپ كىرىم قىلىدىغان، تۈت ئەتراپنى قاشالاپ قويىدىغان ئىشلار بولمىسىمۇ، خەلقىمىز ئۆزلۈكىدىن ئاڭلىق يوسۇندا بۇ مۇقەددەس جاينى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد قوغداپ، ئاسراپ، ياشنىتىپ بىزگىچە يەتكۈزۈپ كەلگەن...

1986 - يىلىغا كەلگەندە ئۇنسۇ ناھىيىسى مالىيىدىن 40 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، ئامما يۈز مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ جۇغلاپ مازاردىكى مەسچىت رېمونت قىلىنغان. قورۇ تام ۋە تۈمۈر ۋادەكلەر ياسالغان. شۇنىڭدىن باشلاپ مازار رەسمىي تۈردە ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەن. 1998 - يىلى 11 - ئايدا ۋىلايەت دەرىجىلىك،

1999 - يىلى 9 - ئايدا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتىلگەن.

مانا ئەمدىلىكتە قارىغا ئېتىش مەيدانى تەسىس قىلىنىپ بىر پاي ئوق مانچە كويدىن سېتىلغاچقا قارىغا ئالغۇچىلار ئۆزلىرى سېتىۋالغان ئوق بىلەن مازارغا جەننەت كەبىي تۇس بېرىپ كېلىۋاتقان ئۇچار قۇشلارنى ئوۋلىغان. نەتىجىدە ۋىچىرلاپ سايرىشىپ تۇرىدىغان قۇشلارنىڭ بىر قىسمى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن، يەنە بىر قىسىم قۇشلار بەئەجەل ئۆلۈپ كېتىشنى خالىماي ئامالسىز نەلەرگىدۇر غايىب بولۇشقان. شۇئان ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ: «يەنىلا ئىقلىملار كېزىپ باھار ئىزدىگەن قۇشلار ئېسىمگە كەلدى. قۇشلارنىڭمۇ سىنىپىي كۈرەشكە تارتىلىنىشىدەك غەلىتە تارىخ تېخى يېقىندىلا بولدى. ئەمما، قۇش بەرىبىر قۇش بولغاچقا ئىنسانىيەت تاڭغان تۈزۈمنى ئېتىراپ قىلىشمىدى. ئۇلار پەسىل ئاتلاپ ئۇچۇۋېرىشتى» ① دېگەن سۆزلىرى ئېسىمدىن كەچتى. دۇرۇس، جىبران خەلىل جىبران توغرا ئېيتىدۇ: «قۇشلاردا ئىنسانلاردىكىدەك ئۆزى قانۇن تۈزۈپ ئۆزى خىلاپلىق قىلىدىغان ئادەت يوق.»

شەيخنىڭ ئېيتىشىچە مۇشۇ مازارنىڭ 1391 يىللىق تارىخقا ئىگە، قويۇق رىۋايەت تۈسىنى ئالغان قەدىمىي «كۆسەي تېرەك» مۇشۇ ئىككى - ئۈچ يىلدىلا ئەسلىدىكىدىن 20 نەچچە مېتىر پەسلەپ كەتكەن!

ئويلىنىپ قالدىم. ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەلۋەتتە ياخشى ئىش. ئۇ ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم ۋاسىتىلەرنىڭ بىرى. خۇددى جامائەت پىكرى ۋاسىتىلىرى تەرغىب قىلغاندەك «ئۇ بىر شەكىلسىز بايلىق». ئەمما، ئۇ مىللىي مەدەنىيەتنى دەپسەندە قىلىش بەدىلىگە تەرەققىي قىلدۇرۇلماسلىقى

---

① ئابدۇقادىر جالالىدىن: «داغمۇ ياكى زىناقمۇ؟»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1999 - يىلى، 2 - ، 3 - (قوشما) سانى، 10 - بەت.

كېرەكتە !

مازارلار مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. «مازار» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «ساۋاب قىلىنىدىغان مۇقەددەس جاي»، «ئۇلۇغ زاتلار قەبرىگاھى» دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە. خەلقىمىز تارىختىن بۇيان قانلىق جەڭلەردە ھەققانىيەت يولىدا شېھىت بولغان باھادىرلارنى، ئۇلۇغ دانىشمەن ئەل سۆيەر ئالىم - ئۆلىمالارنى ئۇلۇغلاپ، ئۇلار دەپنە قىلىنغان جاينى مازار بىلىپ ئىخلاس قىلىپ كەلگەن. بۇ بىزدىكى ئەڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى ئادەتتۇر. بىزدە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مۇشۇنداق ئېسىل ئادەتلەر بولمىغاندا سۇلتان ساتۇق بۇغراخان، ئارسلانخان، مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، يۈسۈپ قېدىرخان، موللا مۇسا سايرامى، ئامانىنساخان... لاردەك بۈيۈك ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ مەقبەرىسى بىزگىچە يېتىپ كېلەلەرمىدى؟

مەرھۇم ئالىمىمىز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» ناملىق كىتابىدا: «مەيلى قايسى زاماندا قايسى ھۆكۈمران قانداق مەقسەتتە قانداق پايدىلانغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر دىنىي ئېتىقاد نامرات، ئېزىلگەن، خورلانغان ئاۋامنىڭ ئارزۇ - ئۈمىد مەشئىلى، نالە - تەلپۈنۈش قۇتۇبىسى، ئەقىدە - ئىشەنچ قۇدرىتى بولۇپ كەلگەن»[①] دەپ يازغانىدى. مازارمۇ خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا خۇددى شۇنداق رول ئويناپ كەلگەن.

ئەپسۇسلىنارلىقى، بۈگۈنكى كۈندە بازار ئىگىلىكىنىڭ شىددەتلىك ئېقىمى مۇقەددەس مازارلىرىمىزغىچە بۆسۈپ كىرىۋېتىپتۇ. مازارنى بازارغا يۈزلەندۈرۈش ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىمىزدىكى ئۈچىغا چىققان بىمەنىلىك بولسا كېرەك. چۈنكى بىزدە ئەلمىساقتىن تارتىپ مازار بىلەن بازار بىر - بىرىدىن پەردىشەپ ئايرىپ كەلگەن. ھازىرمۇ ئۇلاردا روشەن پەرق بولۇشى

① ياڭقۇن زورى: «تەكلىماكاندىكى ئالتۇن كولدورما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999-يىلى 12 - ئاي نەشرى، 161 - بەتتىكى نەقىلدىن.

www.uyghurkitap.com

لازىم ئىدى !

مازارلىرىمىزنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى ئەمەس بەزى مۇخبىرلار تېخى قىلچە تەپ تارتماي ئاخبارات ۋاستىلىرىدا «مازارنىڭ بازارغا يۈزلىنىشى» دەك «ئىسلاھاتنىڭ يېڭى مېۋىلىرى»نــى ماختاپ ئـۇچـۇرماقتا . مـەسىلەن ، «ئـاقسۇ گېزىتى» نىڭ 2000 ـ يىلى 12 ـ ئۆكتەبىردىكى سانىنىڭ 1 ـ بېتىگە «غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئونسۇ ناھىيىسىنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىغا ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئاتا قىلدى» دېگەن چوڭ تېما ئاستىدا «قىرمىش ئاتام مازىرى 9 ئاي ئىچىدە 28 مىڭ ساياھەتچىنى كۈتۈۋېلىپ 310 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى» ناملىق بىر خەۋەر بېرىلدى . «خەۋەر» دە مۇنداق دېيىلىدۇ : «ئونسۇ ناھىيىسى تەۋەسىدىكى ‹قىرمىش ئاتام› مازىرىنىڭ قىياپىتى يېڭىلىنىپ ، ساياھەتچىلەرگە ئەتراپلىق ، قىزغىــن مۇلازىمەت مۇھىــتى ياراتقانلىقتىن ، بۇ يىل بۇ جايغا كېلىدىغانلارنىڭ ئايــغى ئۈزۈلمىدى . بۇ يىل 9 ـ ئايغىچە 28 مىڭ ئادەم (قېتىم) ساياھەتچى كۈتۈۋېلىنىپ 310 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى» .

«خەۋەر» دە يېزىلىشىچە ، ئونسۇ ناھىيىسى بۇ يىل مەركەزنىڭ غەربىي رايونلارنى كەڭ ـ كۆلەمدە ئېچىش ستراتېگىيىسىنىڭ تۈرتكىسىدە ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ناھىيە ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇھىم ئېشىش نۇقتىسى سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇپتۇ . ھەر تەرەپتىن مەبلەغ توپلاپ ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ 320 مىڭ يۈەن راسخوت ئاجرىتىپ ، مازارغا يۇقىرى بېسىملىق ئېلېكتر سىمى تارتىپتۇ . 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ ماشىنا توختىتىش مەيدانى ياساپتۇ ، شۇنداقلا قەدىمىي دەرەخلەرنى مۇھاپىزەت قىلىش ئەسلىھەلىرىنى تولۇقلاپ ، مازارنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى يېڭىلاپ ، زۆرۈر بولغان مۇلازىملىق تۈرلىرىنى تەسىس قىپتۇ . نەتىجىدە مازارغا كېلىپ ساياھەت قىلغۇچىلارنىڭ سانى ھەسسىلەپ كۆپىيىپ كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي ئۈنۈم

يارىتىلىپتۇ .

خوش ، ئادەممۇ جىق كەپتۇ ، نەچچە يۈز مىڭ يۈەن پۇلمۇ كىرىم بوپتۇ . يەنە نېمە بوپتۇ ؟ ئەجەبا ئاشۇ پۇللار بىلەن ئېتىپ تاشلانغان قۇشلارنى تىرىلدۈرگىلى ، جەننەت كەبىي ئۇۋىسىنى تاشلاپ كېتىپ قالغان قۇشلارنى چاقىرىپ ئەكەلگىلى بولارمۇ ؟ ئەجەبا ئاشۇ پۇللار بىلەن قۇرۇپ كەتكەن دەل ــ دەرەخلەرنى ياشارتقىلى ، پاكارلاپ كەتكەن «كۆسەي تېرەك» نى ئېگىزلەتكىلى بولارمۇ ؟ ئەجەبا كىشىلىرىمىز ئىلگىرى تەرەت ئالماي تۇرۇپ قولىنى تىقىشقىمۇ پېتىنالمايدىغان ئاشۇ سۈپسۈزۈك بۇلاق سۇلىرى بۇگۈنكى كۈندە مازارغا تەسىس قىلىنغان ئاممىۋى ھاجەتخانىدىكى ئىمانسىزلارنىڭ پوق ـ سۈيدۈكلىرىنى تازىلايدىغان ئورۇنغا چۈشۈپ قاپتۇغۇ ؟ ! . . . مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا بۇيەرنىڭ تەڭگە داۋا ساپ ھاۋاسى ، سۈپ ـ سۈزۈك ، تەمىلىك بۇلاق سۇلىرى ، دەل ـ دەرەخ ، گۈل ـ گىياھلىرى بۇلغىنىپ ، ئاخىر بېرىپ خەلقىمىزگە روھ ، ئېتىقاد ، ئۈمىد ، جاسارەت ئاتا قىلىپ كەلگەن بۇ مۇقەددەس مازار خۇددى لوپنۇر كۆلىدەك ئاقىۋەتكە قالارمۇ ؟

مۇبادا شۇنداق بولغىنىدا نەچچە مىليون پۇل خەجلەپمۇ ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولماس ھېلى ، ئەمدى قىرمىش ئاتام قايتا تىرىلىپ كۆسىيىنى قاداپ بۇلاق پەيدا قىلىپ بېرەلمەيدۇ ، كۆسىيىنى دەرەخ قىلىپ بېرەلمەيدۇ ، قۇشلارنى چىللاپ ئەكېلەلمەيدۇ .

ئەجەبا غەربنى ئېچىش شامىلى بۇ يەردە ياڭقان شېھىتلەرنىمۇ تىنچ قويمىسا ھە ؟ ! مونتىسكيۇ : «خەلققە يېتەرلىك جاسارەت ئاتا قىلىدىغان ئۇرغۇن زۆرۈر نەرسىلەردىن ۋاز كېچىلسە مىللەت ئاستا ـ ئاستا خارابلىشىدۇ»[1] دېمىگەنمىدى ؟ . . .

شۇلارنى ئويلاپ كۆڭلۈم ئاچچىق بولۇپ قالدى . شۇئان

---

① ئەسەت سۇلايمان : «تەكلىماكانغا دۈملەنگەن روھ» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2000 يىلى 7 ـ ئاي نەشرى ، 54 ـ بەتتىكى نەقىلدىن .

www.uyghurkitap.com

ئىبراھىم ھەققۇلوۋنىڭ «ھەققە يېتىش سەپىرىدە كېتىۋاتقان كىشى تەبىئەت ، جانلىق مەۋجۇدات ، ھەتتاكى قۇرت ۋە قۇشلارغىمۇ يېقىن بولىدۇ» دېگەن سۆزىنى ئېسىمگە ئالدىم . دۇرۇس ، «بارلىق ۋە ئالەم بىلەن روشەن ئۇيغۇنلىشىشقا كىرىشىش — ئالىي سائادەتتۇر ، تۇپراق دۇئاسى — ۋەتەن دۇئاسى ، يەرگە سېغىنىش ئادىمىلىكنىڭ نۇرانە ئىپادىسى» (ئى . ھەققۇلوۋ) دۇر .

مازار بىلەن كۆڭلۈم پەرىشان ھالدا خوشلاشتىم . قايتىش سەپىرىم بېرىش سەپىرىمدەك كۆڭۈللۈك بولمىدى . بوغۇزۇمغا قاتتىق بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك بولۇپ ، كۆز چاناقلىرىم ئاچچىق ياش بىلەن نەملەندى .

قىيالمىغان ھالدا كەينىمگە ئۆرۈلۈپ قارىدىم . بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتقان قىرمىش ئاتام مازىرى ئېغىر سۈكۈتكە پاتقان ھالدا مۆڭلىنىپ تۇراتتى . ئۇ خۇددى : «ئەي بەندىلەر ، ئىنساپ قىلىڭلار» دەپ ئىلتىجا قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى . «قىرمىش ئاتا كەچۈرگىن ، دىيانەتنى بىلمىگەن ئادەملەردە ئىنساپ نېمىش قىلسۇن ؟» دېدىم ئىچىمدە .

ئۆيلىرىم كەيپىمدەكلا چاغ ئىدى . نوقۇل پۇل ئۈچۈنلا قىلىنغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى خەيرلىك بولىۋەرمەيدۇ . چىڭگىز ئايتماتوۋ : «پۇل ھەممىگە قادىر يەردە گۈزەللىك بولمايدۇ» دەپ توغرا ئېيتقان .

مىللىي مەدەنىيەت ھەرقايسى مىللەتلەر ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ياراتقان قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە مەدەنىيەتنى كۆرسىتىدۇ . دىيارىمىزدىكى مازارلار مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ سەمەرىلىرىدۇر . يەنە كېلىپ بىزدە دۆلەت ئىچى - سىرتىغا خېلىلا داڭلىق بولغان چوڭ مازاردىن 40 نەچچىسى بار . مازار دېمەك مەدەنىيەت دېمەكتۇر . شۇڭا ، قىرمىش ئاتام مازىرى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتىلگەن . خۇشال بولۇشقا

ئەرزىيدىغىنى بىزدىن تېخى مازارلىرىمىزنى تەتقىق قىلىش بەدىلىگە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ياش ئالىملار چىقىۋاتىدۇ. دوكتور راھىلە داۋۇت ئەنە شۇلارنىڭ بىرىدۇر.

راھىلە داۋۇت بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، دوكتور يېتەكچىسى، مەملىكەت بويىچە داڭلىق فولكلورشۇناس جۇڭ جىڭۋېن ئەپەندىنىڭ يېتەكلىشىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەۋەسىدىكى مازارلار ئۈستىدىن ئەتراپلىق ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، «ئۇيغۇرلارنىڭ مازار مەدەنىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق دىسسېرتاتسىيىسىنى يېزىپ، 1998 ـ يىلى 5 ـ ئايدا بېيجىڭدا دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. مازار مەدەنىيەت جۇملىسىدىن بولمىغان بولسا پايتەختتىكى داڭلىق ئالىي بىلىم يۇرتى سانىلىدىغان بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى مازار ھەققىدىكى تەتقىقات تۈرىنى دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسىنىڭ تېمىسى قىلىپ بېكىتمىگەن بولاتتى.

مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت بىر مىللەتنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۇزۇندىن بېرى توپلىنىش ئارقىلىق شەكىللەنگەن ياخشى كۆرۈش، كەيپىيات، ئادەت ۋە چەكلەش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، تويى ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغ، ئۆلۈم ـ يېتىم، قائىدە ـ يوسۇن قاتارلىق تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

مىللىتىمىزنىڭ ئەسىرلەر مابەينىدە مازارلارغا ئىخلاس بىلدۈرۈپ، ئۇنى تاۋاپ قىلىپ كەلگەنلىكىمۇ مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت جۈملىسىدىندۇر. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە قاراتقان سىياسىتىدە: «ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىنى ساقلاپ قېلىش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش كېرەك» دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن.

1984 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ماقۇللىنىپ شۇ يىلى

10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى يولغا قويۇلغان «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» دىمۇ ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى ۋە مىللىي ئۆرپ ـ ئادىتىنى قوغداش ھوقۇقى ئېنىق بەلگىلەنگەن. بىز قانۇندا بەلگىلەنگەن ماددىلار بويىچە مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىمىز بولغان مازارلىرىمىزنى قوغداپ قېلىشقا تامامەن ھوقۇقلۇقمىز!

ھەيرانمەن، ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا پۇقرالار ئالدىدا گىدىيىپ تاياقتەك قېتىۋالىدىغان، ئاۋامنىڭ ياۋاش بولۇشى ھەققىدە ئاغزىدىن كۆپۈك ئۆرلىتىپ ھارماي سۆزلەيدىغان بەزى ئەمەلدارلىرىمىز ئاشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە ئوتتۇرىغا چۇشۇپ تۆت ئېغىز لىللا گەپ قىلالماي، نېمىشقا كىرپىدەك تۈگۈلۈپ تۇرۇۋالىدىغاندۇ؟!

كىشىنىڭ ئوغىسىنى قايناتىدىغىنى قىرمىش ئاتام مازىرىنىڭ ئىچىگە «مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتكە ھۆرمەت قىلايلى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتەيلى» ... دېگەندەك خەت يېزىلغان تاختاي ۋە پىلاكاتلار قادالغان، ئېسىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار خۇددى شەكىل ئۈچۈنلا قاداپ قويۇلغاندەك ئەھمىيىتىنى يوقاتقان ھالدا بوينىنى قىسىپ تۇرۇپتۇ. ۋەھالەنكى، ئۇ يەردە بولسا تاختايدا يېزىلغاننىڭ ئەكسىچە ئىشلار يۈز بېرىۋېتىپتۇ. «بەلكىم ئېتىقادسىز كىشىلەرنىڭ دېگىنى بىلەن قىلغىنى كۆپ ھاللاردا بىر يەردىن چىقمىسا كېرەك. سىياسىي ھوقۇق چېكىگە يەتكەندە، شەكىلۋازلىق ئۇچىغا چىققاندا، ھەتتا مازار ـ ماشايىخلارمۇ چەتتە قالمايدىكەن» دېگەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم.

كەچتە ئۆيگە قايتىپ كېلىپ تېلېۋىزورنى ئاچسام شىنجاڭ سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ خەۋەرلەر پروگراممىسىدا مۇخبىر ئەسقەر ھېسامىدىن ئىشلىگەن «قىرمىش ئاتام ياش تۆكمەكتە» دېگەن پروگراممىنى كۆرسىتىلىۋېتىپتۇ. مانا، مەن تېخى بايىلا كۆرگەن كۆرۈنۈشلەر. ئەنە، قالايمىقان تاشلانغان ھاراق بوتۇلكىلىرى، قۇتىلار، تاماكا قاپلىرى ۋە باشقا ئەسكى ـ

تۇسكىلەر . . .

شۇئان ، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» مۇخبىرى دىلشاد غوجائەھمەدنىڭ «شىنجاڭ ساياھەتچىلىكى قانداق داڭلىق ماركا يارىتىشى كېرەك ؟» دېگەن ماقالىسىدىكى مۇنۇ قۇرلار يادىمدىن كەچتى : «ئۇ (شىنجاڭ ساياھەتچىلىك گۇرۇھىنىڭ لېدىرى ۋاڭ ۋېيپىڭنى دېمەكچى ) بېشىدىن ئۆتكەن مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى : بۇلتۇر بىز بىر قىسىم چەت ئەللىكلەرنى بىر قىسىم ساياھەت رايونلىرىغا ساياھەتكە ئاپاردۇق . ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇچى مۇھىت ئاسراش تەرەپدارى ئىكەن . بۇ ئۇچەيلەن ساياھەت رايونىغا بېرىپلا ئەتراپتىكى مۇھىتنى كۆرۈپ ئارقىغا ئۆرۈلۇپلا قايتتى . ‹نېمىشقا قايتىسىلەر ؟› دەپ سورىساق ، ئۇلار : ‹بىزنىڭ بۇنداق چىرايلىق مۇھىتنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغىنىنى كۆرگىمىز يوق› دېدى . شىنجاڭغا 12 قېتىم كەلگەن ئەنگلىيىلىك بىر ئايال ساياھەتچى تېلېكامىراسىنى ئېلىپ تەكرىتېغىنىڭ جەنۇب - شىمالىنى پۇتۇنلەي ئايلىنىپ چىقىپ يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن ماڭا خەت يېزىپتۇ . ئۇ خېتىدە : ‹نېمە ئۇچۇن تېلېكامىراغا ئېلىنغان شىنجاڭنىڭ بارلىق گۈزەل مەنزىرە رايونلىرى كۆرۈنۈشىدە كۆن نۇرىدا پارقىرىغان قۇرۇق هاراق بوتۇلكىلىرىنى كۆرىمەن ؟› دەپتۇ . بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنى ئوڭايسىزلاندۇرىدىغان مەسىلە . دېمەك ، بىزنىڭ بىر قىسىم رايونلىرىمىزنىڭ ساياھەت بايلىقىنى ئېچىشىدا ھەقىقەتەن مەسىلە مەۋجۇت . ساياھەت بايلىقىنى ئېچىشتا بىز يىراقنى ئويلىشىمىز ، يەنى مۇھىم نۇقتا — مۇھىتنى ئاسراش مەسىلىسىنى چوقۇم ئويلىشىمىز كېرەك .»①

ئىش تېخى بۇنىڭلىق بىلەن تۈگىگىنى يوق . قىرمىش ئاتام مازىرىدىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس تاۋاپگاھ خەنزۇ تىلىغا « 神木园 » دەپ ئۆلۈك تەرجىمە قىلىنغان . ئۇ «سىرلىق ئورمان

① «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» نىڭ 2000 - يىلى 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىكى سانى ، 3 - بەت .

باغچىسى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . ئۇ مۇقەددەس مازارنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى ئۆزىدە تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمەيلا قالماستىن، بەلكى بىزنىڭ تىل ئادىتىمىزگە تۈپتىن خىلاپ ! چۈنكى بىزدە ئەلمىساقتىن تارتىپلا «مازار» بىلەن «باغچا» روشەن پەرقلىنىپ ئايرىپ كەلگەن . بۇنداق بىمەنىلىكنى مىللىي ئادىتىمىز سىغدۇرالمايدۇ .

تېخىمۇ ئېچىنارلىقى ، ئاقسۇ قىزىمىش ئاتام مازىرى ھاراق چەكلىك شىركىتى قىلچە تەپ تارتماي ئۆزلىرى ئىشلەپ چىقارغان يۇرۇشلۇك ھاراقلارغا «قىزىمىش ئاتام مازىرى ھارىقى» دەپ نام بېرىپ تېلېۋىزىيە ئېلانلىرىدا ئوچۇقتىن ئوچۇق بازارلاتماقتا .

مىللىي ئۆرپ - ئادەت ، مىللىي غۇرۇرغا قىلىنغان بۇنداق ھاقارەتلەر نېمىشقا مەنىۋىيىتىمىزگە تەسىر قىلمايدىغاندۇ ؟ ئەجەبا بىز شۇ دەرىجىدە زەئىپلىشىپ كۆزىمىز كۆرمەس ، روھىمىز سەزمەس بولۇپ كەتكەنىمىدۇ ؟ ! ھەي ئۇيغۇر ، ھەي مازار !

# بالىلار، كومپيۇتېر ۋە هاراق بوتۇلكىسى

بىزدىكى نۇرغۇن بالىلار ئايىغى چىسقماس تەكشۈرۈشلەر، ئىمتىھان، سىناق، تاپشۇرۇقلارغا بەرداشلىق بېرىشتىن سىرت، يەنە ئوقۇش پۇلى، كىتاب پۇلى، دەرسلىكلەردىن سىرت، كىتاب ـ ژۇرنال سېلىقى، گۈل سېلىقى، بوتۇلكا سېلىقى، ئەمگەك سېلىقى . . . قاينىمىدا تېپىرلاپ يۈرمەكتە.

يېقىندا ئاقسۇ شەھەرلىك كۇتۇپخانىغا كىتاب ئارىيەت ئالغىلى بېرىپ كىتاب ئىزدەۋاتسام ئاقسۇ شەھىرىدىكى مەلۇم بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئىشلەيدىغان بىر ئوقۇتقۇچى كىرىپ كەلدى ۋە مۇپەتتىش ئۆمىكىنىڭ تېخىچە مەكتەپكە كېلىپ بولالمىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ كۇتۇپخانا خادىمىدىن قايتا ـ قايتا ئەپۇ سورىغىلى تۇردى.

هەيران قالدىم، مۇپەتتىش ئۆمىكى بىلەن كۇتۇپخانا خادىمىنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى باردۇ؟

كېيىن ئۇقسام ئىش ئەسلىي مۇنداق ئىكەن: ئاقسۇ شەھىرىدىكى ×× باشلانغۇچ مەكتىپى يۇقىرىدىن چۈشۈرۈلگەن «ئوقۇغۇچى بېشىغا دەرسلىك ماتېرىياللاردىن سىرت 20 پارچىدىن كىتاب ـ ژۇرنال توغرا كەلگەن بولۇش» دېگەن كۆرسەتكۈچنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلارغا كىتاب ئەكېلىسەن دەپ سېلىق سالغان بولسىمۇ، ۋەزىپە ئورۇندالمىغاچقا هەر خىل مۇناسىۋەت يوللىرى ئارقىلىق مەزكۇر كۇتۇپخانىدىن نەچچە يۈز پارچە كىتاب ئارىيەت ئېلىپ مۇپەتتىش ئۆمىكىنىڭ تەكشۈرۈشىگە «تاقابىل» تۇرماقچى بولغان.

ئاقسۇ شەھىرىدىكى خېلى نۇقتىلىق بىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئوقۇغۇچىلارغا كىتاب - ژۇرنال سېلىق سېلىش ئەھۋالى ئاشۇ مەكتەپتىمۇ مەۋجۇت ئىكەن. بۇ مەكتەپ يىغىلغان كىتاب - ژۇرناللارنى بىر ئىشخانىغا تىقىدىكەن - دە، مۇپەتتىش ئۆمىكىنىڭ كېلىشىگە ئۇلگۇرتۇپ ئىشكىنى ئېچىپ ئانچە - مۇنچە تازىلاپ، كىتاب - ماتېرىياللارنى رەتلەپ قويىغان بولىدىكەن. مۇپەتتىشلەر كەتكەندىن كېيىن ئىشىك بىر تاقالغانچە ئاي - يىللاپ ئېچىلمايدىكەن.

بىر كۈنى تونۇشۇمنىڭ تەشتەكلىك گۈل كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدىم. ئوقۇشۇمچە مەكەپتىن ھەربىر ئوقۇغۇچىغا «مانچە تاشتەكتىن گۈل ئەكېلىسەن» دەپ سېلىق سالغاچقا، ئۇ بالىسى ئوقۇۋاتقان مەكتەپكە گۈل ئاپىرىپ بەرگەنىكەن.

يەنە مەلۇم يېزىدا ئىككى بالىنىڭ قاۋاقخانا ئالدىدا بوتۇلكا تالىشىپ ئۇرۇشۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدىم. بىلسەم قىسمەن يېزا مەكتەپلىرى بالىلارغا بوتۇلكا سېلىقىمۇ سالىدىكەن.

مەن ئاساسىي قاتلامدا ئىشلەۋاتقان كادىر بولغاچقا ئادەتتە دېھقانلار بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىمۇ خېلى كۆپ بولىدۇ. ھەر قېتىم يېزىغا بارغىنىمدا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ گاھىدا ئېتىزلىقلاردا ئەمگەك قىلىۋاتقانلىقىنى، گاھىدا ئېتىز بېشىدىكى ئېرىق بويلىرىدا ئولتۇرۇپ قاتتىق نان غاجاپ سۇ ئىچىۋاتقانلىقىنى كۆرىمەن. شۇ يەردىكى دېھقانلاردىن ئۇقۇشۇمچە بالىلارنىڭ بۇنداق ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغا قاتنىشىشى «نورمال ئىش» قا ئايلىنىپ قالغىلى تۇرۇپتۇ. بەزى مەكتەپلەرنىڭ يىلدا كىرىم توپلاش ۋەزىپىسى بولغاچقا، ئۇلار ئوقۇغۇچىلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش يولى بىلەن ۋەزىپىسىنى ئورۇندايدىكەن.

يەنە بەزى ئاتا - ئانىلارنىڭ تەتىلنى، دەم ئېلىش كۈنلىرىنى، ھېيت - بايراملارنى ۋە «مەجبۇرىي ئەمگەككە قاتنىشىش كۈنلىرى»

نى چىقىرىۋەتكەندە، بالىلىرىنىڭ مەكتەپتىكى مۇنتىزىم تەربىيە ئېلىش ۋاقتىنىڭ تايىنلىقلا ئىكەنلىكىنى، ھالبۇكى شۇ يېزىدىكى خەنزۇ مەكتەپلەردە مۇنتىزىم دەرس ئوقۇلىدىغانلىقىنى، ئۇلاردا ھە دېسىلا بالىلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە ھەيدەيدىغان ئەھۋاللارنىڭ ئاساسەن يوق دېيەرلىك ئىكەنلىكىنى... ئىنكاس قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىم.

دۇرۇس، بىزمۇ كاللىمىزنى قاتتىق سىلكىۋېتىپ ئويلىنىپ باقمىساق بولمىغۇدەك: ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى زادى نېمە؟

ئۇلارنىڭ ئەسلىدىلا تۈرلۈك ئايىغى چىقماس تەكشۈرۈش، ئىمتىھان، سىناق، سوئال سوراش، تاپشۇرۇق دېگەندەكلەرگە بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتقانلىقىنى ئاز دەپ، ئۇلارغا يەنە ئوقۇش پۇلى، كىتاب پۇلى، دەرستىن سىرتقى كىتاب ـ ژۇرنال، گۈل، بوتۇلكا، مەجبۇرىي ئەمگەك سېلىقلىرىنى سالساق، قايسىبىرىنى قىلىپ ئۈلگۈرەر ـ ھە؟ مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا بىزدىنمۇ «شۇلى» چىقمايدۇ دەپ كىم ھۆددە قىلالايدۇ؟

يېقىندا جېجياڭ ئۆلكىسىدىكى جىنخۇا 4 ـ ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ تولۇق 2 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى شۈلىنىڭ مەكتەپ بېسىمىنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكىگە چىدىماي ئۆز ئاپىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى پۈتكۈل جۇڭگو جەمئىيىتىدە كۈچلۈك زىلزىلە پەيدا قىلدى. كىشىلەر جۇڭگو مائارىپىدا ئۆزۈل ـ كېسىل ئىسلاھات ئېلىپ بارماي بولمايدىغانلىقىنى ھەقىقىي تونۇپ يەتتى!

گۇاڭدۇڭدا چىقىدىغان «جەنۇب شامىلى كۆزنىكى» ژۇرنىلىنىڭ 2000 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىكى «ئەقىل ـ پارسەتنىڭ خورىشى» ناملىق ماقالىدە مۇنداق ئىشلار يېزىلغان: شاڭخەيدىكى مەلۇم بىر ئوتتۇرا مەكتەپ يۇقىرىنىڭ تەكشۈرۈشىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلارغا ئۆزلىرى تۈرۈشلۈق رايوندىكى ھۆكۈمەت،

خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئەمەلدارلىرىنىڭ ئىسمىنى بىر ـ بىرلەپ يادلاتقۇزغان .
گۇيياڭ شەھىرى مەملىكەت بويىچە تازىلىقتا پاكىز شەھەرنى تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن پۈتۈن شەھەردىكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن «ساغلاملىق تەربىيىسى ئۇنىۋېرسال بىلىملىرى» گە ئائىت 113 سوئال ـ جاۋابنىڭ ھەممىسىنى يادلاشنى تەلەپ قىلغان . نەتىجىدە باشلانغۇچ مەكتەپ 5 ـ يىللىقنىڭ بىر ئوقۇغۇچىسى سوئال ـ جاۋابنى تولۇق يادلاپ بولالمىغاچقا ، سىنىپ مۇدىرىنىڭ تەن جازاسىغا ئۇچراپ ، تەكشۈرۈش ئۆمىكى كېلىدىغان كۈنى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان .
«بۇ يەردە مەن سەل قارىغىلى بولمايدىغان بىر مەسىلىنى ئويلاپ قالدىم . ئوقۇغۇچى زادى نېمە ئىش قىلىشى كېرەك؟ رايونلۇق ھۆكۈمەت ، رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئەمەلدارلىرىنىڭ مۇبارەك نام ـ شەرىپى بىلەن ئۇلارنىڭ زادى نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ‹ساغلاملىق تەربىيىسى ئۇنىۋېرسال بىلىملىرى› گە ئائىت 113 سوئال ـ جاۋابنى يادلاتقۇزۇشنىڭ قانچىلىك زۆرۈرىيىتى بار؟ يادلىسا نېمە بوپتۇ ، يادلىمىسا نېمە بوپتو؟ بۇ ، سېپى ئۆزىدىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى قالايمىقان ئىشلەتكەنلىك ، خوراتقانلىق !» دەپ يازىدۇ ئاشۇ ماقالىنىڭ ئاپتورى جاڭ شىنياڭ ئەپەندى .
يەنە بىرى ، بىزدە كىتابىي بىلىملەرنى ئۆلۈك ھالدا بالىلارغا زورلاپ تاڭىدىغان ، ئۇلارنىڭ ئىجادىي تەپەككۇرىنى بوغىدىغان ، ئەقىل ـ پاراسىتىنى بىھۇدە خورىتىدىغان ئەھۋاللار ئېغىر . يەنە شۇنداقمۇ ئوقۇتقۇچىلار باركى ، ئوقۇغۇچىلار دەرسكە مۇناسىۋەتسىز دەپ قارالغان سوئاللارنى سوراپ قالسا ، ئۇنى جاۋابسىز قالدۇرۇش بىلەنلا قالماي يەنە تەنقىدلەپ ، ساۋاقداشلىرى ئالدىدا تەڭقىسلىقتا قالدۇرۇپ ، ئوقۇش قىزغىنلىقى روھىغا سوغۇق سۇ سېپىدۇ .



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باي ناھىيىسىدىكى مەلۇم باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئوقۇتقۇچىسىدىن : «دۇنيادا تۇنجى دەرەخنى كىم تىككەن ؟» دەپ سوئال سورىغان . ئوقۇتقۇچى بۇنى دەرسكە مۇناسىۋەتسىز سوئال دەپ قاراپ ئۇنىڭغا لايىقىدا جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا باشقا بالىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا تەنبىھ بەرگەن . شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ ئوقۇغۇچى ئوقۇتقۇچىلاردىن قايتا سوئال سوراشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالغان .

مەلۇم ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئوقۇتقۇچىسىدىن : «توخۇ بۇرۇن پەيدا بولغانمۇ ، تۇخۇممۇ ؟» دەپ سورىغاندا ئوقۇتقۇچى بۇنىڭغا ئىلمىي يوسۇندا تېگىشلىك جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا : «بۇنى بېرىپ ئۆيۈڭدىكى خورازدىن سورا !» دېگەن ھەم دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن ئۇ ئوقۇغۇچىنى قاتتىق تەنقىدلەپ ، ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا ئۆزىدىن «مۇناسىۋەتسىز سوئالنى سوراپ» ئوڭايسىز ئەھۋالدا قويغانلىقىنىڭ ئۆچىنى ئالغان . نەتىجىدە بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇشتىن كۆڭلى سوۋۇپ مەكتەپتىن چېكىنىپ كەتكەن .

ئەمەلىيەتتە بىزدە ئاشۇنداق خاس تەپەككۇر ئادىتىنى يېتىلدۈرۈپ ئۇزلۇكسىز سوئال قويۇپ ئۇنىڭغا جاۋاب تېپىش يولىدا ئىزدىنىۋاتقان بالىلارغا مەدەت بېرىلىشى لازىم ئىدى . ئەكسىچە كىتابىي بىلىملەرنى قارىغۇلارچە يادلاپ ئىمتىھاندا 100 نومۇر ئالغان ئوقۇغۇچىلارنى «ئەلاچى» دەپ ماختىدۇق . بۇ بىزدىكى ئەقىل - پاراسەت ئىسراپچىلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس . بۇ مەنىدىن بىزنىڭ مائارىپىمىز ھازىرمۇ ھەقىقىي تۇردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپالىغىنى يوق !

«مېنىڭچە بىز قاچانكى كىشىلەرنىڭ ھاياتى ، ئەقىل - پاراستىنى ئەرزىمەس ئىشلارغا سەرپ قىلىۋېتىشتىن ساقلىنالىساق ، قاچانكى تەپەككۇرىمىزنى بوغۇپ قويماي ئەركىن پەرۋاز قىلدۇرالىساق ، ئاندىن ئىجاد قىلالايمىز ۋە تەرەققىي

www.uyghurkitap.com

قىلالايمىز » دەيدۇ جاك شىنياك ئەپەندى .

دۇنيا ئۆزگەرمەكتە ، جەمئىيەت ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلماقتا . يەر شارى ئىقتىسادىي رىقابىتىدە بىلىمنىڭ رولى بارغانسېرى مۇھىم ئورۇنغا ئۆتمەكتە . «بىلىم ئىگىلىكىنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ ، ئۇچۇرلىشىش بىلەن يەر شارىنىڭ زىچ باغلىنىشى تۈپەيلىدىن ئۇنىۋېرسال تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ ئارقىدا قالغۇچىلارنى رەھىمسىزلەرچە شاللىۋېتىشى مۇقەررەرلىككە ئايلىنىپ قالماقتا» . بۇ هال مائارىپىمىزغا يېڭىدىن يېڭى تەلەپلەرنى قويماقتا . بۇ جەھەتتە ئەمدىلەتىن ئۇيقۇمىزنى ئېچىپ «ساپا مائارىپى» غا ئېنىقلىما بېرىپ بولالمايۋاتساق ، ساپا مائارىپىنىڭ پايدىسى بىلەن دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ 70 % نى ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ بولغان غەرب ئەللىرى (ئامېرىكا ، ياپونىيە ۋە ياۋروپا ئەللىرى ) تېخىمۇ ئىلغار بولغان «ئەركىن مائارىپ» ئەندىزىسى ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتىدۇ .

بۇ خىل مائارىپنىڭ ئىجادچىسى ئامېرىكىلىق سودبورى بولۇپ ، هازىرغىچە بۇ خىل مائارىپ ئامېرىكىدىكى 25 مەكتەپكە كېڭەيگەن . بۇ خىل ئوقۇتۇش تۈزۈمىدىكى مەكتەپلەردە باللار يىللىقلارغا ئايرىلمايدىكەن ، سىستېمىلاشقان دەرسلىكلەر ئۆتۈلمەيدىكەن . يوقلىما ، سىناق ـ ئىمتىهان دېگەندەكلەر ئەسلا مەۋجۇت ئەمەسكەن . ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن نېمىگە قىزىقسا شۇنى قىلىدىكەن . . . بۇ خىل مائارىپنىڭ مەقسىتى باللار كىچىكىدىن باشلاپلا باشقىلارنىڭ هەيدەكچىلىكىدە ئەمەس ، بەلكى ئۆز ئالدىغا ئەركىن ياشاشقا ، ئىزدىنىشكە ، ئىجاد قىلىشقا ئادەتلەندۈرۈش ئىكەن .

نەتىجىدە بۇ خىل مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇستەقىل ئىجادىي تەپەككۇرى خېلىلا ئۆتكۈر بولۇپ ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىش نىسبىتى 70 % كە يەتكەن . هەتتا ئالدىنقى قاتاردىكى ئوقۇغۇچىلار خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق داڭلىق

ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا بىمالال كىرىپ كېتەلىگەن .

بىزنىڭ مائارىپ ئەندىزىمىز بويىچە ئىسمىنى يازالىغان، گېزىت ئوقۇيالايدىغانلار ساۋاتلىقلار سانىلىدۇ . بىراق، ب د ت ساۋاتسىز دېگەن ئۇقۇمغا يېڭىدىن چەك قويۇپ، هازىرقى زامان ئۈچۈرلىرىنىڭ شەرتلىك بەلگىلىرىنى تونۇمىغانلار؛ كومپيۇتېردا ئۈچۈر ئالماشتۇرۇش ۋە باشقۇرۇشنى بىلمەيدىغانلارنىمۇ ساۋاتسىزلار قاتارىغا چىقىرىۋەتتى .

مۇشۇ ئۆلچەم بويىچە قارىغاندا مىللىتىمىزنىڭ ئەسلىدىكى ئاز بولمىغان ساۋاتسىزلار قوشۇنىغا يەنە نەچچە هەسسە كۆپ ساۋاتسىزلار (ئۆزۈممۇ شۇنىڭ ئىچىدە) قوشۇلدى، دېگەن گەپ .

ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە، ئامېرىكا بەش ياشلىق باللار ئارىسىدا كومپيۇتېر بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا تۇتۇش قىلىنىۋېتىپتۇ . بىراق، بىزدىكى باللار ئايىغى چىقماس تەكشۈرۈشلەر، ئىمتىهان، سىناق، تاپشۇرۇقلارغا تاقابىل تۇرۇشتىن سىرت يەنە ئوقۇش پۇلى، كىتاب پۇلى، دەرسلىكلەردىن سىرت كىتاب ـ ژۇرنال سېلىقى، گۇل سېلىقى، بوتۇلكا سېلىقى، ئەمگەك سېلىقى . . . قاينىمىدا تېپىرلاپ يۈرمەكتە .

تەرەققىي تاپقان جايلاردىكى باللارنىڭ بۇدرۇقلىقىنا ئۇماق قوللىرى كومپيۇتېر كۇنۇپكا تاختىسى ئۈستىدە بىمالال مەشغۇلات ئېلىپ بېرىۋاتسا، بىزدىكى باللارنىڭ مۇڭغا تولغان كۆزلىرى قاۋاقخانىلار ئالدىدا بوتۇلكا تاماسىدا مۆلدۈرلەپ تىكىلمەكتە . . . بۇ نېمىدېگەن روشەن سېلىشتۇرما ـ هە؟!

**پايدىلانغان ماتېرىياللار :**

① «جەنۇب شامىلى كۆزنىكى» 2000 ـ يىللىق 1 ـ سان، 54 ـ بەت.
② «شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» نىڭ 1999ـ يىللىق سانلىرى.
③ «تەرمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 2000 ـ يىللىق 5 ـ سانى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى

# غەلىتە شەرتتىن تۇغۇلغان ئويلار

بىر دوستۇم يېقىندا ماڭا كىشىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى:

دوستۇمنىڭ شىرەم تۇغقىنى ئەتىۋارلىق پەرزەنتىنىڭ ئارزۇسى بويىچە بالىسىنى سەنئەت مەكتىپىدە ئوقۇتماقچى بوپتۇ. بىراق، شۇ مەكتەپ بەلگىلىگەن مۇزىكا ئەسۋابلىرى دۇكىنىدىن جەزمەن بىر ئېلېكترونلۇق رويال سېتىۋېلىشنى شۇ مەكتەپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىپ بەلگىلەپتۇ. مەكتەپتىكى ئالاقىدار خادىملارنىڭ ئۇقتۇرۇشچە پەقەت شۇ شەرتنى ئورۇندىسىلا پەرزەنتلەرنىڭ مەكتەپلەرگە بىمالال كىرىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىمىسىمۇ بولىدىكەن. ئەمما، جەزمەن بەلگىلەنگەن دۇكاندىن ئېلىشى شەرتكەن.

دوستۇمنىڭ شىرەم تۇغقىنى پەرزەنتىنىڭ ئارزۇسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ ئون نەچچە مىڭ يۈەن خەجلەپ بەلگىلەنگەن چالغۇ ئەسۋابلار دۇكىنىدىن بىر ئېلېكترونلۇق رويال سېتىۋالغانىكەن، دەرۋەقە ئۇياقنىڭ بالىسى كەسىپتىكى ئىمتىھان نەتىجىسىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغىنىغا قارىماي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىپتۇ. ۋەھالەنكى، كەسىپتىكى ئىمتىھان نەتىجىسى ناھايىتى ياخشى بولغان قىسمەن بالىلارنىڭ ئېلېكترونلۇق رويال سېتىۋېلىشقا قۇربى يەتمىگەچكە قوبۇل قىلىنىش ئۇقتۇرۇشىغا ئېرىشەلمەپتۇ.

ئىگىلىنىشىچە، ئېلېكترونلۇق روياڭنى باشقا خالىغان

دۇكاندىن ئېلىشقا بولمايدىكەن . «بەلگىلىمى»گە خىلاپلىق قىلىنسا ئوخشاشلا مەكتەپكە قوبۇل قىلىنمايدىكەن . ئوقۇرمەنلەر شۇنى قىياس قىلالايدۇكى ، بەلگىلەنگەن بۇ دۇكان شۇ مەكتەپنىكى خېلى يۈز - ئابرۇيلۇق بىر رەھبەرنىڭ خۇسۇسىي دۇكىنى بولۇپ ، ئاشۇ جانابىي «دۇكاندار» چالغۇ ئەسۋابلىرى زاۋۇتىدىن ئىچكى باھادا كىرگۈزگەن مەھسۇلاتلىرىنى مۇشۇ يول بىلەن سېتىپ چىقىرىپ زور پايدا ئالىدىكەن .

قارىماققا ، سەنئەت كەسپىدە ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ چالغۇ ئەسۋابلىرىنى سېتىۋېلىشى خۇددى باشقا كەسپتە ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەپتەر ، كىتاب سېتىۋالغىنىدەك نورمال ئىشتەك كۆرۈنىدۇ . سەۋەب ناھايىتى ئاددىي بولۇپ ، ئوقۇغۇچىلاردا ئوقۇش قوراللىرى تولۇق بولغاندىلا دەرسلەرنى ئوبدان ئۆزلەشتۈرەلەيدۇ .

ۋەھالەنكى ، ماھىيەت جەھەتتىن بۇنى سىپپى ئۆزىدىن چىرىكلىك دېمەي بولمايدۇ . چۈنكى ھازىر ئوتتۇرا تېخنىكومدىن تارتىپ ئالىي مەكتەپلەرگىچە ھەقلىق ئوقۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇۋاتىدۇ . بۇ ھال ئاشۇ مەكتەپلەردىن ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ شارائىتىنى ياخشىلاشنى تەلەپ قىلىپلا قالماي ، يەنە يۇقىرى دەرىجىلىك مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ مۇۋاپىق ھەق ئېلىش ئۆلچىمىنى قېلىپلاشتۇرۇپ قالايمىقان ھەق ئېلىشنى ، بىنورمال ۋاسىتىلەر بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ «چۆنتىكىگە قول سېلىش» نى چەكلەشنى جىددىي تەقەززا قىلىدۇ . يەنە كېلىپ بۇ خىل غەلىتە شەرتلەر ئەسلىدىنلا سەنئەت ئاساسى ياخشى ، سەنئەتكە ئوتتەك قىزىقىدىغان ، كەلگۈسىدە داڭلىق سەنئەتكار بولۇپ يېتىشىپ چىقىش ئېھتىمالى بولغان نوتىلارنى بىخ ھالىتىدىلا سەنئەت مۇھىتىدىن مەھرۇم قىلىدۇ .

يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا ، بۇنداق شەرتلەر مەكتەپلەر ئارا ئوقۇغۇچى مەنبەسىنى تالىشىش رىقابىتى كۈنسايىن كۈچىيىۋاتقان شارائىتتا ، شۇ مەكتەپنىڭ ئوبرازىغا نۇقسان يەتكۈزۈپ ئىجتىمائىي

ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن يامان تەسىر پەيدا قىلىدۇ ـ دە ، پايدىنى بىر ئادەم ئالغان بىلەن زىياننى پۈتكۈل مەكتەپ خادىملىرى تارتىدۇ . تەپسىلىي كۆزىتىدىغانلا بولساق بۇنداق غەلىتە شەرتلەرنىڭ جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز .

مەلۇم بىر ئوتتۇرا مەكتەپتىكى سىنىپ مۇدىرلىق خىزمىتىنى ئۆتەۋاتقان بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىش ئورنىدىن قالغان ئايالى مەكتەپنىڭ بېقىنىغا ئاشخانا ئاچقان ، سىنىپ مۇدىرى سىنىپىدىكى بارلىق ئوقۇغۇچىلىرىدىن جەزمەن شۇ ئاشخانىدىن تاماق يېيىشنى ئالاھىدە تەلەپ قىلغان . «تەلەپ» كە ئانچە كۆنمىگەن بىرقانچە ئوقۇغۇچىنىڭ نىمنشقىدۇر ئىمتىھان نەتىجىسى كۆڭۈلدىكىدەك بولمايلا قالماستىن ، يەنە دائىم سىنىپ مۇدىرىدىن ھەر خىل باھانىلەر بىلەن تەنبىھ ئاڭلاپ تۇرغان . بۇ ساۋاقنى يەكۈنلىگەن باشقا ئوقۇغۇچىلار ئامالسىز خالىمىسىمۇ شۇ ئاشخانىدىن مەجبۇرىي تاماق يېگەن .

ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ ئوقۇيدىغان ياتاقلىق مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ ، بەربىر سىرتتىن تاماق يېيىشكە توغرا كەلگەندىمۇ قايسى ئاشخانىدىن قايسى تۈردىكى تاماقلارنى يېيىش پۈتۈنلەي ئۇلارنىڭ ئۆز ئىختىيارىدىكى ئىش بولۇش لازىم ئىدى .

يەنە مەلۇم بىر يېزىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ باشلىقى يىلدا بىر قېتىم ئېلىپ بېرىلىدىغان تراكتور ۋە تراكتور شوپۇرلۇق كىنىشكىسىنى تەكشۈرۈش ئىشىنى يېزا مەركىزىدىن خېلىلا يىراقتىكى بىر سايلىققا ئورۇنلاشتۇرۇپ ، ئائىلىسىدىكىلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ سايغا ۋاقىتلىق ئاشخانا ئاچقان . تراكتور ھەم شوپۇرلۇق كىنىشكىسىنى تەكشۈرتۈشكە كەلگەن شوپۇرلار ئاشۇ سايلىقتا ئېچىلغان ۋاقىتلىق ئاشخانىدىن تاماق يېيىشكە مەجبۇر بولغان .

نەتىجىدە پونكىت باشلىقىمۇ بۇ ۋاقىتلىق ئاشخانىدىن خېلىلا ئوبدان كىرىم قىلىنىۋالغان .

يۇقىرىقىدەك غەلىتە شەرتلەر جەمئىيەتتە چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە . بىر قارىماققا ئۇ ئادەتتىكى ئىشتەكمۇ كۆرۈنىدۇ ، ھەتتا بەزىلىرى باشقىلارغا قولايلىق يارىتىپ بېرىدىغان ، «جان دىلى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان» كەيپىيات تۈسىنىمۇ ئالغان بولۇپ ، يۈزەكى جەھەتتىن ياخشى ئىشتەكمۇ قىلىدۇ . ۋەھالەنكى ، ماھىيەت جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇنىڭدىن «ھوقۇقنىڭ كۈچىدىن لاتا قوزۇقمۇ يەرگە ماڭىدۇ» ، «ھوقۇق دېمەك پۇل دېمەكتۇر» دېگەن «ھوقۇق پەلسەپىسى» نىڭ قاڭسىق پۇرىقى پۇراپ تۇرىدۇ . شۇڭا ، جەمئىيەتىمىزدە ھوقۇققا چوقۇنۇش ، ھوقۇققا قارىغۇلارچە ئىنتىلىشتەك ناتوغرا كەيپىيات ئەۋج ئالغان .

بۇ خىل ناتوغرا كەيپىيات ئۆز نۆۋىتىدە تۈرلۈك «غەلىتە شەرت» لەرنى رويابقا چىقىرىپ كالتە قوشۇقنىڭ سېپىچىلىك ئەمەل ئۈچۈنمۇ ھەممە نېمىسىدىن كېچىدىغان ، ھوقۇققا توغرا يول بىلەن ئەمەس ، ھەر خىل رەزىل ۋاستىلەر بىلەن ئېرىشىشكە ئورۇنىدىغان ، ھوقۇققا ئېرىشىۋالغاندىن كېيىن ھەر خىل «غەيرىي شەرتلەر» نى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ ، ۋاستىلىك يوللار بىلەن خەلق بەرگەن ھوقۇقنى خەلقنىڭ چۆنتىكىنى كولاشقا ئىشلىتىدىغان ناچار قىلمىشلارنى رويابقا چىقىرىدۇ . بۇنداق قىلمىشلار نۆۋەتتىكى بازار ئىگىلىكى مېخانىزمى ۋە رىقابەت مېخانىزمى بىلەن تۈپتىن سىغىشالمايدۇ . يامان سۈپەتلىك ئۆسمە تۈسىنى ئالغان بۇ خىل كېسەللىكنىڭ يىلتىزىنى قۇرتمىغاندا تېخىمۇ شەلۋەرەپ جەمئىيەت كەيپىياتىنى بۇزىدۇ .

ئاددىيسى ئاشۇنداق سەلبىي تەسىرنىڭ بىۋاستە زەھەرلىنىشىگە ئۇچرىغان ئوقۇغۇچىلار كەلگۈسىدە قانداق ئادەم بولۇپ چىقار ؟

«ھوقۇق دېمەك پۇل دېمەك» ، «پۇل دېمەك ھوقۇق دېمەك»

www.uyghurkitap.com

دەيدىغان مۇشۇنداق ئاتالمىش «ھوقۇق پەلسەپىسى» ھوقۇقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان، ھوقۇق ئۈچۈنلا ياشايدىغان قوۋمدىن بىزگە يۇققان ناچار ئىللەت. ئۇنى مىللىي پسىخىكىمىز سىغدۇرالمايدۇ.

تارىخىمىزغا نەزەر سالساق ئەجدادلىرىمىزدا ھوقۇققا قارىغۇلارچە چوقۇنىدىغان «ھوقۇق كېسىلى» يوق دېيەرلىك بولۇپلا قالماي، يەنە ھوقۇقدار بىلەن ئاۋام ئوتتۇرىسىدىمۇ ئانچە پەرق بولمىغان. پاك ـ دىيانەت بىلەن ھالال ياشاشنى ئۆزىگە مىزان قىلغان خەلقىمىزدە بىر ـ بىرىنى بىھۇدە بوزەك قىلىدىغان، بىر ـ بىرىگە قارا سانايدىغان ناچار ئىللەت ئانچە كۆپ بولمىغان. ئۇلار ھالال ئەقىدە بىلەن ياشاشنى ساۋاب تېپىشنىڭ يولى قىلىپ تاللىغان.

تەكشۈرۈپ كۆرۈشۈمچە ئاشۇنداق «غەلىتە شەرتلەر» نى كەشىپ قىلغۇچىلار يەنىلا بىز بىلەن مىللەتداشلار بولۇپ جەمئىيەتتە خېلىلا يۈز ـ ئابرۇيلۇق، ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەر ھېسابلىنىدىكەن. شۇنداق ئىكەن ئۇلارنىڭ ئۆز مىللىتىدىن بولغان قېرىنداشلىرىغا قاراشاناشقا قانداقمۇ ۋىجدانى چىدىغاندۇ؟ بەلكىم ئۇلار «ئەخمەق قىلىنغۇچىلار بولمىغاندىلا ئاندىن ئەخمەق قىلغۇچىلار بولمايدۇ» دەپ ئويلىشى مۇمكىن. ئەمما، دۇنيادا ئۆز خەلقىنى ئەخمەت قىلىشتىنمۇ ئارتۇق جىنايەت بولمىسا كېرەك. دۇرۇس، «ئەگەر سەن ئادەم بولىدىغان بولساڭ، خەلقىڭنىڭ غېمىنى يېمىگەنلەرنى ئادەم ھېسابلىما» دېگەنىكەن ئەللامە بوۋىمىز نەۋائى.

دېمەك، پەۋقۇلئاددە قىسمەت بىلەن نامرات، بىچارە ھالەتتە ياشاۋاتقان خەلقىمىزنىڭ غېمىنى يېيىشنى ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتى دەپ بىلىشنىڭ ئورنىغا ئۇلارنى ئالداش، ئۇلارنى قاقتى ـ سوقتى قىلىش، ئۇلاردىن نەپ ئۈندۈرۈۋېلىش كويىدا يۈرگەن ئاشۇ مىتىلەرنى ئادەم سۈپەتلىك ھايۋان دېمەسلىككە نېمە چارە؟

قۇدرەت تېپىپ قەد كۆتۈرگەن دۇنيادىكى ئىلغار مىللەتلەرگە

قارايدىغان بولساق، ئۇلاردا ئاڭلىقلىرى ئاڭسىزلىرىنى يېتەكلەشنى، كۈچلۈكلىرى ئاجىزلىرىغا ھەمدەم بولۇشنى، قىسقىسى پۈتكۈل مىللەتنى ئورتاق روناق تاپقۇزۇشنى ئۆزىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى دەپ بىلگەن. ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى روھىنى بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئۆز مىللىتىدىكىلەرنىڭ يىلىكىنى شورايدىغان بىمەنە خاھىشى بىلەن سېلىشتۇرساق بىزدىكى روھىي پۈچەكلىك ئۆزلۈكىدىنلا ئاشكارىلانماي قالمايدۇ.

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ھەربىر ئەزاسىنىڭ ئۆز مىللىتىنى سۆيۈش، بايلىرى كەمبەغەللەرنى، كۈچلۈكلىرى ئاجىزلىرىنى، زىيالىيلىرى نادانلىرىنى، رەھبەرلىرى ئاۋاملىرىنى سۆيۈش، ئۇلارغا ياردەم بېرىش، ئۇلارنى توغرا يولغا، مۇستەھكەم ئېتىقادقا، ئورتاق قەد كۆتۈرۈشكە يېتەكلەشتە باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى بار، ئەلۋەتتە.

مۇبادا ئاشۇ مىتىلەر ئۆز «كەشپىيات» لىرى بەدىلىگە تېخىمۇ كۆپ بايلىق ۋە تېخىمۇ يۇقىرى ئىمتىيازغا ئېرىشىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ئۇيغۇر دېگەن مىللەت تەۋەلىكىنى ئۆزگەرتىۋالالىشى ۋە ئۇيغۇردىن ئىبارەت مۇشۇ مىللەت قوۋمىدىن مۇستەسنا ھالەتتە ياشىيالىشى ناتايىن. ھەرقانداق بىر ئادەم ئۆز مىللىتى ئىچىدىلا ھەقىقىي خۇشاللىقنى ھېس قىلالىشى، ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ھەقىقىي يوسۇندا چۈشىنىپ يېتەلىشى مۇمكىن. مىللەتنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەت شۇ مىللەتنىڭ ھەربىر ئەزاسىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتتۇر. بۇ خۇددى ئاتا ـ ئانىسى ئاغرىپ نىمجان ھالەتتە يېتىۋاتقان ئائىلىدىكى پەرزەنتلەرنىڭ خاتىرجەمسىزلىك كەيپىياتىدىن مۇستەسنا بولالمىغىنىدەك بىر ئىش. پۈتۈن بىر ئائىلىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا شۇ ئائىلىنىڭ بارلىق ئەزالىرىدا ئورتاق خاتىرجەملىككە ئىگە مۇھىت بولمىغاندا، شۇ ئائىلىنىڭ ھەربىر ئەزاسىنىڭ شەخسىي خاتىرجەملىكى بولۇشى ناتايىن.

شۇڭا ، يېقىنقى زامان تارىخىمىزغا نەزەر سالغىنىمىزدا ، تۆمۈر خەلپە ، خوجىنىيازھاجى ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان باھادىرلارنىڭ قان كېچىپ كۈرەش قىلىپ جان تەسەددۇق ئەيلىشىنى ، ئابدۇقادىر داموللام ، مەمتىلى ئەپەندى (تەۋپىق) ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرلارنىڭ قەتلى قىلىنىشى پۈتكۈل مىللەتنىڭ ھۆرلۈكى ، ئورتاق قەدىر كۆتۈرۈشىنى شەخسىي خاتىرجەملىكتىن ئۈستۈن كۆرگەن يۈكسەك مەسئۇلىيەت ئېڭىنىڭ مەھسۇلى دېمەي بولمايدۇ . ئۇلاردا مەسئۇلىيەت ئېڭى بولمىسا ئادەتتىكى كىشىلەردەك بىخارامان ياشاۋەرسىمۇ بىر ئۇبدان كۈن ئالالايتتى .

كۆز ئالدىمىزدىكى رېئاللىقتا كۆز يۈگۈرتكىنىمىزدىمۇ بىزدىن كېرەم ئىمىن ، تۇرتاي ھاجى ، مەخەت ھاجىمدەك ئۆزى تەرلەپ - پىشىپ مىڭ بىر جاپادا يىغقان پۇللىرىنى چىقىرىپ مەكتەپ ئېچىپ مىللەتنىڭ كەلگۈسى قۇرغۇچىلىرىنىڭ مەنىۋى كامالىتى ئۈچۈن تۆتاملاپ پۇل خەجلەشكە ئايانمايدىغان ساخاۋەت ئىگىلىرى چىقىۋاتىدۇ . ئۇلارنى مۇشۇنداق پۇل خەجلەشكە دەۋەت قىلىۋاتقان نەرسە پۈتكۈل مىللەتنى ئورتاق روناق تاپقۇزۇشتىن ئىبارەت شەخسىيەتتىن ھالقىغان مەسئۇلىيەت ئېڭىدۇر .

مۇبادا ئۇلار مىڭبىر تەستە تاپقان پۇلنى مەكتەپ ئېچىشقا ئەمەس ، بەلكى شەخسىي ھۇزۇر - ھالاۋەت ئۈچۈن خەجلىسىمۇ ھېچكىمنىڭ ئۇلارغا بىر نېمە دېيىش ھوقۇقى يوق ئىدى ، ئەمما ئۇلار ئۇنداق قىلمىدى . شەخسىي ھۇزۇر - ھالاۋەتتىن پۈتكۈل مىللەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئەلا بىلدى . شەخسىي قەد كۆتۈرۈشنىڭ ئورتاق قەد كۆتۈرۈشتىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى ، ئورتاق خاتىرجەملىكتىن مۇستەسنا ھالدىكى شەخسىي خۇشاللىقنىڭ ئەھمىيەتسىز ئىش ئىكەنلىكىنى چىن مەنىسى بىلەن ھېس قىلدى ، چۈشەندى .

مانا بۇ مەسئۇلىيەت ئېڭىدۇر . مەسئۇلىيەت ئېڭى بىر مىللەت ئۈچۈن ئاش بىلەن ناندەكلا زۆرۈر . مەسئۇلىيەت ئېڭى بولمىغان



www.uyghurkitap.com

مىللەتنىڭ روناق تېپىپ قەد كۆتۈرۈشى مۇمكىن بولمايلا قالماستىن، يەنە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىشىمۇ تەس گەپ. مەسئۇلىيەت ئېڭى پۈتكۈل مىللەت ئەزالىرىنىڭ ئىدىيىسىنى بىر ـ بىرىگە چېتىپ غايەت زور كۈچ ھاسىل قىلىدىغان مەنبۇى كۈچ.

نۆۋەتتە مىللىتىمىز ئۇچۇن زۆرۈر بولۇۋاتقان يەنە بىر نەرسە دەل ئەنە شۇنداق شەخستىن ھالقىغان مەسئۇلىيەت ئېڭىدۇر. ۋەھالەنكى، ھازىر مىللىتىمىزنىڭ ھەربىر ئەزاسىدا ئەنە شۇنداق مەسئۇلىيەت ئېڭى تەكشى يېتىلمىدى. بۇ ئىشتا زىيالىيلار قوشۇنىمىز بىلەن رەھبەرلەر قاتلىمىدىكىلەرنىڭ مەجبۇرىيىتى ئېغىر.

مەسئۇلىيەت دېگەنلىك جان پىدا قىلىش ۋە تۆتاملاپ پۇل خەجلەپ بېرىش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئۇ ئادەتتىكى ئۇششاق ئىشلاردىمۇ ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ھەققانىي ھالال مېھنەت بىلەن ياشاشنىڭ ئۆزىمۇ مەسئۇلىيەتتۇر.

www.uyghurkitap.com

# ئۈلگە كۆرسىتىش ئائىلىسى بولغانغا تويدۇق

بۇ يىل چاغاندىكى دەم ئېلىش پۇرسىتىدە يۇرتقا تۇغقان يوقلىغىلى بېرىپ بىر سورۇنغا داخىل بولۇپ قالدىم . شۇ سورۇندا دېيىلگەن مۇنداق بىر گەپ ـ سۆز مەندە ئويلىنىش پەيدا قىلدى .

مەلۇم يېزا دېھقانچىلىق رايون چارۋىچىلىقنى يۈكسەلدۈرۈپ ، شاخ ـ شۇمبا بىلەن چارۋا بېقىشنى ئومۇملاشتۇرۇش مەقسىتىدە يۇقىرىدىن بېرىلگەن ئۆسۈمسىز قەرزدىن پايدىلىنىپ شارائىتى خېلىلا ياخشى بولغان ×× كەنتىنىڭ بىر مەھەللىسىنى نۇقتا قىلىپ تۇرۇپ خىش قۇرۇلمىلىق ئۆي ۋە قوتانلارنى سېلىپ ، ئۇنىڭغا ھەم دېھقانچىلىق ھەم چارۋىچىلىقتا ئېپى بار دەپ قارالغان دېھقانلارنى كۆچۈرۈپتۇ .

بۇ ئىش دەسلەپتە دېھقانلارنىڭ ئىدىيىسىدىن ئۆتمەپتۇ . سەۋەبى ئۇلارنىڭ شۇنچە كۆپ قەرز پۇللارنى تۆلەپ بولۇشقا كۆزى يەتمەيدىكەن . شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئاخىر بۇ يېڭى ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىرىپتۇ . توك ، سۇ ، ھەتتا تېلېفونلىرىغىچە تەق بولغان ئازادە يورۇق ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىرگەندىن كېيىن ، ئۇلار رازى بولغان ھالدا : «ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمى بولمىغان بولسا بۇنداق ئۆيلەردە ئولتۇرۇش بىزگە بىر ئۆمۈر نېسىپ بولمايتتى ، شۇڭا بۇ ئەۋزەل شارائىتلاردىن پايدىلىنىپ تېخىمۇ تىرىشىپ ئىشلەپ قەد كۆتۈرۈپ ھۆكۈمەتكە جاۋاب قايتۇرىمىز» دېيىشىپتۇ خۇشال ھالدا . ئەمما ، ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى ئۇزۇنغا بارماپتۇ .

ئۇلارنىڭ پۇختا ، كۆركەم قىلىپ سېلىنغان پارنىك قوتىنىنىڭ دەرۋازىسىغا «شاخ ـ شۇمبا بىلەن چارۋا بېقىشتىكى ئۈلگە كۆرسىتىش ئائىلىسى» دېگەن قالەي تاختايچە مىخلانغان بولغاچقا

ئاشۇ تاختايچىدىكى «ئۆلگە كۆرسىتىش» دېگەن سۆزلەر دېھقانلارنى زادىلا ئارامىدا قويماپتۇ.

بىر كۈنى ئۆيىدىكى تېلېفون جىرىڭلاپ «بۈگۈن قوشنا يېزىلاردىن شاخ - شۇمبا بىلەن چارۋا بېقىشتىكى تەجرىبىلەرنى ئۆگەنگىلى ئادەم كېلىدۇ، چارۋىلارنى قوتاندىن چىقارماي ساقلاپ تۇرۇڭلار» دەپ بۇيرۇق بېرىلسە، يەنە بىر كۈنى «ئەتە ناھىيە رەھبەرلىرى پارنىڭ قوتانلىرىدىكى چارۋىلارنىڭ ئەي بولۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرگىلى كەلمەكچى، شۇڭا چارۋىلارنى قوتانغا سولاپ، ئالدىغا ئوت - چۆپلەرنى كۆپرەك تاشلاپ، هويلا - ئارامنى پاكىز تازىلاپ تەق بولۇپ تۇرۇڭلار» دەپ «يوليورۇق» بېرىلىدىكەن.

دېھقانچىلىقنىڭ تازا ئالدىراشچىلىق پەسلىدە ئاشۇ دېھقانلار بىر قولىنى ئىككى قىلىپ بولالماي ئېتىزلاردا ئىشلەۋاتسا يېزىنىڭ (ياكى كەنتنىڭ) نىڭ «دوغىسى» يۈگۈرۈپ كېلىدىكەن - دە، «ۋىلايەتتىن تەكشۈرۈش ئۆمىكى كەلگۈدەك، يېزا (كەنت) باشلىقلىرى سىلەرنى دەرھال ئۆيگە قايتىپ، جاڭگالدا ئوتلاۋاتقان چارۋىلارنى قوتانغا سولاپ، بولسا بىرەر پاقلاننى قازانغا تىقىپ تەق بوپ تۇرسۇن دەيدۇ» دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزىدىكەن.

بۇنىڭ بىلەن ئۇلار قولىدىكى كەتمەن - گۈرجەكنى تاشلاپ ئائىلە بويىچە «تەكشۈرۈش ئۆمىكى» نى كۈتۈۋېلىشقا ئاتلىنىدىكەن. ئەرلىرى نەچچە كىلومېتىر يولنى پىيادە بېسىپ جاڭگالدا بىر ئوبدان ئوتلاۋاتقان مال - چارۋىلىرىنى قايتىدىن قوتانغا ھەيدەش بىلەن ئاۋارە بولسا، ئاياللىرى ھويلا - ئاراملارنى تازىلاپ، قازان - قومۇچلارنى راسلاشقا تۇتۇنىدىكەن.

ئەڭ ئېچىنارلىقى، بۇنداق «تەكشۈرۈش» لەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيلا قالماستىن، تېخى بەزىدە دېگەن ۋاقتىدا كەلمەيدىكەن. شۇنداق چاغدا ئۇلار يا ئېتىز ئىشلىرىنى قىلالماي يا باشقا ئىشلارغا تۇتۇنالماي تىت - تىتلىق ئىچىدە بىھۇدە كۈن ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولىدىكەن. تېخىمۇ چاتاق يېرى ئاشۇ چارۋىچىلارنى «ئۆلگە قىلىپ كۆرسىتىمىز» دەپ كۈن بويى قوتانغا سولاپ قويۇلغاچقا ئاچ

قالىدىكەن (چۈنكى، شاخ، شۇمبا دېگەننىڭمۇ چېكى بار).

بۇ خىل ئەھۋاللارنىڭ داۋاملىشىشى ئاخىر بېرىپ «ئۆلگە كۆرسىتىش ئائىلىلىرى» نى ئۇممىدسىزلەندۈرۈپ قويغان. ئۇلار «ئۆلگە كۆرسىتىش ئائىلىسى بولغانغا تويدۇق» دېيىشكەن ئەلەم بىلەن.

كۆز ئالدىمىزدىكى ئاشۇ رېئاللىقلارنى ئېتىراپ قىلماسلىققا ئامالىمىز يوق. ھازىر يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە يېزىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىلىرىنى تەڭشەپ دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش مەسىلىسى تەكىتلىنىۋاتىدۇ. چۈنكى «يېزا مەسىلىسى ۋە دېھقانلار مەسىلىسى جۇڭگودىكى ئاساسلىق مەسىلىدۇر».

يەر شارى ئىقتىسادىنىڭ بىرگەۋدىلىشىشكە قاراپ يۈزلىنىشى ۋە دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ دەرۋازىمىزنى قېقىشى يېزا ئىقتىسادىمىزغا يېڭى خىرىسلارنى ئېلىپ كەلمەكتە. بۇ ھال بىزنى مەپكۇرىمىزنى يېڭىلاپ يېڭىچە قىياپەتلەر بىلەن رىقابەتكە قاتنىشىشقا قىستىماقتا. نۆۋەتتە، ئاشۇ خىرىسلار ئالدىدا تېڭىرقاپ قېلىۋاتقان دېھقان ـ چارۋىچىلىرىمىزنى رىقابەتتە قانداق جان ساقلاشقا يېتەكلەشنىڭ چارىسىنى قىلىشقا ئىزدىنىش بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچىمىزدۇر.

دېھقانچىلىق رايونلىرىدا چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنى كىرىشتۇرۇپ، ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى تولۇقلاش ئاشۇ خىل ئىزدىنىشنىڭ مېۋىسىدۇر. بۇ خىل ئىزدىنىش بەزى ئورۇنلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە ماس كەلگەچكە، بۇ ئىشقا ھۆكۈمەت مىليونلاپ ئۆسۈمسىز قەرز ئاجراتتى. نۇرغۇن دېھقانلار بۇنىڭدىن ئازتولا پايدا كۆرگەن بولسىمۇ، ئەمما يۇقىرىقىدەك بۇ ئىشتىن بىزار بولغانلارمۇ يوق ئەمەس، ئەلۋەتتە.

ئۇلارنىڭ «ئۆلگە كۆرسىتىش ئائىلىسى بولغانغا تويدۇق» دېيىشىدە يوشۇرۇن مەنە يوق ئەمەس. بۇنداق دېگەنلىك ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىدىن نارازى بولغانلىقنى كۆرسەتمەستىن، بەلكى يەرلىكتىكى شەكىلۋازلىقنى كۆرسىتىدۇ. دېمىسىمۇ مەركەزنىڭ، يۇقىرىنىڭ يېزا سىياسەتلىرى توغرا بولسىمۇ، لېكىن تۆۋەنگە

چۇشكەنىسىرى شاقلاپ ئۆزگىرىپ كېتىۋاتىدۇ.

تۆۋەنگە ۋاقتى - ۋاقتىدا چۇشۇپ خىزمەتلەرنى تەكشۇرۇپ تۇرۇشنى يامان ئىش دېگىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. بىراق، ئۇ دېھقانلارنىڭ ۋاقتىنى ئېلىش ھەم ئۇلارغا زىيان سېلىش بەدىلىگە ئېلىپ بېرىلماسلىقى لازىم ئىدى.

«ئۇلگە كۆرسىتىش ئائىلىلىرى» نىڭ بېشىغا كەلگەن «قىسمەت» لەر داۋاملىشىۋېرىدىغان بولسا چارۋىلار ئورۇقلاپ، ئازلاپ، يەرلەر ھوسۇل بەرمەس بولۇپ قالامدۇ؟ شۇنداق بولغاندا قانداق ئۇلگە كۆرسەتكىلى بولار؟!

«ئۆچكىگە جان قايغۇسى قاسساپقا ياغ» دېگەندەك دېھقانلار ئۆزلىرى ئولتۇرۇۋاتقان ئۆي ۋە چارۋا قوتانلىرىنىڭ قەرزىنى تېزرەك قايتۇرۇۋېتىش قايغۇسىدا تېپىرلاپ يۇرسە، يەرلىكتىكى قىسمەن ئەمەلدارلار ئاشۇ «ئۇلگە كۆرسىتىش ئائىلىلىرى» نى كوزىر قىلىپ تۇرۇپ يۇقىرىغا ياخشىچاق بولۇپ ئۆسۇش قايغۇسىدا قاترايدۇ. مەسىلىنىڭ ماھىيىتى دەل ئاشۇ ئىككى خىل «قايغۇ» نىڭ بىر - بىرىگە ئوخشىماسلىقىدا!

جەمئىيەت تەرەققىي قىلىۋاتقان، كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشى، تەپەككۇر ئەندىزىسىدە ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان، ئۆزگىلەر مىنۇت، سېكۇنتنىمۇ قولدىن بەرمەي تىيىن، سېنتلاپ ھېسابلىشىپ جىددىي رىقابەتلىشىۋاتقان ھازىرقىدەك ئۇچۇر دەۋرىدە، ئاشۇ قارغىشتەگكۇر شەكىلۋازلىق تونىنى يەنە قاچانلارغىچە سۆرەپ يۇرىمىز كىن تاڭ؟!

# «سەككىز پۇلغا ئۇنىماي يەتتە پۇلغا ئۇنايدىغان» نادانلىقىمىز ھەققىدە

بىز ئۇيغۇر خەلق ئارىسىدا «باچەنگە ئۇنىماي چىچەنگە ئۇنايدىغان چەنتۇ» دېگەن بىر تۇراقلىق ئىبارە بار. بۇ ئىبارىنىڭ تەركىبىدىكى «باچەن» (سەككىز پۇل)، «چىچەن» (يەتتە پۇل) ۋە «چەنتۇ» (ئۇيغۇر) دېگەن خەنزۇچە سۆزلەردىن مەلۇمكى، بۇ خەنزۇ خەلقىنىڭ بىز قىسمەن ئۇيغۇرلارنىڭ تەتۈرلۈكى، نادانلىقىغا قاراپ تۇزۇپ چىققان ھېكمەتلىك سۆزى بولسا كېرەك، ئەتىمالىم.

ھەرقانداق بىر تىلدىكى ھەرقانداق بىر تۇراقلىق ئىبارىنىڭ ئۆزىگە خاس ئېتىمولوگىيىسى بولماي قالمايدۇ. ئۇ قۇرۇقتىن قۇرۇق ياكى ئۆزىچىلا پەيدا بولۇپ قالىدىغان نەرسە ئەمەس. بەلكىم ئارىمىزدىكى بەزىلەر بۇ ئىبارە ھەققىدە توختالغاندا: «بۇ بىزگە قىلىنغان ھاقارەت، بىز دېگەن ئۇنداق نادان مىللەت ئەمەس، بەلكى تارىختا شانۇشەۋكەتلىك خانلىقلارنى قۇرغان، جاھانشۇمۇل مەدەنىيەتلەرنى ياراتقان ئۇلۇغ مىللەتنىڭ ئەۋلادىمىز» دەپ قوۋزلىرىنى كۆپتۈرۈپ تۇرۇپ، ئاغزىلىرىدىن كۆپۈك ئۆرلىتىپ بىرھازا كاپىلدىشى مۇمكىن.

ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئارتۇقچىلىقى بولغانىكەن، ئۇنىڭ جەزمەن نۇقسانى بولماي قالمايدۇ. مىللەتنىڭ بىر پۈتۈن ساپاسى ھەققىدە جىددىي ئويلىنىپ ۋۇجۇدىمىزدىكى نۇقسانلارنى تېپىپ چىقىپ، بۇ ھەقتە قايتا ئويلىنىش ھەمدە ئۇنى تۈزىتىپ ئۆزىمىزنى ساپلاشتۇرۇش ھازىرقى زامان دەۋر رېتىمىنىڭ تەقەززاسى بولۇپ قالدى.

خوش، ئۇنداقتا زامان تەرەققىي تاپقان، كىشىلەرنىڭ

مەدەنىيەت ساپاسى ۋە قىممەت قارىشىدا زور بۇرۇلۇش بولۇۋاتقان بۈگۈنكىدەك ئىقتىسادىي رىقابەت دەۋرىدە بىزدە «سەككىز پۇلغا ئۈنىماي يەتتە پۇلغا ئۈنايدىغان» تەتۈرلۈك مەۋجۇتمۇ ـ يوق؟ بۇنىڭغا يېقىندا بولۇپ ئۆتكەن مۇنداق بىر ئىش ياخشى جاۋاب بېرەلەيدۇ:

مەلۇم يېزىدىكى ئاتا ـ ئانا ئۆزىنىڭ ئارزۇلۇق قىزىنى ئوتتۇرا تېخنىكوم ئىمتىھانىغا قاتناشتۇرۇپتۇ، قىزى ھەر ھالدا ۋىلايەتتىكى مەلۇم بىر تېخنىكوم مەكتەپنىڭ ھۆكۈمەت پۇلى بىلەن ئوقۇيدىغان سىنىپىغا قوبۇل قىلىنىش ئۇقتۇرۇشىغا ئېرىشىپتۇ. ئەمما، قېرىشقاندەك ئەزەلدىن ئاشۇلار بىلەن پۇرچىقى پىشماي كەلگەن يەنە بىر ئائىلىنىڭ بالىسىغا ئۈرۈمچىدىكى مەلۇم ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپىدىن چاقىرىق كەپتۇ. گەرچە ھەر ئىككىلىسى تەڭ دەرىجىدىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار سەندىن مەن قالامتىم دېگەننى قىلىپ قىزىنى ۋىلايەتتىكى تېخنىكوم مەكتەپكە ئەۋەتمەي ئۈرۈمچىدىكى مەلۇم خۇسۇسىي تېخنىكوم مەكتىپىنىڭ سەنئەت كەسپىگە ئۆز خىراجىتى بىلەن ئوقۇشقا كىرگۈزۈپتۇ. ئۇلار كەلگۈسىدە قىزىنىڭ داڭلىق ئارتىس بولۇپ تېلېۋىزورلاردا ناخشا ئېيتىپ جەمئىيەتكە تونۇلۇپ «رەقىبى» نىڭ بالىسىنى يېڭىپ چۈشۈشىنى ئۈمىد قىلىدىكەن.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار مەھەللە يۇرتقا خوشلىشىش چېيى بېرىپ قىزىنى ئۈرۈمچىگە ئۆز قولى بىلەن ئاپىرىپ قويۇپ كەپتۇ. ئەمما، ھايال ئۆتمەي قىزىدىن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋاپتۇ. خەتتە «سەنئەت كەسپىدە ئوقۇيدىغان ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ بىردىن ئېلېكترونلۇق رويالى بولۇشى شەرتكەن، شۇڭا دەرھال 800 يۈەن ئەۋەتىڭلار» دېيىلىپتۇ.

ئۇلار پۇلنى جايلاپ ئۇنى قانداق ئەۋەتىش مەسىلىسىدە بىرلىككە كېلەلمەي، ئاخىر شۇ مەھەللىدىكى بەش بالىسىنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتۇپ قاتارغا قوشقان، بۇ جەھەتتە تەجرىبىسى بار شىرەم تۇغقىنىدىن مەسلىھەت سوراپتۇ. تۇغقىنى پۇلنى پوچتىدىن ئەۋەتىشنى ياكى بانكا ئارقىلىق پېرېۋوت قىلىۋېتىشنى، مۇشۇنداق بولغاندا بىخەتەر ھەم تېز يېتىپ بارىدىغانلىقىنى، نەرقىنىڭمۇ

ئەرزان توختايدىغانلىقى ، ئۆزلىرىنىڭ ھەتتا بېيجىڭدا ئوقۇيدىغان بالىسىغىمۇ داۋاملىق نەچچە مىڭ يۈەنلەپ پۇلنى بانكا ئارقىلىق ئەۋەتكەندە ھايال قىلمايلا تاپشۇرۇۋالغانلىقىنى شۇنچە ئېيتىپ ئىچۇرۇپ چۈشەندۇرگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلار «بۇنچە كۆپ پۇلنى بىكاردىن بىكارغىلا بانكىدىكىلەر ياكى پوچتىخانىدىكىلەرنىڭ چۆنتىكىگە سېلىپ بېرىمىزمۇ» دەپ قاراپ ، ئاتايەن ئۇرۇمچىگە ئاپىرىپ بېرىپتۇ .

بىز دە مانا مۇشۇنداق ھۆكۈمەت تەييار پۇل چىقىرىپ ئوقۇتۇپ بېرەي دەۋاتسا ئۇنىماي پاتماندا بىر پۇل خەجلەپ بالا ئوقۇتىدىغان ؛ ئالاقىلىشىش ئۇچۇن پوچتا ئىدارىسى قۇرۇپ بەرسە ئۇنىڭغا ئىشەنمەي نەچچە ئون يۈەن بىلەنلا پۈتىدىغان ئىشنى دەپ نەچچە يۈز يۈەنلەپ پۇلنى ، نەچچە كۈنلەپ ۋاقىتنى بىكارغا ئىسراپ قىلىدىغان ؛ ھۆكۈمەت بانكا قۇرۇپ پۇلۇڭنى بىخەتەر ساقلاپ بېرىمىز ، ساقلاپ بېرىش ھەققى ئالماقتا يوق يەنە ئۆسۈم بېرىمىز دەۋاتسا ، پۇلنى بانكىغا قويماي ئوچاقنىڭ مورىسىغا تىقىپ قويۇپ كۆيدۇرۇۋېتىدىغان ، تامنىڭ تۆشۈكىگە تىقىپ قويۇپ يىتتۇرۇۋېتىدىغان ئىشلار يوق ئەمەس . ئەجىبا ئۇ قىسمەنلىرىمىزدە «سەككىز پۇلغا ئۇنىماي يەتتە پۇلغا ئۇنايدىغان» تەتۇرلۇكنىڭ ھەقىقەتەن مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاپ تۇرمامدۇ ؟

جەمئىيەت تەرەققىي قىلىپ ئىقتىسادىي رىقابەت كۈنسېرى كەسكىنلىشىۋاتقان ، يەر شارى ئىقتىسادىنىڭ بىر گەۋدىلىشىشكە قاراپ يۈزلىنىش دولقۇنىدا بانكا ، پوچتا ـ تېلېگراف ، كومپيۇتېر ، تېلېفون ، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە قاتارلىق ئۇچۇر ۋاستىلىرىنىڭ رولى بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئەھۋالدا ، ئۇچۇر ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىشنى بىلمىگەنلەر ھەم ئۇچۇردىن مەھرۇم قالغۇچىلارنىڭ رەھىمسىزلەرچە شاللىنىپ كېتىشى مۇقەررەرلىككە ئايلىنىپ قالماقتا .

مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئەڭ ئاددىي ئۇچۇر ۋاستىلىرى بولغان بانكا پېرېۋوتى ۋە پوچتا ـ ئالاقە ۋاستىلىرىغىمۇ ئىشەنمىسەك ، باشقىلار بىر مىنۇت ، بىر سېكۇنت ۋاقىتنىمۇ

ئىنچىكە ھېسابلاپ ، بىر تىيىن ، بىر سىنت ئۈستىدىمۇ تىك تۇرۇپ جىددىي رىقابەتلىشىۋاتسا ، بىكىك ، نادان ئېگىمىز بىلەن ئۈچۈر ۋاستىلىرىدىن مەھرۇم قىلىنىۋاتساق ؛ ۋاقىت بىلەن ئىقتىسادنىڭ ئۈنۈم مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلالماي نەچچە ئون يۈەن بىلەن پۈتىدىغان ئىشقا نەچچە يۈز يۈەنلەپ پۇل خەجلىسەك ، نەچچە مىنۇتلۇق ئىشقا نەچچە كۈنلەپ گالۋاڭ بولساق قانداق روناق تاپالارمىز كىنتاڭ ؟ !

# ئەسكى چاپاننىڭ ئىچىدىمۇ ئادەم بار

تاسادىپىي پۇرسەتتە قولۇمغا شاڭخەي چەت ئەل تىلى ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرا شەرق مەدەنىيەت تەتقىقات ئورنى نەشر قىلغان «ئەرەب دۇنياسى» ژۇرنىلىنىڭ 1997 ـ يىللىق 4 ـ سانى چۈشۈپ قالدى .

ماڭا ئانچە ناتونۇش ھېسابلانمايدىغان بۇ ئوقۇشلۇقنى شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا بىر قۇر كۆرۈپ چىقىپ گۇمان بىلەن ۋاڭ گېنمىڭنىڭ « «مىڭ بىر كېچە» نىڭ جۇڭگودىكى تەرجىمە نۇسخىلىرى»ناملىق ماقالىسى بار جايىنى قاتلاپ قويغانىدىم . چۈنكى ، مەزكۇر ماقالىدە دېيىلىشىچە ، ئەرەبلەرنىڭ دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە كاتتا كلاسسىك ئەسىرى — «مىڭ بىر كېچە» ھەققىدە «جۇڭگودا ئەڭ دەسلەپ 1900 ـ يىلى تونۇشتۇرۇش قىلىنغان» ① مىش ، 1906 ـ يىلىغا كەلگەندە رەسمىي تۈردە تەرجىمە قىلىنىپ «نەشر قىلىنغان» ② مىش .

ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا كلاسسىك ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىمىزنىڭ «مىڭ بىر كېچە» نى 18 ـ ئەسىردىلا ئاقسۇ دىيارىدىن يېتىشىپ چىققان يېتۈك تەرجىمان مۇھەممەد بېنى ئابدۇللاخان مەخسۇم ئەرەب تىلىدىن بىۋاسىتە ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەندەك قىلغان . دەرس مۇنبىرىدە سۆزلەنگەن بۇ سۆز ھەرگىزمۇ مۇنداقلا ئېيتىپ قويۇلغان گەپ ئەمەس ئىدى .

كېيىن ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقىدىن ئارقىلىق قويۇلغان نەشرىياتىمىز — شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى قانۇنلۇق نەشر

---

① ② ۋاڭ گېنمىڭ : « «مىڭ بىر كېچە» نىڭ جۇڭگودىكى تەرجىمە نۇسخىلىرى» ، «ئەرەب دۇنياسى» ژۇرنىلى ، شاڭخەي چەت ئەل تىلى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوتتۇرا شەرق مەدەنىيىتى تەتقىقات ئورنى ، خەنزۇچە نەشرى ، 1997ـ يىلى 4ـ سان (ئومۇمىي 63ـ سان) ، 40 ـ بەت .

قىلغان «غەربىي يۇرت تەرجىمە تارىخى» ناملىق كىتابىتىمۇ «مىڭ بىر كېچە» نى ئاقسۇ دىيارىدىن يېتىشىپ چىققان مۇھەممەد بىننى ئابدۇللاخان مەخسۇمنىڭ 18 ـ ئەسىردە ئەرەب تىلىدىن بىۋاسىتە ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققانلىقى ناھايىتى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يەنە كېلىپ مەملىكەت بويىچە 2 ـ نۆۋەتلىك ئالىي مەكتەپلەر ئىلمىي ئەسەرلىرىنى باھالاشتا نادىر ئەسەر مۇكاپاتىغا، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بويىچە 4 ـ نۆۋەتلىك نادىر پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى باھالاشتا 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئۇ ئەسەر 1994 ـ يىلى 9 ـ ئايدا خەنزۇچە نەشر قىلىندى.

ۋاڭ گېنمىڭ ئەپەندى «‹ مىڭ بىر كېچە › نىڭ جۇڭگودىكى تەرجىمە نۇسخىلىرى» ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق يازىدۇ: «‹مىڭ بىر كېچە› نىڭ جۇڭگودىكى تەسىرى ناھايىتى زور، تارقىلىشى كەڭ، نەشر نۇسخىسى كۆپ. 1900 ـ يىلى جۇڭگۇيشېڭ ‹يېڭى كەپىدىكى ئاجايىپ قوڭغۇراق›، دا بۇ ھەقتە ئەڭ بۇرۇن چۈشەنچە بەرگەن.»[1]

يۇقىرىقى ماقالىدە كۆرسىتىلىشىچە، 1903 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «دېڭىزدا ئېيتىلغان چۆچەكلەر» ۋە 1904 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «پىداكار ئايال قۇل» (پىڭ يۈن، جۇزورېنلار تەرجىمە قىلغان) دا «سىمبادنىڭ دېڭىز سەپىرى» بىلەن «ئەلى بابا بىلەن 40 قاراقچى» دېگەن ئىككى چوڭ چۆچەك تونۇشتۇرۇلغان. 1906 ـ يىلى سودا نەشرىياتى شى رۇ ئىنگلىز تىلىدىن تەرجىمە قىلغان «مىڭ بىر كېچە» نىڭ تۆت تومluق تەرجىمە نۇسخىسىنى نەشر قىلغان، ئۇ 50 چۆچەكتىن تەركىب تاپقان.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «مىڭ بىر كېچە» خەنزۇلارغا بىزدىن بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىتتىن كېيىن تونۇشتۇرۇلغان. ئەمما، ئۆز نۆۋىتىدە شۇنىمۇ ئالاھىدە تىلغا ئالماي بولمايدۇكى، «شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى» دەپ ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇپ، «ئىككى ئايرىلالماسلىق ئىدىيىسىنى

---

① «غەربىي يۇرت تەرجىمە تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى 4 ـ ئاي خەنزۇچە 2 ـ نەشرى، 233 ـ، 263 ـ، 264 ـ بەتلەر.

ھەممە كىشىنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالدۇرىمىز» دەپ تۇرۇپ، «مىڭ بىر كېچە» نىڭ ئابدۇللاخان مەخسۇم تەرىپىدىن 18 - ئەسىردىلا ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇلغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، جوڭگويىشېڭنىڭ «يېڭى كەپىدىكى ئاجايىپ قوڭغۇراق» دا بەرگەن چۈشەنچىلىرىنى «مىڭ بىر كېچە» نىڭ جوڭگوغا «ئەڭ دەسلەپ (مىلادىيە 1900 - يىلى) تونۇشتۇرۇلۇشى» دەپ، شى رۇ ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلىپ 1906 - يىلى سودا نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان، يەنە كېلىپ ئانچە تولۇق بولمىغان «مىڭ بىر كېچە» نىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىنى جوڭگودىكى «ئەڭ دەسلەپكى تەرجىمە نۇسخا» دېيىشى نېمىنى چۈشەندۇرىدۇ؟ ئەجىبا «ۋەتەنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولغان شىنجاڭ» دا ياشاپ ئۆتكەن، «بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان جوڭگودىكى 56 مىللەت» نىڭ بىرى بولغان ئابدۇللاخان مەخسۇمنىڭ تەرجىمە نۇسخىسى نېمىدەپ «مىڭ بىر كېچە» نىڭ جوڭگودىكى ئەڭ دەسلەپكى تەرجىمە نۇسخىسى بولالمايدىكەن؟

ۋاڭ گېنمىڭ ئەپەندى يەنە شۇ ماقالىسىدە: «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 - يىلى ئەرشىدىن تاتلىقنىڭ 18 - ئەسىردە ئۆتكەن مۇھەممەد تۆمۈر كۆچۈرگەن ۋە تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان ئۆزبېكچە نۇسخىسىغا ئاساسەن تەرجىمە قىلغان سەككىز توملۇق ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنى نەشر قىلدى»[①] دەپ يازغان.

ئاپتور بۇ يەردە تىلغا ئالغان «مۇھەممەد تۆمۈر» ئابدۇللاخان مەخسۇمنى كۆرسەتسە كېرەك. چۈنكى ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى مۇھەممەد بىننى ئابدۇللاخان مەخسۇم. ئاپتور ئابدۇللاخان مەخسۇمنىڭ تەرجىمە ئىجادىيىتىنى يوققا چىقىرىپ «كۆچۈرگەن» دەپلا قويغان. ئاپتور بۇ يەردە دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىنىلا ئەرەب دەپ قارىغان بولسا كېرەك. ئۆز ۋەتىنى

---

① ۋاڭ گېنمىڭ: «‹مىڭ بىر كېچە› نىڭ جوڭگودىكى تەرجىمە نۇسخىلىرى»، «ئەرەب دۇنياسى» ژۇرنىلى، شاڭخەي چەت ئەل تىلى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوتتۇرا شەرق مەدەنىيىتى تەتقىقات ئورنى، خەنزۇچە نەشرى، 1997- يىلى 4- سان (ئومۇمىي 63- سان)، 40 - بەت.

تېررىتورىيىسىدە ياشاۋاتقان «ئۇيغۇر» دەپ ئاتىلىدىغان مىللەت بىلەن دۇنيانىڭ باشقا بىر جايىدا ياشاۋاتقان ئەرەبلەرنىڭ ئوخشىمىغان مەدەنىيەت، تىل، تارىخ، ئېتنىك تەركىبكە ئىگە ئايرىم - ئايرىم ئىككى مىللەت ئىكەنلىكىنى، ئۇلاردىكى بىردىنبىر ئورتاقلىقنىڭ ئىسلام دىنى ئېتىقادىدىكى ئورتاقلىق ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت مۇشۇنچىلىك ئاددىي ساۋاتنىمۇ بىلمەيدىغان ئاپتور ئاشۇنداق نوپۇزلۇق ژۇرناللاردا ماقالە ئېلان قىلىمەن دەپ ئاۋارە بولۇپ نېمە قىلىدۇ؟

مۇھەممەد تۇمۇرنى ئابدۇللاخان مەخسۇم ئەمەس دېگەن تەقدىردىمۇ 18 - ئەسىردە «مىڭ بىر كېچە» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىسى بولمىسا ئۇ نېمىنى كۆچۈرىدۇ؟ ۋاڭ گېنمىڭنىڭ گېپىدىن قانداقلا بولمىسۇن 18 - ئەسىردە ئاشۇ ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىسى بار ئىدى، دېگەن مەنە كېلىپ چىقىدۇ. شۇنداق تۇرۇپ ئۇ يەنە نېمىشقا «مىڭ بىر كېچە»نىڭ 18 - ئەسىردىكى ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىسىنى جۇڭگودىكى ئەڭ دەسلەپكى تەرجىمە نۇسخا دېيىشكە ئاغزى بارمايدۇ؟ ئەجەبا شىنجاڭ جۇڭگوغا تەۋە ئەمەسمىكەن؟ شىنجاڭدا ياشايدىغان ئۇيغۇرلار جۇڭگولۇق ئەمەسمىكەن؟

ئۈنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا بىزگە «جۇڭگو تارىخى» (قەدىمكى، يېقىنقى، ھازىرقى زامان قىسمى)، «جۇڭگو ئەدەبىياتى» (قەدىمكى، يېقىنقى، ھازىرقى قىسمى) ۋە «جۇڭگو ئاخبارات تارىخى» دېگەندەك دەرسلەر ئۆتۈلەتتى. ۋەھالەنكى، ئاشۇ دەرسلىكلەرنىڭ ھەممىسىدىلا ھە دېگەندىلا خەنزۇلارنىڭ تارىخى، ئەدەبىياتى ۋە ئاخبارات تارىخىلا سۆزلىنەتتى. ئوتتۇرا ئىقلىمدا بىر مەھەل ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ دەۋران سۈرگەن موڭغۇللار بىلەن مانجۇلار بولسا پەقەت زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىنلا ئانچە مۇنچە تىلغا ئېلىنغاندىن باشقا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخى، ئەدەبىياتى، ئاخباراتى سۆزلەنمەيتتى.

«جۇڭگودىكى 56 مىللەتنىڭ ھەممىسى بىر ئائىلە كىشىلىرى»، «بۈيۈك جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى جۇڭگودىكى 56

مىللەتنىڭ ھەممىسى ئورتاق ياراتقان» . . . دېگەندەك دەبدەبىلىك شوئار تۈسىنى ئالغان سۆز ـ ئىبارىلەر ھەر كۈنى قۇلاق تۈۋىمىزدە ياڭراپ تۇرىدۇ ـ يۇ ، ئەمما باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخى ، ئەدەبىياتى نېمىدەپ «جۇڭگو تارىخى» ، «جۇڭگو ئەدەبىياتى» دەرسلىكلىرىگە كىرگۈزۈلمەيدۇ ؟

مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىمىزدىكى تېكىستلەر كۈچلۈك ئاخبارات خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇش خۇسۇسىيىتى بىلەن بىزنى ئاخبارات تارىخى جەھەتتە يېتەرلىك مەنبەگە ئىگە قىلالايدىغان تۇرۇپ يەنە نېمىشقا «جۇڭگو ئاخبارات تارىخى» دىن ئورۇن ئالالمايدۇ ؟

«كەڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونى ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى» ، «جۇڭگودىكى 56 مىللەتنىڭ ھەممىسى ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىنىڭ باب ـ باراۋەر ئەزالىرى» ، «بۈيۈك جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى جۇڭگودىكى 56 مىللەتنىڭ ھەممىسى ئورتاق ياراتقان» دېگەندەك ئۆزۈندە خاراكتېرلىك گەپلەرنىڭ ھەممىسى مەنپەئەت مۇددىئاسىدىن خالىي ھالدا ئېيتىلىپ ، تۈكرۈك چاچراندىلىرى بىلەن تەڭلا ئەھمىيىتىنى يوقىتىدىغان قۇرۇق ، دەبدەبىلىك شوئارغا ئايلىنىپ قالماسلىقى ، جۇڭگو دېگەن بۇ تېررىتورىيىلىك جاي بىر ۋە بىرنەچچە مىللەتنىڭلا جۇڭگوسى بولۇپ قالماي ، ھەقىقىي تۈردە جۇڭگودىكى 56 مىللەتنىڭ ئورتاق جۇڭگوسى بولۇشى لازىم !

# پادىشاھنىڭ دۇمبىسى ۋە قاسساپنىڭ پىچىقى

ئىلگىرى شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» دە «پادىشاھنىڭ دۇمبىسى ۋە ساقچىنىڭ مۇشتۇمى» سەرلەۋھىلىك بىر ماقالە ئېلان قىلىپ، ئۇچىسىدىكى ساقچى فورمىسىنى بىر خىل مەسئۇلىيەتنىڭ بەلگىسى، دەپ قاراشنىڭ ئورنىغا ئۇنى بىر خىل ئىمتىياز دەپ بىلىپ، خەلق ئوقۇتقۇچىسىنى دۇمباللىغان خەلق ساقچىسىنى سۆكۈپ، جەمئىيەتتە بەلگىلىك تەسىر قوزغىغانىدىم.

ئەمدىلىكتە قاراپ باقسام، خەلق ساقچىسىنىڭ خەلق ئوقۇتقۇچىسىنى دۇمباللىشىنىڭ بىر «قاسساپ» نىڭ كۆپكۈندۈزدە بىر خەلق مۇئەللىمەسىنى پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرۈۋېتىشى ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان ئىش ئىكەنلىكىنى، ئىشنىڭ تېخىمۇ چاتاقلىقىنى ھېس قىلدىم.

بۇ ئىش تارىختىكى ئۇيغۇر خاقانىنىڭ ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ تۆرگە ئۆتۈشى ئۈچۈن دۇمبىسىنى شوتا قىلىپ تۇتۇپ بېرىشىدەك ئالىيجاناب، ئىلىم سۆيەر خىسلىتىنى يەنە بىر قېتىم ئېسىمگە سالدى.

ئوتتۇرا ئىقلىم تارىخى ۋەسىقىلىرىدىن «راھىب كالانلار تەزكىرىسى. كۇماراجىۋانىڭ تەرجىمىھالى» دا مەشھۇر ئۇيغۇر بۇددا مۇتەپەككۇرى، تەرجىمىشۇناس كۇماراجىۋانىڭ كاپكا (كەشمىر) دىكى ئوقۇشىنى تاماملاپ، ئۆز يۇرتى كۇسەن (كۇچا) غا قايتىش سەپىرىدە يول بويىدىكى نۇرغۇن دۆلەت، بەگلىكلەرنىڭ ئالىي مەرتىۋە، يۇقىرى ئىش ھەققى بېرىش بەدىلىگە ئۆزىنى تۇتۇپ قالماقچى بولغانلىقىنى رەت قىلىپ، دۆلىتىگە قايتىپ تارىختىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى نامايان قىلسا،

كۆسەن خانى ئاقاريي پاكىنىڭ نەچچە كۆنلۆك يەرگىچە ئالدىغا بېرىپ كۆماراجىۋانى كۆتۆۋېلىپ ، تارىختىكى ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ ئىلىم ئەھلىنى قالتىس ئىززەتلەيدىغان ئىلىم سۆيەر پەزىلىتىنى نامايان قىلغانلىقى قەيت قىلىنغاندى .

يەنە شۇ ۋەسىقىدە كۆسەن خانى ئاقاريي پاكىنىڭ كۆسەندىكى چۆل ساڭرامى (بۆگۆنكى كۆچا ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىغا 16 كىلومېتىر كېلىدىغان چۆلتاغ ئېتىكىدىكى سۇ بېشى خارابىسى ) دا ئالتۇن پۆتلۆق ، شىر شەكىللىك بىر ئورۇندۇق ياسىتىپ ، ئۇنى رۇم كىمخابلىرى بىلەن بېزەپ ، ئۆزى ۋە قوشنا ئەللەردىن كەلگەن ئەمەلدار ، تۆرىلەرنىڭ ئاشۇ ئورۇندۇقنىڭ ئالدىدا دۇم يېتىپ تۇرۇپ ، كۆماراجىۋانى ئۆزلىرىنىڭ دۈمبىسىنى دەسسەپ تۇرۇپ ، ئورۇندۇققا چىقىپ ، بۇددا نوملىرىنى مۇتالىئە قىلىشقا تەكلىپ قىلغانلىقى ھەم ئۇلارنىڭ ئۆز دۈمبىلىرىنى كۆماراجىۋانىڭ دەسسىگەنلىكىدىن ئالەمچە پەخىرلىنىش ھېس قىلغانلىقى قەيت قىلىنغان .

ئاشۇ تارىخىي ئۇچۇردىن بىز ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلار زېمىنىدا يۇقىرىسى پادىشاھلاردىن تارتىپ ، تۆۋىنى ئاۋام پۇقرالارغىچە خەلققە ئىلىم تارقىتىدىغان پىر - ئۇستازلارنى قەۋەت ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىدەك بىر ياخشى مەنىۋى كەيپىياتنى قىياس قىلالايمىز . ئەجدادلىرىمىزدا دەل ئاشۇنداق ئىلىمنى ، ئىلىم ئەھلىلىرىنى ھۆرمەتلەيدىغان مەنىۋى مۇكەممەللىك بولغانلىقى ئۈچۈن ، شۇ دەۋردىكى مەدەنىيىتىمىز قالتىس روناق تېپىپ ، جاھانشۇمۇل مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ ، يۇرتىمىز دۇنياغا مەدەنىيەت تارقىتىدىغان ئىلىم مەركىزى بولغانىدى .

ھازىرغىچە دىيارىمىزدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان مىڭئۆيلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇددا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمىز نەچچە ئەسىرلىك تارىخنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىنى بېشىدىن كەچۈرگەنلىكىگە قارىماي ئۆزىدە ئاز كەم ئىككى مىڭ يىل ئىلگىرىكى ئىنسانىيەتنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى مۇجەسسەملىگەنلىكى بىلەن ھېلىھەم ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە .



www.uyghurkitap.com

20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە سۆرىن ھېدىن ، ستەيىن ، پېللىئوت ، ئوتانىي كوزىي قاتارلىق غەرب ۋە شەرق ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ شۇنچە ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ يۇرتىمىزغا كېلىپ ، جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قويۇپ ، پايانسىز قۇملۇقلىرىمىزدا تىمىسقىلاپ يۈرۈشىمۇ دەل ئاشۇ ئەجدادلىرىمىز ياراتقان قەدىمىي مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنىڭ ئۇلارنى ئۆزلىرىگە ماگنىتتەك تارتىشىدىن بولغان . ئۇلار ئاچىقىپ كەتكەن جاۋاھىراتلىرىمىز ھېلىھەم مەدەنىيەتلىك غەرب ئەللىرىنىڭ ئونقاشتەك گىلەملەر بىلەن بېزەلگەن كۆرگەزمە زاللىرىنىڭ كۆركەم ئەينەك جاھازلىرى ئىچىدە ، قوراللىق ساقچىلارنىڭ قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىشى بىلەن كۆزنىڭ قارىچۇقىدەك ئەتىۋارلىنىپ ساقلانماقتا .

بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئاشۇ قەدىمىي مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى كۆرۈمىز ، دەپ دۇنيانىڭ جاي ـ جايلىرىدىن تۇتاملاپ پۇل خەجلەپ ، ئاتايىتەن قىتئە ئاتلاپ ، يۇرتىمىزغا كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيۋاتىدۇ .

تارىختا نەزەر سالساق ، قايسى ئەل ياكى قايسى مىللەتتە بولسۇن ئىلىمنى ، ئىلىم ئەھلىلىرىنى ھۆرمەتلەش كەيپىياتى ئەۋج ئالغان بولسا ، شۇ ئەل ، شۇ مىللەت مەدەنىيەتتە روناق تېپىپ يۈكسەلگەن . ئەكسىچە بولغاندا شۇ ئەل ، شۇ مىللەت زاۋاللىققا يۈزلىنىپ خارابلاشقان .

مىللىتىمىزنىڭ بۇددىزم دەۋرىدە شۇنچە زور مەدەنىيەت ئۇتۇقلىرىغا ئېرىشكەنلىكىنى پادىشاھ ـ تۆرىلەرنىڭ قورقماي تۇرۇپ ، ئىلىم ئەھلىلىرىگە شۇتا ئورنىدا دۇمبىسىنى تۇتۇپ بېرەلىگەنلىكىدەك ئىلىم سۆيەر كەيپىياتى ئەۋج ئالغان قويۇق مەدەنىيەت مۇھىتىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ ، ئەلۋەتتە .

مىللىتىمىز ياشلىرى ئارىسىدىن مىڭ بىر جاپالار بىلەن چەت ئەللەرگە چىقىپ ئوقۇپ ، جاپاغا چىداپ ئىلىم تەھسىل قىلىپ ، زور ئۇتۇقلارغا ئېرىشىپ ، ئاشۇ ئەللەرنىڭ يۇقىرى ئىش ھەققى بېرىش بەدىلىگە ئۆزلىرىنى تۇتۇپ قېلىش ھەققىدىكى تەكلىپلىرىنى

چىرايلىقچە رەت قىلىپ ، كوماراجىۋادەك ۋەتەن – مىللەتنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ ، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن رېئاللىرىمىز يوق ئەمەس . بىزدە كەم بولۇۋاتقىنى كۆسەن خانىنى ئاقارتىپ پاكىنىڭكىدەك «دۇمبە روھى» .

ئارىدىن ئىككى مىڭ يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەن ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى غايەت زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن ، ئىلىمنىڭ ، ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ قەدىر – قىممىتى بارغانسېرى ئۆتۈلۈۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئەسلىدىكى مەدەنىيەت ياراتقۇچىلىق ئورنىمىزدىن مەھرۇم قىلىپ ، مەدەنىيەت ئىستېمال قىلغۇچىلىق ئورنىغا چۈشۈپ قالغانلىقىمىز بىزدە دەل ئاشۇنداق «دۇمبە روھى»نىڭ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد سۇسلاپ بارغانلىقىنىڭ مەھسۇلىدۇر . ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كالگەندە ئاشۇ خىل ئېسىل روھنىڭ پۈتۈنلەي تەتۈرىسىگە يېنىپ ، «قاتىل» لىققا تەرەققىي قىلىشى كىشىنى چۆچۈتمەي قالمايدۇ .

«ئاقسۇ گېزىتى» نىڭ 2000 – يىلى ئۆكتەبىردىكى سانىغا خەلق ئوقۇتقۇچىسى ئابدۇسالام ئۆمەرنىڭ «ئادەمنى چۆچۈتىدىغان ۋەھشىي قاتىللىق» سەرلەۋھىلىك بىر ماقالىسى بېسىلدى .

ماقالىدە بۇنداق دېيىلىدۇ : «ئۆزىنىڭ 25 يىللىق خىزمەت ھاياتىدا تىرىشىپ ئىشلەپ ، سانسىزلىغان سەبىيلەرنىڭ قەلبىگە بىلىم ئۇرۇقىنى چېچىپ ، جاپالىق رايونلارنىڭ مىللىي مائارىپىنى يۈكسەلدۈرۈش يولىدا بىر ئۆمۈر سەپىنىڭ ئالدىدا مېڭىپ ، بۇ ساھەدە ئاجايىپ تۆھپىلەرنى قوشۇپ ، ئەل قەلبىدە بىر كىشىلىك ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان تۆھپىكار ئوقۇتقۇچى زۆھرەم ئادىمىي مەلئۇننىڭ قولىدا ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىي ئۇسۇللار بىلەن ئۆلتۈرۈلدى» .

ماقالىدە يېزىلىشىچە ، ئونسۇ ناھىيىسىنىڭ چاغراق يېزا 5 – كەنت 1 – مەھەللىسىدىكى 25 ياشلىق دېھقان مولla روزى 2000 – يىلى ئاپرېلنىڭ مەلۇم بىر دۈشەنبە كۈنى ئۆلپەتداشلىرى بىلەن بىر قاۋاقخانىدا ھاراق ئىچىپ ، چۈشتىن كېيىن سائەت تۆت ئەتراپىدا خۇددى قان يالىغان لالما ئىتتەك كۆزلىرىنى قىزارتىپ كوچا ئايلانغان . كوچىدىكى خانىم – قىزلارغا ئوغرى مۈشۈكتەك

كۆز قىسىپ، ئۇلۇغ - تەتۈر دەسسەپ كوچا چىڭداپ، چۈشتىن كېيىن سائەت ئالتىدە تەمىنلەش كوپىراتىپىنىڭ ئالدىدىكى چوڭ يولنى بويلاپ ماڭغان. دەل شۇ ۋاقىتتا بىر كۈنلۈك خىزمىتىنى تۈگىتىپ، هارغىنلىق ئىچىدە قەدىمىنى ئاران ئېلىپ، ئۆيىگە كېتىۋاتقان زۆھرەمنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ تېتىقسىز سۆزلەرنى قىلغان. شەرم - هايالىق، موللا روزىغا نىسبەتەن ئانا يوللۇق زۆھرەم ئۆزىنى زورىغا بېسىۋېلىپ ئۆز يولىغا مېڭىۋەرگەن.

ئەقىل - هوشىنى يوقاتقان موللا روزى تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ، چوڭ يولدىلا زۆھرەمگە قاپلاندەك ئېتىلىپ ئورمانلىققا سۆرەپ، ئاغزىنى قولى بىلەن ئېتىۋېلىپ كىيىملىرىنى يىرتىۋەتكەن. 30 سانتىمېتىرلىق پىچاقنى غىلاپتىن سوغۇرۇپ زۆھرەمنىڭ تىلىنى كېسىپ، كۆكرەك قىسمىنىڭ بەش يېرىگە پىچاق سالغان. ئىككى كۆكسىنى كېسىپ يولغا تاشلىۋېتىپ، نىمجان هالەتتىكى زۆھرەمگە هايۋانلارچە باسقۇنچىلىق قىلغان، ئارقىدىنلا جىنسىي ئەزاسىنى پارە - پارە قىلىپ كېسىپ، جەسەتنى پارچىلاپ ئورمانلىققا تاشلىۋەتكەن.

يەنە شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»نىڭ 2000 - يىلى 11 - ئۆكتەبىر سانىنىڭ 3 - بېتىگە بېسىلغان «قاتناش ساقچىلىرىنىڭ هوقۇقى شۇنچە چوڭمۇ؟» سەرلەۋھىلىك ماقالىدە بەش نەپەر قاتناش ساقچىسىنىڭ بىر ئوقۇتقۇچىنى بەل تاسمىسى بىلەن قاتتىق ئۇرغانلىقى هەم 200 يۈەن جەرىمانە قويۇپ، ماشىنا ساقلاش ئۆيىگە قاق 23 سائەت سولاپ قويغانلىقىدەك ناهەقچىلىك يېزىلغان.

بۇنداق مىساللارنى جەمئىيىتىمىزدە يەنە مەۋجۇد ئەمەس، دېيەلمەيمىز. بۇنداق پاجىئەلەرنى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ تۆرگە ئۆتۈشى ئۇچۇن ئۆز دۇمبىسىنى شوتا ئورنىدا تۇتۇپ بەرگەنلىكىدەك ئىلىم سۆيەر روهى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئاسمان - زېمىن پەرق قىلمامدۇ؟ ئىلىم ئەھلىلىرى، ئىلىم - مەرىپەت ئېتىبارسىز قارالغان جەمئىيەتتە كىشىلەر نادانلىقنىڭ

ئاسارىتىدىن قۇتۇلالمايدۇ. نادانلىق ئەج ئالغان جەمئىيەتتە جىنايەت، خىيانەت، ئىناقسىزلىق، ھورۇنلۇق، بىشەملىك، تۇز - كورلۇقتەك ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى جىمى ئىپلاسلىقلار ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىدۇ.

خۇددى ئۆزبېك مۇتەپەككۇرى ئىبراھىم ھەققۇلوف ئېيتقاندەك: «نادانلىق خەلقنىڭ كۇلپىتى، نادانلىق ئالاھىدە بىر خىل ياۋۇزلۇق. نادان ئادەم ئەقىل جاللىتى، نادانىنىڭ يولى ئەگرى» دۇر.

بىرەر مىللەت، بىرەر قوۋمنىڭ ئىلىم ئەھلى ۋە ئىلىم - مەرىپەتكە تۇتقان پوزىتسىيىسىنىڭ قانداقلىقىغا قاراپ شۇ مىللەت، شۇ قوۋمنىڭ تەقدىرى، مەنىۋى ئېكولوگىيىسىگە توغرا دىئاگنوز قويغىلى بولىدۇ. ھازىرقى زامان رىقابىتىدە قەد كۆتۈرگەن ئۇرغۇن مىللەتلەرگە قارايدىغان بولساق، ئۇلاردا ئىلىم - مەرىپەتكە ۋە ئەنە شۇ ئىلىم - مەرىپەتنى ئۆگەتكۈچى ئوقۇتقۇچى - ئۇستازلارغا بولغان ھۆرمەت تۇيغۇسىنىڭ ئاجايىپ كۈچلۈكلۈكىنى كۆرۈۋالايمىز.

يەھۇدىيلارنىڭ دۇنيادا ئاجايىپ ۋەھشىي خورلىنىشلارنى باشتىن كەچۈرۈپمۇ ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى يوقىتىپ قويماي، ھازىرقى زامان رىقابىتىدە قەد كۆتۈرۈپ، دۇنياۋى مۆجىزە يارىتالىشىنى ئۇلاردا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋام قىلىپ كەلگەن ئۇستازلارنى، ئىلىم ئەھلىلىرىنى ھۆرمەتلەش جەھەتتىكى ئەنئەنىۋى ئائىلە تەربىيىسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. مۇبادا سىز ھەرقانداق بىر يەھۇدىيدىن: «ئاتاڭ بىلەن ئۇستازىڭ تەڭ تۈرمىگە كىرىپ قالغان بولسا، سەن ئاۋۋال كىمنى قۇتقۇزىسەن؟» دەپ سورىسىڭىز، ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەيلا: «ئۇستازىمنى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ ھەم شۇنداق قىلىدۇ.

ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ بايقالغانلىقىغا 500 يىلمۇ بولمىدى. ۋەھالەنكى، ئۇلارنىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى «بىر مۇنچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە قەدىمىي دۆلەت» دەپ ماختىنىپ يۈرىدىغان ھەرقانداق بىر دۆلەتنىڭكىدىنمۇ قۇدرەتلىك ئورۇنغا ئۆتتى. بۇنى ئۇلارنىڭ ئىلىم ئەھلىلىرىنى ئالتۇن -

كۇمۇش ، مال ـ دۇنيادىنمۇ ئەزىز بىلگەنلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ . دېمىسىمۇ ، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە باشقا دۆلەتلەر مال ـ دۇنيا ، زېمىن ھەلەكچىلىكىدە يۈرگەندە ئامېرىكا ئۆزىگە ئىلىم ئەھلىلىرىنى توپلاش بىلەن بولدى . ئۇلار قانداقتۇر ئىلىم ئەھلىلىرىگە ئاش ـ نان ، تۇرالغۇ بەرگەنلىكىتى كۆڭۈل بۆلگەنلىك ، دەپ قارىمىدى . ئەڭ مۇھىمى ئىلىم ئەھلىلىرىگە پىكىر قىلىش ئەركىنلىكىنى بەردى . بىرەر ئىلىم ئەھلىگە نىسبەتەن مۇشۇنىڭ ئۆزىلا چوڭ ھوقۇق ھېسابلىنىدۇ ، ئەلۋەتتە . چۈنكى پىكىر قىلىش ئەركىنلىكى بولمىغان دۆلەتتە ئىجادىيەت ئەركىنلىكى بولمايدۇ . ئىجادىيەت ئەركىنلىكى بولمىغان دۆلەتتە تەرەققىيات ئەركىنلىكىمۇ بولمايدۇ .

پايانسىز يېزا ـ قىشلاقلىرىمىزدىكى كۆزلىرىدىن مۇڭ ، ئۇزايىدىن توپا ـ چاڭ ئۆرلەپ تۇرىدىغان باللىرىمىزنىڭ ئاغزىغا ئىلىم سالغۇچى مۇئەللىم ـ مۇئەللىمەلىرىمىزنى زىيالىيلار قاتلىمىمىزنىڭ سىرتىدا قالدۇرساق بولمايدۇ . ئۇلار ئېلىپنىڭ سۇنىقىنىمۇ بىلمەيدىغان دېھقان ـ چارۋىچىلىرىمىزغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، يەنىلا زىيالىي سانىلىدۇ . باللىرىمىزغا جانغا ئەسقاتىدىغان ھەقىقىي ئىلىم ـ ھۈنەر ئۆگىتەلمىگەنلىك يالغۇز ئۇلارنىڭ سەۋەنلىكى ئەمەس . شۇڭا ، ھەربىر ئۇيغۇر پۇقراسىنىڭ مۇئەللىم ـ مۇئەللىمەلەرنى ھۆرمەتلەش ، ئاسراش مەجبۇرىيىتى بار . چۈنكى ئۇ ، ئىلىم ئۆگەتكۈچ ئۇستازدۇر .

ئۇيغۇر خاقانى ئاقارىي پاكىنىڭ «دۇمبە روھى» دىن مەلۇمكى ، مىللىتىمىز ئىلىم ئۆگەتكۈچى مۇئەللىم ـ ئۇستازلارنى ھۆرمەتلەشتىمۇ ئۇزۇن تارىخىي ئاساسقا ئىگە . بىزدە ئىلىم ئەھلىنى ، ئۇستازلارنى ھۆرمەتلەشكە دائىر نۇرغۇن ئېسىل ئەقلىيە سۆزلەر بار . ۋەھالەنكى ، بىز مەدەنىيەتنى دەپ مەدەنىيەتنى دەپسەندە قىلىدىغان ، ئۆز زىيالىيلىرىغا ھەر خىل سەت ـ بولمىغۇر لەقەملەرنى قويۇپ خارلايدىغان ، سەللا قېنى قىزىپ كەتسىلا كلاسسىك كىتابلىرىنى كۆيدۈرۈپ ، تارىختا ئۆتكەن پىر ـ ئۇستازلىرىنى بولۇشىغا كۆرەشكە تارتىدىغان ئېتىقادسىز خەقنىڭ

شورىدىن ئاشۇ ئېسىل ئەنئەنىلىرىمىزدىن بارغانسېرى يىراقلاپ كەتتۇق . «يامانغا يولۇقساڭ يارىسى ، قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار» دېگەن سۆز شۇنىڭدىن كەلگەن بولسا كېرەك ، ئەتىمالىم .

ئېتىقادسىزلىق ھەممىدىن يامان ، ئۇ نادانلىقنىڭ مەنبەسىدۇر . «نادان ـ ئېشەك ، بەلكى ئېشەكتىنمۇ بەتتەردۇر ، ئېشەككە نېمىنى يۈكلىسەڭ كۆتۈرىدۇ ، قەيەرگە ھەيدىسەڭ شۇ يەرگە ماڭىدۇ ، ئۇنىڭدا ئەقىل ـ پاراسەت دەۋاسى يوق ، بەرمىسەڭ ئاچ ، بەرسەڭ توق» دېگەندى ئۇلۇغ ئەللامە بوۋىمىز ھەزرىتى نىزامىدىن ئەلشىر نەۋائى .

شۇڭا ، ئېتىقادسىزلاردىكى ئېتىقادسىزلىقنى يۇقتۇرۇۋالمايلى ، نادانلىق يولىمىزدىن قايتايلى ، تارىختىكى «دۇمبە روھى» مىزنى تېپىۋالايلى .

# مۇھەررىرلىك ھوقۇق ئەمەس

2000 ـ يىلى 22 ـ سېنتەبىر ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدە ئۇنتۇلغۇسىز — ئەھمىيەتلىك بىر ئىش بولۇپ ئۆتتى. شۇ كۈنى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى، «ئاقسۇ ئەدەبىيات» ژۇرنىلى ئەسەرلىرىنىڭ خەلقچىللىقى ۋە بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن ئەل قەلبىدىن ئورۇن ئالغان مۆھتەرەم ئۇستاز، پېشقەدەم يازغۇچى، ژۇرنالىست ئەزىز ساۋۇت ئەسەرلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، بۇ مۆھتەرەم يازغۇچىغا تون ياپتى.

بۇ ئىشتىن گېزىت يۈزىدە خەۋەر تېپىپ، ئۆزۈم خېلىلا ھۆرمەتلەيدىغان، ئەسەرلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ئاشۇ يازغۇچىنىڭ شەرىپىگە ئۇيۇشتۇرۇلغان ئاشۇنداق ئەھمىيەتلىك ئەنجۇمەنگە قاتنىشالماي قالغانلىقىمدىن كۆپ ئەپسۇسلاندىم. شۇ ئەنجۇمەنگە قاتنىشالمىغانلىقىم قاتنىششنى خالىمىغانلىقىمدىن ئەمەس، بەلكى شۇ ئىشتىن خەۋەرسىز قالغانلىقىمدىن بولدى. ئەنجۇمەنگە قاتناشقان بىرنەچچە قەلەمكەش شۇ سورۇندا مېنىڭ دېرىكىمنى قىلىپ بۇنداق ئىلمىي يىغىلىشلارغا ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىپ كەلگەن مەندەك بىر ئاپتورنىڭ بۇ ئەنجۇمەنگە بارالمىغانلىقىمدىن ھەر خىل پەرەزلەرنى قىلىشىپتۇ.

كېيىن بىلسەم، بۇ ئەنجۇمەنگە مەنلا ئەمەس، يەنە باشقا بىرنەچچە غوللۇق قەلەمكەشلەرمۇ چاقىرىلماپتۇ. نېمىدەپ بىزنى چاقىرمىغاندۇ؟ دەپ كۆپ ئەپسۇسلاندۇق.

شۇلاردىن بىرى ماڭا، بۇ ھېلىقى ×× رەھبەرنىڭ ھامىيلىقىدا يېڭىدىن يۆتكىلىپ كەلگەن ھېلىقى مۇھەررىرنىڭ ئىشى بولسامدۇ. ئۇنىڭ ئەمەل تاماسى بەكلا كۈچلۈك بولغاچقا ژۇرنالنىڭ پېشقەدەم مۇھەررىرى بىلەن پۇرچىقى پىشماي، پېشقەدەم مۇھەررىر

www.uyghurkitap.com

مەجبۇري چېكىندۇرۇلۇش بىلەن تەڭلا ئاشۇ مۇھەررىر ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىپ كەلگەن ئاپتورلارنى شۇ مۇھەررىرنىڭ يېقىن ئادىمى دەپ قاراپ ئۇقتۇرۇش قىلماپتۇ. بۇنىڭدىن كېيىن بىزلەرگە ژۇرنالدىن پەقەتلا ئورۇن بەرمەكتە يوق، تېخى ئېيتتى تاپسا «يانپاشقا ئالغۇدەك» دېدى.

ئويلىنىپ قالدىم: بۇ بىر ھەقىقىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە مۇھەررىرنىڭ ئاغزىدىن چىقىدىغان گەپمۇ؟ ئۇنىڭچە بولغاندا مۇھەررىرلىك باشقىلار بىلەن ئۇزۇڭگە سوقۇشتۇرۇشنىڭ، باشقىلاردىن ئۆچ ئېلىۋېلىشنىڭ، باشقىلارنى ئۆز - ئۆزىگە خوش - خوش دېگۈزۈۋېلىشنىڭ، نام، شۆھرەت، مال - دۇنياغا ئېرىشىۋېلىشنىڭ ۋاستىسى ئوخشىمامدۇ؟

يەنە مۇنداق بىر ئىشنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغانلىقىم ئېسىمدە: مەلۇم بىر يەرلىك گېزىتتىكى كالتە قوشۇقنىڭ سېپېچىلىك مەنسىپى بار بىر مۇئاۋىن باشلىق بالىسىنىڭ توينى قىلىپ ئەتراپتىكى پۇتكۈل مۇخبىر، قەلەمكەشلەرگە باغاق تارقاتقان. شۇلاردىن بىر قەلەمكەشنىڭ زۆرۈر ئىشى چىقىپ قالغاچقا تويغا قاتنىشالمىغان. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى «ئەمەلدار مۇھەررىر» تويغا قاتنىشالمىغان قەلەمكەشنىڭ ئارقىسىدىن مىڭنى تىللاپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى گېزىتكە ئىككىنچىلەپ بەرمەيدىغانلىقىنى ئېيتقان.

مانا بۇ كۆز ئالدىمىزدىكى رېئاللىق، بۇنىڭغا كۆز يۇمۇۋېلىشقا پۈتۈنلەي ئامالسىزمىز. خىرىس ۋە رىقابەتكە تولغان دۇنيادا تۇرۇۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈن، رېئاللىق بىزنى ئۆزىمىز ھەققىدە، بولۇپمۇ ئۆزىمىزدىكى سەۋەنلىكلەر ھەققىدە كەسكىن ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، زىيالىيلار قاتلىمىمىزدىكى ساپا ھەققىدىمۇ ئاز - تولا بىر نېمىدېمەي بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ.

مەتبۇئات بىر مىللەتنىڭ ئىدېئولوگىيىسىنى يېتەكلەشتە ۋە ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىشتە سەل قارىغىلى بولمايدىغان رولغا ئىگە. بۇ مەنىدىن مەتبۇئات جەمئىيەت مەكتىپىدۇر.

مەتبۇئاتتا ئىپادىلىنىۋاتقان ئىدىيىۋى خاھىش ئاۋامنىڭ روھىي

كەيپىياتى ، ھەرىكەت مۇددىئاسىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ . شۇڭا ، مەتبۇئات خەلقنى تەربىيىلەش ، خەلقتە روھ يېتىلدۈرۈشتە ھەرقانداق ۋاسىتە ئورنىنى ئالالمايدىغان دەرىجىدە مۇھىم . شۇ مەنىدىن مەتبۇئات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان نەشرىياتچى ـ مۇھەررىرلەرنى بىر مىللەتنىڭ ئىدېئولوگىيىسىنى يېتەكلەيدىغان ، روھىغا تەسىر قىلىدىغان مەنىۋى يول باشچى دېمەي بولمايدۇ ، شۇڭا مۇھەررىرلەرنىڭ زىممىسىدىكى مەسئۇلىيەت تولىمۇ ئېغىردۇر .

ۋەھالەنكى ، بىزدە مۇھەررىرلىكنى مەسئۇلىيەت دەپ قاراشنىڭ ئورنىغا يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش ئۇنى بىر خىل ھوقۇق دەپ چۈشىنىدىغان ئادەملىرىمىزمۇ يوق ئەمەس ، بەلكى ئۇلار خېلىلا زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ . بۇنى مەدەنىيەت ساھەيىمىزدىكى بىر پاجىئە دېمەي بولمايدۇ .

ئابدۇقادىر جالالىدىن ئەپەندى «ئەدەبىياتنىڭ قىيامىتى ۋە نوھنىڭ كېمىسى» ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق يازىدۇ . «ژۇرنالىستلىق ۋە نەشرىياتچىلىق ھەرگىزمۇ ئۇدۇل كەلگەن ئادەم قىلىۋېرىدىغان ئىش ئەمەس ، ئۇ بىر خىل ئەدەبىي تەنقىد جەريانى . ھەقىقىي بىر نەشرىياتچى جەمئىيەت مائارىپىنىڭ يىرىك پېداگوكىدۇر . نەشرىياتچىلىقنى بىر خىل ھوقۇق ياكى ئىمتىياز دەپ قارايدىغان كىشىلەر مىللەتنىڭ ئەقىل خەزىنىسىگە سوقۇنۇپ كىرىۋالغان چاشقانلاردۇر . ئۇلار ھەممىشە بىرەر شەپىدىن خاۋاتىرلىنىپ ياشايدۇ . »

مۇھەررىرنىڭ ساپاسى ئۆزى ئىشلىگەن نەشر ئەپكارىنىڭ سۈپىتىنى بەلگىلەيدۇ . قانداق مۇھەررىر بولسا شۇنداق نەشرىي ئەپكار بولىدۇ . بىرەر نەشرىي ئەپكار ئەتراپىغا ئۇيۇشقان ئاپتورلارنىڭ قاتلىمى ۋە ئوقۇرمەنلەر قاتلىمىغا ئاساسەن شۇ نەشرىي ئەپكارنىڭ سۈپىتى ۋە ئىدىيىۋى خاھىشىغا باھا بېرىشكە بولىدۇ .

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى گېزىت ـ ژۇرنال باشقارمىسى تەمىنلىگەن ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا ، ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۇيغۇر تىلىدا نەشر

قىلىنىۋاتقان ، مەملىكەت ئىچىدە بىر تۇتاش نومۇرى بولغان ، دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە ئاشكارا تارقىتىلىۋاتقان قەرەللىك ژۇرنال 69 خىلغا ، ئىچكى ماتېرىيال خاراكتېرلىك قەرەللىك ژۇرنال 65 خىلغا يېتىپ ، مەملىكەت بويىچە خېلىلا ئالدىنقى قاتاردا تۇرغان .

ۋەھالەنكى ، شۇنچە كۆپ ژۇرناللار ئىچىدىن بەزى كەسپىي خاراكتېرلىك ژۇرناللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا قالغانلىرىنى خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتا زادى قانچىلىك رول ئوينىيالىدى ؟

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەدەبىيات تەتقىقات ئورنىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى ، ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ، ئۆزلۈك خاھىشىغا ئىگە قىرغىز ئوبزورچىسى مامبەت تۇردۇ ئەپەندى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ئۇيۇشتۇرغان «20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بىر نەزەر ۋە يېڭى ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يۈزلىنىشى ھەققىدە» دېگەن تېمىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئەدىبلەر سۆھبىتىدە ، ئۇيغۇر تىلىدا چىقىۋاتقان ئەدەبىي ژۇرناللىرىمىز ھەققىدە توختىلىپ سەمىمىيلىك بىلەن مۇنداق دەيدۇ : «ھازىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئاساسلىق ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرى ، ژۇرناللاردىن تولۇق پايدىلىنىش مەسىلىسى ھەل بولماي كېلىۋاتىدۇ . ‹شىنجاڭ مەدەنىيىتى› ژۇرنىلى مەدەنىيەت ئويغىنىش ھەرىكىتىنى باشلاپ بەردى ھەمدە ئۇنى بىر ئىزغا سېلىشقا ھەسسە قوشتى . ‹تەڭرىتاغ› ژۇرنىلىمۇ ئۇزۇن يىللىق تىرىشچانلىقتىن كېيىن ئەدەبىياتىمىزدا تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغان ئوبرازىنى نامايان قىلماقتا . لېكىن ، نۇرغۇن ژۇرناللىرىمىز قەغەز ئىسراپچىلىقى بىلەن بولۇپ كېتىۋاتىدۇ .»

ئاشۇنداق قەغەز ئىسراپچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان ژۇرناللىرىمىزدا شۇ ژۇرناللاردا ئىشلەۋاتقان مۇھەررىرلىرىمىزنىڭ مەسئۇلىيىتى يوق ئەمەس . بۇ ئۇلارنىڭ خەلقىمىز نېمە كويدا ؟ ئۇلارغا ھەقىقىي لازىم نەرسە نېمە ؟ قانداق قىلساق خەلقىمىزنىڭ



www.uyghurkitap.com

ئاچقان يېرىگە بارغۇدەك ، ئۇلارغا تېتىغۇدەك روھىي ئوزۇق بېرەلەيمىز ؟ . . . دېگەندەك ئەقەللىي تەلەپنىمۇ چىقىش قىلماي ، ئۆزىنىڭ تار نەزەر دائىرىسى بويىچە شەخسىي خاھىشىنى چىقىش قىلىپ ، ژۇرنال چىقىرىش ئۈچۈنلا ژۇرنال چىقارغانلىقىنىڭ بېشارىتىدۇ .

گېزى كەلگەندە بىرەر نەشرىي ئەپكارنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى ئىدىيىۋى خاھىشى خەلقنى تۈيۈق يولغا باشلاپ قويۇشىمۇ مۇمكىن . شۇڭا ، بۇ مەسئۇلىيەت بىلەنلا تۈگەيدىغان ئىش ئەمەس . ئۇ ئاخىر جاۋابكارلىققا بېرىپ تاقىلىدۇ .

مۇھەررىرلىك بىرەر ئەمەلدار تۇغقىنى ياكى يۇرتدىشىنىڭ ھامىيلىقىدا كىرىپ ئولتۇرسا بولىۋېرىدىغان چۆپقەت ئۇستىلى ئەمەس ! ئۇ ، ھوقۇق ئەمەس ! ! مۇھەررىرلىك خەلقنىڭ ۋىجدانى ، ۋەتەننىڭ ، خەلقنىڭ ئەڭ ئالىي غايىسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن مەسئۇلىيەت ، بۇ مەسئۇلىيەت تار دائىرىدىكى شەخسىيەتچىلىك ، يۇرتۋازلىق ، گۇرۇھۋازلىق ، چۆپقەتچىلىك ، تەمەخورلۇق ، پۇلپەرەسلىك ، ئابرۇيخورلۇق بىلەن زادىلا چىقىشالمايدۇ ، بەلكى ئۇنى ھەر ۋاقىت تەرك ئېتىدۇ .

بىر مۇھەررىردە ئۆز ۋەتىنى ، خەلقىگە نىسبەتەن يۈكسەك مەسئۇلىيەت ئېڭى بولمىسا ، شۇ مۇھەررىرنىڭ قولىدىن چىققان نەشرىي ئەپكارنىڭمۇ جەمئىيەتتە تېگىشلىك ئورنى بولۇشى ناتايىن . ھەر يىلى يىل ئاخىرىدا رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ، گېزىت ـ ژۇرناللاردا نەشرىي ئەپكارلارغا مۇشتەرى بولۇش ھەققىدىكى ۋەز ـ نەسىھەت تۈسىنى ئالغان مۇشتەرى قوبۇل قىلىش ئېلانلىرى قايناپ كېتىدۇ . مۇبادا نەشرىي ئاپكار خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياقسا ، ئۇنچە كۆپ پۇل خەجلەپ ئۆزىنى بازارلىتىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى ؟

ھازىر بەزى مۇھەررىرلەر ھە دېگەندە كىشىلەر گېزىت ـ ژۇرناللاردىن زېرىكتى ، كىتاب ـ ژۇرنال ئوقۇماس بولۇپ كەتتى ، كىتاب ـ ژۇرناللارنىڭ باھاسى ئۆسۈپ كەتكەچكە ئوقۇرمەنلەرنىڭ سېتىۋېلىشقا قۇربى يەتمەيۋاتىدۇ . . . دېگەندەك باھانىلەر بىلەن ئۆز ژۇرناللىرىنىڭ بازار تاپالمايۋاتقانلىقىغا سەۋەب ئىزدىمەكتە . ئەمما ،

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ، «تەڭرىتاغ» ، «جۇڭگو مىللەتلىرى» ۋە «كروران» ژۇرناللىرى باھاسىنىڭ قىممەتلىكى ۋە ئۆزىنى بازارلاتمايدىغانلىقىغا قارىماي ، يەنىلا كىشىلەرنىڭ ئەتىۋارلاپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولۇپ كەلمەكتە . ئەتراپىمىزدا ئاشۇ ژۇرناللار ھەققىدە ياخشى ئىنكاسلارنىڭ بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھەر دائىم ئاڭلاپ تۇرىمىزغۇ ؟

دىيارىمىزدا ئۆزگىچە خاھىشنى ساقلاپ كېلىۋاتقان ، ياشلىرىمىزنىڭ تەپەككۇر مۇنبىرى بولغان «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئەركىن نۇر ئەپەندى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 2001 ـ يىلى 5 ـ سانىدا ئېلان قىلغان «يېڭى ئەسىردىكى ئەدەبىي ژۇرناللار ۋە تور بېتى» ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق يازىدۇ : «بىز ئۆتكەنكى بىر ئەسىرلىك مۇساپىمىزگە نەزەر سالغىنىمىزدا ، مەيلى جۇڭگو ئەدەبىياتى بولسۇن ياكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بولسۇن ، يەنىلا 1980 ـ يىللارنى سېغىنىمىز : چۈنكى شۇ چاغ «بارچە ئىقلىملار بەس ـ بەستە سايراش» تەك ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلگەن ، ھەممە بىردەك ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە ھەر جەھەتتىن ئورتاق كۆڭۈل بۆلگەن ۋە ھەربىر يازغۇچى ، شائىر ، ھەربىر ئوقۇرمەن قەلبىدە ئەدەبىياتقا چىن ئىخلاس بىلەن مۇھەببەت باغلىغان سەنئەت دەۋرى بولغانىدى . مۇشۇ يىقىندىن ئالغاندا بۇ دەۋرنى پەقەت جۇڭگونىڭ تاڭ دەۋرىدىكى گۈللەنگەن ئەدەبىيات دەۋرىگىلا سېلىشتۇرۇش مۇمكىن . ھالبۇكى ، ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتۈپ بىز يېڭى ئەسىرگە قەدەم قويغان بۈگۈنكى كۈندە بولسا ئۆزىمىز كۈتكەندىن ئەكسىچە ئەدەبىياتتىكى بىر خىل يىگىلەش ياكى سۇلغۇنلۇقنى ھېس قىلماقتىمىز . بۇرۇنقى ئەدەبىي قىزغىنلىق ، ئەدەبىياتقا بولغان بۇرۇنقى چوڭقۇر مۇھەببەت ، بۇرۇنقى قايناق ئەدەبىي بەس ـ مۇنازىرە ، بۇرۇنقى كەڭ كۆلەملىك ئەدەبىي مۇھىت ، بۇرۇنقى تۈمەنلەپ تىراژ ۋە ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان ياخشى ئەسەرلەر ... ھېچقايسىسىنى تاپقىلى بولمايدۇ . گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ سۈپىتى ۋە تىراژى كۈنسايىن چۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ . ئىچكى ئۆلكىلەردىكى نەچچە يۈز مىڭلاپ تىراژى بار بولغان نى ـ

نى نوپۇزلۇق ژۇرناللارنىڭ بىراقلا ئۈچ ، تۆت مىڭغا چۈشۈپ قالدى . ئەدەبىيات ، جۈملىدىن ئەدەبىي ژۇرناللار ھەر جەھەتتىن خۇددى «تاشلاندۇق» بالىدەك يېتىمسىرەپ غېرىبسىنىپ قالدى . پەقەت بەزى قىسمەن ژۇرناللار ، ئالايلۇق «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» گە ئوخشاش ئۇنىۋېرسال ۋە قۇرۇلمىسى ئىخچام بولغان ، باشتىن ئاخىر كەڭ خەلق ئاممىسىغا يۈزلەنگەن ژۇرناللارلا بۇنداق سېرىقتال قىسمەتكە پىسەنت قىلماي ، يەنىلا ئۆزىدىكى مەتاغەتنى ساقلاپ قەد كېرىپ تۇرۇۋېتۇ . شۈغىنىسى ، دىيارىمىزدا مۇنداق ژۇرنالدىن يەنە قانچىسى بار دەيسىز ؟ ! بۇ يالغۇز شىنجاڭدىكى ئەدەبىي ژۇرناللارلا ئەمەس ، بەلكى پۈتكۈل جۇڭگو بويىچە ھەرقانداق بىر ئەدەبىي ژۇرنال يولۇققان بىر ئورتاق قىسمەت ! بۇ ھال شۇ ژۇرناللاردا ئىشلەۋاتقان ھەربىر ۋىجدان ئىگىسىنى ئازابلىماي قالمايدۇ . شۇنداق بولغاچقا ، مۇھەررىرلەر ، ژۇرنالىستلار بارلىق چارە ئامالارنى ئىشقا سېلىپ ، ئۆز ژۇرناللىرىنى قۇتقۇزۇشقا كۈچىنىڭ بارىچە ئۇرۇنماقتا . »

دەرۋەقە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئىدېئولوگىيىسىنى پىكىر يولىغا يېتەكلەشتە بايراقدارلىق رول ئويناپ ، خەلقىمىز ئارىسىدا بىر مەيدان مەدەنىيەت ئويغىنىش ھەرىكىتى قوزغاپ بەردى ۋە ئۇنى بىر ئىزغا سالدى . بۇ نۇقتىدىن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ تۆھپىسىنى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى قالاق ، كونا فېئوداللىزمنىڭ پىكىر ئاسارىتىدىن قۇتۇلالماي كەلگەن خەنزۇ زىيالىيلىرىغا يېڭى پىكىر مۇھىتى ھازىرلاپ ، بىر مەيدان ئىدىيە ئويغىنىش ھەرىكىتى قوزغاپ ، دەۋر بۆلگۈچ رول ئوينىغان «يېڭى ياشلار» ژۇرنىلىدىن تۆۋەن چاغلاشقا بولمايدۇ . يەنە كېلىپ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۆز تىل ـ يېزىقىمىزدا نەشر قىلىنىپ ئۆزىمىزنى مەزمۇن ئوبيېكتى قىلغانلىقى بىلەن بىللە «يېڭى ياشلار» ژۇرنىلىدىنمۇ قىممەتلىك .

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى كەسكىن بازار رىقابىتى ئالدىدا «بەرسەڭ يەيمەن ، ئۇرساڭ ئۆلىمەن» دەپ ھۆكۈمەتنىڭ

www.uyghurkitap.com

قۇتقۇزۇشنى كۈتۈپ ياتماستىن ، دادىل بازارغا يۈزلىنىپ ، ھۆكۈمەت مەبلىغىسىزمۇ ئۆز مەۋجۇدلۇقنى يوقىتىپ قويماي ، ئۆز بۇرچىنى تولۇقى بىلەن ئادا قىلىپ كەلمەكتە . يەنە بۇ ژۇرنالدا باشقا تەھرىر بۆلۈملىرىدىكىدەك ئون ، يىگىرمىلەپ ئادەم بولماستىن ، نەچچىلا ئادەم بار .

«سىنىڭ دۈشمىنىڭ بولغان تەقدىرىدىمۇ ، ئۇنىڭ يازمىلىرىدا يېڭى پىكىر سەنئەت يۈكسەكلىكى ، خەلقىڭگە پايدىلىق تەرەپلەر بولسىلا ، ئۇنى قەدىرلەپ ئالدى بىلەن ئىشلىتىشىڭ كېرەك . بىز مانا مۇشۇنداق قىلىمىز . نەشرىي ئەپكار دېگەن شەخسنىڭ مۈلكى ئەمەس ، بەلكى بىر مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي داستىخىنى» دېگەندەك بىر قېتىملىق سۆھبەتتە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى قۇربان مامۇت ئەپەندى يۈرىكىدىكى گەپنى قىلىپ .

مانا بۇنى مۇھەررىرىدىكى مەسئۇلىيەت ، ئالىيجاناب روھ دېمەي بولمايدۇ . ئەلۋەتتە ، ھەربىر مۇھەررىر ئۆزىدە مۇشۇنداق ئاڭنى يېتىلدۈرۈشى تولىمۇ زۆرۈر .

قۇربان مامۇت ئەپەندى رايونىمىزنىڭ كۆچا ناھىيىسىدىن ، ئەمما ئۇ باشقۇرۇۋاتقان ژۇرنالدا كۇچالىق ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرى يوق دېيەرلىك . قۇربان مامۇت ئەپەندى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى بولغان ئۈرۈمچىدە سەرخىل زىيالىيلار مۇھىتىدا ياشايدۇ ، ئەمما ئۇ چىقىرىۋاتقان ژۇرنالدا سەرخىل زىيالىيلارنىڭ ئەسەرلىرىلا ئەمەس ، بەلكى يەنە چەت يېزا ـ قىشلاقلاردىكى دېھقانلاردىن تارتىپ پار قازان ئىشچىلىرىغىچە ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پروفېسسورلىرىدىن تارتىپ مەدىكارلارغىچە ھەر خىل قاتلامدىكى ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنىدۇ . يەنە كېلىپ ، بۇ ئاپتورلارنىڭ كۆپ قىسمى قۇربان مامۇت ئەپەندىگە ناتونۇش .

ئادەمگە ئەمەس ، ئەسەرگە قاراش قۇربان مامۇت ئەپەندىنىڭ ژۇرنال چىقىرىشتا باشتىن ـ ئاخىر ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقان توپ پرىنسىپى . «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرناللىرىنىڭ سەركىسىگە ئايلىنالىشىنى قۇربان مامۇت ئەپەندىنىڭ مۇھەررىرلىكىنى ھۆقۇق

ئەمەس ، بەلكى مەسئۇلىيەت دەپ قاراپ ئۆزىدە شەخسىي ھالقىغان بۈرچ تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرگەنلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ .

ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئاپپارات ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ ، دېڭىز بويىدىكى رايونلارنىڭ نەشرىي ئەپكارلىرى خېلى بۇرۇنلا ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشىدىن مۇستەسنا ھالدا بازارغا يۈزلىنىپ ، ھايات ـ ماماتلىق رىقابەت جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈپ ، نەچچە يۈز مىليون يۈەنلىك مەبلەغكە ئىگە گۇرۇھ ـ شىركەتلەر بولۇپ تەشكىللەندى .

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نەشرىي ئەپكارلارنىمۇ مۇشۇ رىقابەتنى كۈتۈۋالمايدۇ ، دېگىلى بولمايدۇ . شۇنداق كۈن كەلگەندە مۇھەررىرلىكنى ھوقۇق دەپ چۈشەنگەنلەر بىرىنچى بولۇپ ئاتتىن چۈشىدۇ . چۈنكى ئۇ چاغدا ئاپتورلار مۇھەررىرلەرگە ئەمەس ، مۇھەررىرلەر ئاپتورلارغا بېقىنىدۇ . تار دائىرىدىكى شەخسىي زىددىيەتنىڭ ئورنىنى كەڭ دائىرىدىكى رىقابەت كۈرىشى ئىگىلەيدۇ ـ دە ، ئادەمگە ئەمەس ، ئەسەرگە قارايدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىدۇ .

بۇ نۇقتىنى ئالدىن چۈشىنىپ يەتكەن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى رىقابەتنىڭ تۇنجى قەدىمىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك باستى . ئۆزگىچە قاراشقا ئىگە مۇستەقىل تەپەككۇر ئىقتىدار بار قەلەم ساھىبلىرىنى دوست تۇتتى . ئادەمگە ئەمەس ، بەلكى ئەسەرگە قاراپ مۇئامىلە قىلدى .

ئەمما ، بەزى مۇھەررىرلىرىمىز يېقىنقىدەك رىقابەت كىرىزىسىدىن مۇستەسنا ھالدا مۇھەررىرلىكنى ھوقۇق كوزىرى قىلىۋېلىپ ، مەزھەپ تەشكىللەپ ، گۇرۇھۋازلىق ، يۇرتۋازلىق قىلىپ ، پالانى مېنىڭ دۈشمىنىم ، ئۇنىڭ بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلغانلارنىڭ ئەسەرلىرىنى بەرمەيمەن دەپ ئۆكتەملىك قىلىپ ، بىر قىسىم ئاكتىپ قەلەم ساھىبلىرىنى چەتكە قاقماقتا .

مۇھەررىرلىكنى ھوقۇق دەپ قارىغۇچىلارغا شۇنداق دېگۈم كېلىۋاتىدۇ : ئەجەبا ، شۇ نەشرىي ئەپكار سىزنىڭ شەخسىي ژۇرنىلىڭىزمۇ ؟ سىزنىڭ پالانىنىڭ ئەسىرىنى بەرمەيمەن ، پۇستانىغا

ژۇرنالدىن ئورۇن يوق دېيىشكە نېمە ھەددىڭىز ؟ شەخسىي زىددىيەتنى نېمىدەپ ئومۇمنىڭ ئىشىغا ئارىلاشتۇرۇۋالىسىز ؟ بىلىپ قېلىڭكى ، ھۆكۈمەت قانۇنلۇق نەشر قىلغان ئاشۇ ژۇرنالدا ئاپتورلۇق ھوقۇقى قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە بولغان ھەرقانداق بىر پۇقرانىنىڭ ئەسەر ئېلان قىلىش ھوقۇقى بار . بۇ ، سىزدىكى مەجبۇرىيەت ، خالاس .

# دۇنيا بانكىسى، ساڭا نېمە دەرمىز؟

دۇنيا بانكىسىنىڭ مۇھىت قوغداشقا مەسئۇل ئالىي ئەمەلدارى: «مۇشۇ ئەسىردە بولغان نۇرغۇن ئۇرۇشلار نېفىت ئۈچۈن بولدى، كېلەر ئەسىردىكى ئۇرۇشلارنىڭ كۆپىنچىسى سۇ ئۈچۈن بولىدۇ» دېگەنىدى. بۇ تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ئېيتىلغان سۆز. يۇرتىمىز شىنجاڭدەك قۇرغاق رايون ئۈچۈن ئېيتقاندا تېخىمۇ شۇنداق.

شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي سۇ بايلىقى 80 مىليارد كۇب مېتىر بولۇپ، ھەر كۋادرات مېتىر يەرگە توغرا كېلىدىغان سۇ تولىمۇ ئاز. يەنە كېلىپ رايونىمىز شىنجاڭدا سۇ مەنبەلىرىنى ئېچىش ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشتا سۇپەتكە، ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بەرمەسلىك مەسىلىسى مەۋجۇت. ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ باي ناھىيىسىدىكى ئاقبۇلۇڭ ئۆستىڭى دەل ئاشۇنداق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ بىرى.

ئاقبۇلۇڭ ئۆستىڭى باي ناھىيىسىنىڭ غەربىدىكى ياقىئېرىق بازىرى تەۋەلىكىدە بولۇپ، ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىنىڭ باش ئۆستىڭى، غول ئۆستىڭى ۋە شىمالىي قىرغاقتا سۇ ئۆتكۈزۈلىدىغان سۇڭگۈچ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدىغان ئومۇمىي مەبلەغ 35 مىليون يۈەن قىلىپ بېكىتىلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە دۇنيا بانكىسىنىڭ بېرىدىغىنى 24 مىليون يۈەن، باي ناھىيىسى ئاجرىتىدىغىنى 10 مىليون يۈەن ئىدى.

بۇ قۇرۇلۇش 1995 - يىلى باشلانغان بولۇپ، تۇنجى يىلى باي ناھىيىسى تەۋەسىدىكى نەچچىلىگەن يېزا - مەيدانلاردىن مىڭلىغان دېھقان - چارۋىچى ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىغا سەپەرۋەر قىلىنغاندىن باشقا، 2 - يىلدىن باشلاپ ناھىيىنىڭ ياقىئېرىق

دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى نەچچە مىڭلىغان دېھقان ـ چارۋىچى تومۇز ئىسسىق، قەھرىتان سوغۇقلاردىمۇ ئىش ئورنىدا قونۇپ، ئۆستەڭ قېزىش، تاش توشۇش ۋەزىپىسىنى تاماملىغان. بۇ جەرياندا ئەمگەك كۈچىدىن باشقا نۇرغۇن تراكتور، ئاپتوموبىل، ئات ـ ئۇلاغ، هارۋا ئىشقا سېلىنغان. قولىدا تراكتور، هارۋىسى يوق دېھقانلار نەق پۇل چىقىرىشقا مەجبۇر بولغان. ئەسلىدىنلا ئىقتىسادىي ئاجىز بىر قىسىم دېھقانلار 4 ~ 5 يىلغا سوزۇلغان ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىدا قاق سەنەم بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۆستەڭ پۈتكەندىن كېيىن تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىپ كېتىدىغانلىقىغا زور ئۈمىد باغلىغانىدى.

دېمىسىمۇ، بۇ ئۆستەڭ پۈتسە دېھقانلار ئەسىرلەردىن بۇيان تەبىئىي ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردىن سۇ تۈتىدىغان، گاھىدا سۇ ئۇلغىيىپ ئاپەت پەيدا قىلىدىغان، گاھىدا سۇ ئۆكسۈپ قېلىپ قۇرغاقچىلىق بولۇپ كېتىدىغان ئەھۋاللاردىن ئۈزۈل ـ كېسىل قۇتۇلاتتى.

باي ناھىيىسىنىڭ ياقىئېرىق، داۋانچى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، باتۇر، مىرچىغ يېزىلىرىنىڭ 357 مىڭ مو ئېكىنزارلىقى بىلەن ئونسۇ ناھىيىسىنىڭ بوزدۆڭ قىرغىز مىللىي يېزىسى كانجى كەنتىنىڭ 40 مىڭ مو ئېكىنزارلىقىنى سۇغىرىشقا كاپالەتلىك قىلىپ، يىل بويى مۇداپىئە دامبىسى ياساپ، سۇ باشلاش يۈكىنى بىكار قىلىپ، مۇشۇ بىر تۈردىنلا يىلىغا 800 مىڭ يۈەن تېجەپ قالغىلى، باش ئۆستەڭ ۋە غول ئۆستەڭگە سۇ سىڭمەس، زەربىگە بەرداشلىق بېرىش تەدبىرلىرى قوللىنىلىپ، تۇپراقنىڭ گۈمۈرۈلۈپ كېتىش نىسبىتى ئازايتىلىپ، يىلىغا 30 مىليون كۇب مېتىر سۇنى تېجەپ قالغىلى بولاتتى.

بۇ ئۆستەڭنىڭ يۇقىرىقىدەك ئىقتىسادىي قىممەت يارىتالايدىغانلىقىنى قايتا ـ قايتا تەكشۈرۈپ دەلىللىگەندىن كېيىن، دۇنيا بانكىسى قەرز مەبلىغى تەستىقلىغانىدى.

2000 ـ يىلى ئەتىيازدا ئۆستەڭنىڭ باش بۆلۈكىگە زور ئۈمىدلەر بىلەن سۇ باشلانغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي سۇنىڭ ئېقىشىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن. ئۆستەڭنىڭ قىشى گۇمۇرۇلۇپ چۇشۇپ، بىر قىسىم دېھقانلارنىڭ ئۆي ۋە زىرائەتلىرىنى سۇ بېسىپ كەتكەن. ئاپەتكە ئۇچرىغان دېھقانلار 10 نەچچە كىلومېتىر يول يۈرۈپ، ئۆستەڭنىڭ بېشىغا بېرىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، «بىخەتەرلىكنى قوغداشقا مەسئۇل» تېخنىك خادىملار تاقاقنى ئېتىپ سۇنى توختاتقان. ئەمما، ئۇلار يېڭىدىن سۇ باشلانغان ئۆستەڭنىڭ بىخەتەرلىكىنى چارلاپ تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلمىغان.

ئەسلىدىكى تەبىئىي ئۆستەڭنىڭ ئورنى بۇزۇۋېتىلگەن، يەنە كېلىپ يېڭى ئۆستەڭگە سۇ باشلاش مۇمكىن بولمىغان ئەھۋالدا، بىر قىسىم زىرائەتلەرنى ۋاقتىدا سۇغىرىشقا ئامال بولمىغانلىقتىن زىرائەتلەر قۇرۇپ كەتكەن ياكى تولۇق دان تۇتمىغان. دېھقانلار تېرىشقا تەييارلاپ قويغان نۇرغۇن يەرلەر ئاق قالغان.

بىراق، مۇزرت دەرياسىدا سۇ ئاۋۇالقىدەك ئېقىۋەرگەن. بۇنداق «سۇ تۇرۇپ سۇسىز قالغان» ئېچىنىشلىق ئەھۋال دېھقانلارنى تىت ـ تىت قىلىۋەتكەن.

ياقىئېرىق بازىرىنىڭ مەلۇم كەنت مۇدىرى بۇ ئەھۋاللارنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپەت ئۆلچىمىگە يەتمىگەنلىكىدىن بولغان، ھازىر بۇ ھەقتە دېھقانلارنىڭ پىكرى كۆپ، دېگەن.

ئىگىلىنىشىچە، مۇشۇ ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىنى ئىشلىگەن ئىچكى ئۆلكىلىك خەلق ئىشچىلىرى بىلەن يەرلىك قۇرۇلۇش نازارەتچىلىرى قۇرۇلۇش جەريانىدا ئاز ـ تولا «يەڭ سودىسى» قىلىشقۇالغانمۇ قانداق؟ خەلق ئىشچىلىسى سېمونت قاتارلىق قۇرۇلۇشقا جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان ماتېرىياللارنى ئەرزان باھادا سېتىپ خەجلىگەن. مۇئەللىپ 1998 ـ يىلى ئەتىيازدا

قۇرۇلۇش قىلىۋاتقان خەلق ئىشچىلىرىنىڭ يولدىن ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرگە خالتىلىق سېمونتلارنى ئەرزان باھادا سېتىۋەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن.

بىراق، «يەڭ سودىسى» نىڭ سورۇقچىلىقىغا قالغان مارافونچە ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىدا ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن دېھقانلار «ئۇھ» دەپ ھاردۇقىنى چىقىرىۋېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، يەنە يا ئېلىپ كەتكەن ئۆستەڭ قېشىنى ئېتىش ھاشارىغا قاتنىشىشقا مەجبۇر بولغان. تېخىمۇ ئېچىنىشلىقى، 2001 ـ يىلى 5 ـ ئايدا مەزكۇر ئۆستەڭنىڭ قېشىنى ئېتىش ھاشارىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كېتىۋاتقاندا ئۈچ دېھقان شىددەت بىلەن ئېقىۋاتقان ئۆستەڭگە چۈشۈپ كېتىپ ھاياتىدىن ئايرىلغان.

كىم بىلىدۇ، ئۆمۈر بويى مۇشۇ ئۆستەڭنىڭ چالىسىنى پۇتتۇرۇپ بولالماي ھالىمىزدىن كېتىمىزمۇ تېخى، دېيىشكەن چىرايىدىن توپا ـ چاڭ ئۆرلەپ تۇرىدىغان دېھقانلار 2002 ـ يىلىدىكى ئۆستەڭنىڭ قېشىنى ئېتىش ھاشارىغا كېتىۋېتىپ ئېغىر ئۇھ تارتقان ھالدا.

ئويلىنىپ قالدىم، بۈگۈنكى كۈندە يۇرتىمىز شىنجاڭغا نىسبەتەن كەم بولۇۋاتقىنى يەنىلا مەبلەغ، ئاپتونوم رايونىمىز شىنجاڭنىڭ بايلىق ئەۋزەللىكىنى كوزىر قىلىپ، سىرتتىن مەبلەغ كىرگۈزۈش جەھەتتە بەزى خىزمەتلەرنى ئىشلىمەكتە. بەزى ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ، مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى ياخشىلىماقتا.

دۇنيا بانكىسى يېرى كەڭ، بايلىقى مول شىنجاڭ خەلقىنىڭ نامرات ھالەتتىن تولۇق قۇتۇلۇپ كېتەلمەسلىكىدە نۇرغۇن ئىچكى ـ تاشقى ئامىللاردىن باشقا، يەنە سۇدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەن، سۇ ئىسراپچىلىقىنىڭ ئېغىر بولۇشىنىڭ ئاساسىي سەۋەب ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ شىنجاڭدا بىر تۈركۈم سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى

تەسىس قىلدى . ئەمما ، دۇنيا بانكىسىغا ئوخشاش ئىنسانپەرۋەرلىك نۇقتىسىدا تۇرۇپ مەبلەغ سالغان ئورۇنلارنىڭ مەبلىغى بىلەن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان قۇرۇلۇشلاردا يۇقىرىقىدەك ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىش بەدىلىگە خەلققە ، دۆلەتكە زىيان سالىدىغان ئەھۋاللارمۇ ساقلانماقتا .

بىز : «دېھقان دېگەن باش چۆكۈرۈپ ئىشلەشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان ياۋاش خەق . ئۇلاردا قانۇنىي ئاڭ يوق » دەپ ئويلىشىمىز مۇمكىن . ئەمما ، ئۆزلىرى قايتا ـ قايتا تەكشۈرۈپ دەلىللەشتىن ئۆتكۈزگەن تۇرگە مەبلەغ بەرگەن دۇنيا بانكىسى بۇ ئىشنىڭ نەتىجىسىنى سۈرۈشتۈرمەسمۇ ؟ شۇ چاغدا ئۇلارغا نېمە دەرمىز ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

# نەپسىڭنى يىغ ! «ئادەم سودىگەرلىرى»

مەن بۇ يىل قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن باي ناھىيە ياقئېرىق دېھقانچىلىق مەيدانى بوز كەنتىدىكى ئاتا ـ ئانامنىڭ ئۆيىگە بارغانىدىم . «ئادەم سودىگەرلىرى» گە ئائىت مۇنداق بىر ئىش مېنى چوڭقۇر ئويغا سالدى .

ھېيتنىڭ 2 ـ كۈنى كەچتە شۇ كەنتنىڭ 3 ـ ئاھالىلەر گۇرۇپپىسىدا ئولتۇرۇشلۇق ئابلا ئەمەت دېگەن كىشى ئۆيىمىزگە ھېيتلاپ كەلدى . گەپ ئارىسىدا ئۇنىڭ ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولغان ئوغلىنىڭ گېپى چىقىۋىدى ، بۇ كىشى مۆلدۈر باسقان كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىپ تۇرۇپ دەرد تۆكۈشكە باشلىدى .

ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ، بۇ يىل 3 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ئۇنىڭ 12 ياشلاردىكى ئوغلى بىلەن شۇ مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق ئەمەت ھاشىم ئىسىملىك يەنە بىر ەيلەننىڭ 16 ياشلاردىكى نىياز ئىسىملىك ئوغلى ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ ئاقسۇ شەھىرىگە كەلگەندە ، قىزىل كۆۋرۈك ئەتراپىدا ئۇيغۇر نەسلىدىن بولغان ×× نىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشكەن . ×× بۇلارنى خېنەننىڭ جېڭجۇ شەھىرىدىكى يەنە بىر ئۇيغۇر خوجايىن ×× كە سېتىۋەتكەن .

بۇ باللار جېڭجۇدا مەجبۇرىي ئوغرىلىققا سېلىنغان ، باللار بۇنىڭغا ئۇنىمىغاندا «خوجايىن» ئۇلارنى زەي ئۆيگە سولاپ قويۇش ، ئاچ قويۇش ، قەبىھلەرچە ئۇرۇپ ـ قىيناش قاتارلىق ۋاستىلەرنى قوللانغان . ئۇلار ئوغرىلىق ۋە قىمار ئويناشنى قاملاشتۇرالمىغاندىمۇ ئوخشاشلا جازالانغان ، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ سالامەتلىكى كۈندىن كۈنگە ناچارلىشىپ ھالى خارابلاشقان .

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئابلا ئەمەتنىڭ ئوغلى ئوغرىلىقنى

زادىلا قاملاشتۇرالمىغانلىقى ئۈستىگە سالامەتلىكى ناچارلىشىپ، كارغا يارىماس ھالەتكە كېلىپ قالغان. خوجايىن ئۇنى شىخەنزىدىن جېڭجۇغا سودا ئىشلىرى بىلەن بارغان بىر ئۇيغۇر سودىگەرگە سېتىۋەتكەن.

ئۇيغۇر سودىگەر بالىغا ئىچ ئاغرىتىپ ئۇنى شىخەنزىگە ئېلىپ كەلگەن ھەم سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ ئاتا ـ ئانىسى تۇرۇشلۇق ئورۇنغا تېلېفون بېرىپ، بالىنى ئېلىپ كېتىشنى ئېيتقان. شۇ ئارىدا جېڭجۇدىكى نىياز ئىسىملىك بالىنىڭمۇ خەۋىرى كېلىپ، دادىسى ئەمەت ھاشىمنىڭ پۇل ئەكېلىپ بالىسىنى ئەكەتمىسە بولمايغانلىقى ھەققىدە كەينى ـ كەينىدىن تېلېفون كەلگەن. بۇنىڭ بىلەن ئىككى ئائىلىدىكىلەر پات ـ پاراق بولۇپ، يىغىزارە قىلىشقان. پۇل سوراپ بارمىغان يېرى قالمىغان.

ئۇلار ئاخىرى پۇلنىڭ ئامالىنى قىلالمىغاچقا ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئۈچۈن بانكىدىن قەرز ئالغان پۇللارنى ۋە يەتمىگەن يېرىگە ئۆيدىكى مال ـ ۋارانلارنى سېتىپ پۇل غەملەپ، ئۆزلىرى بېقىپ چوڭ قىلغان بالىلارنى باشقىلارنىڭ قولىدىن «سېتىۋېلىش» قا مەجبۇر بولۇپتۇ.

بۇلارنى ئاڭلاپ بىر تەرەپتىن پۇل ئۈچۈن ھەر نېمە قىلىشتىن يانمايدىغان ئاشۇ لەنىتى «ئادەم سودىگەرلىرى» گە نەپرەت ياغدۇرسام، يەنە بىر تەرەپتىن قولى قىسقا، جاپاكەش، ئاقكۆڭۈل ئاشۇ ئاتا ـ ئانىلارغا ھېسداشلىق قىلدىم. دېمىسىمۇ ئۇلار تاپقان ـ تەرگىنىنىڭ ھەممىسىنى يىراق مۇساپىلەرنى بېسىپ بالىلارنى باشقىلارنىڭ قولىدىن «سېتىۋېلىش»قا خەجلىۋەتسە، يەرگە قانداق مەبلەغ سالالايدۇ؟ يەرگە مەبلەغ سالالمىسا نېمە يەيدۇ؟ نېمە كىيىدۇ؟ نېمىنى خىراجەت قىلىدۇ؟

كۆزىتىشلەرگە قارىغاندا 18 ياشتىن تۆۋەن بالىلارنى ئالداپ، قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈپ سېتىپ پۇل تاپىدىغان «ئادەم سودىگەرلىرى» جەمئىيىتىمىزدە خېلىلا باش كۆتۈرۈپ قالغان.

بالىلار قولدىن قولغا ئۆتۈپ ئەڭ ئاخىرى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئوغرىلىق، قىمار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان شايكىلارنىڭ ئويغۇر خوجايىنلىرى تەرىپىدىن «سېتىۋېلىنىدىكەن». خوجايىنلار ئۇلارنى ئوغرىلىققا، قىمارغا سالىدىكەن، ئۇنىمىسا ياكى قاملاشتۇرالمىسا ھەر خىل قەبىھ ۋاستىلەرنى قوللىنىپ جازالايدىكەن. «ئېپى بار»، «ئىشقا يارايدۇ» دەپ قارىغانلىرىنى «ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىدىكەن»، «يارىماس» لارنى يەنە باشقىلارغا سېتىۋېتىدىكەن. بالىلار ئەڭ ئاخىرى يەنە قولدىن قولغا ئۆتۈپ ئۆز ئاتا - ئانىسىغا «سېتىپ بېرىلىدىكەن».

بالىلار ئوغرىلىق ياكى قىمار ئۈستىدە ساقچىلار تەرىپىدىن قولغا چۈشسە يېشى 18 كە توشمىغانلىقتىن ئاز - تولا جەرىمانە ئېلىنىپ ياكى يېنىك جازالىنىپ قويۇپ بېرىلىدىكەن. نەتىجىدە بالىلارنىڭ خوجايىنلىرىمۇ ئانچە كۆپ زىيان تارمايدىكەن. مانا بۇ ئۇلارنىڭ 18 ياشتىن تۆۋەندىكى بالىلارنى تاللىشىپ سېتىۋېلىشىنىڭ سەۋەبى ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار بۇنى دەسمىي كەتمەيدىغان، زىيان كۆرۈلمەيدىغان «ئوبدان سودا» دەپ قارايدىكەن.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، خاراكتېرى مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان مۇنداق ناچار خاھىشلارمۇ بار ئىكەن. بەزى تەييارتاپ، ھارامتاماقلار ھە دېگەندە كوچىلاردا پايلاپ يۈرۈيدىكەن. ئاتا - ئانىلار دىققەت قىلمىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ كىچىك بالىلىرىنى كۆتۈرۈپلا ماڭىدىكەن (چوڭراق بولسا ئالدايدىكەن) دە ئۆيلىرىگە يوشۇرۇپ قويىدىكەن. ئاتا - ئانىلار بالىلارنى تەرەپ - تەرەپتىن ئىزدەپ تاپالماي يىغلاپ - قاقشاپ يۈرۈپ ئاخىرى تېلېۋىزوردا ياكى گېزىتلەردە ئېلان بېرىپ، تېپىۋالغۇچىلارنى سۆيۈنچە بېرىپ رازى قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغاندا، ئاندىن ئۇلار ئوتتۇرىغا چىقىپ، يالغاندىن ئالىيجاناب بولۇۋېلىپ، سۆيۈنچە ئېلىپ خەجلەيدىكەن. ماھىيەت جەھەتتىن ئالغاندا بۇمۇ بالىنى ئۆز

ئاتا ـ ئانىسىغا «ساتقان» لىق بولۇپ ، ئادەم سودىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ .

ھۆكۈمىتىمىز خەلقنى باي قىلىش ، ئېگىلىكنى روناق تاپقۇزۇش ئۈچۈن بازار ئېگىلىكىنى كەڭ قويۇۋەتتى . قىلايلا دېسە نۇرغۇن ئىش ، ماڭاي دېسە نۇرغۇن توغرا يول تۇرۇپتۇ . نۇرغۇن كىشىلىرىمىز توغرا يولدا مېڭىپ ، ھالال پۇل تېپىپ قەد كۆتۈرۈشكە تىرىشىۋاتىدۇ ، ئەمما ئاز ساندىكى نائىنساپ ، ۋىجدانسىز ، قارا قورساق ئىپلاسلار خىروئىنلارنى يۆتكەپ كېلىپ سېتىپ ، ئۆز قېرىنداشلىرىنى ۋەيران قىلماقتا . بىر ـ بىرىنى ئالداپ «قويمىكەش» لىك قىلماقتا ، ئۆز قوۋملىرىنىڭ باللىرىنى ئالداپ قولدىن قولغا ھايىنىغا سېتىپ «ئادەم سودىسى» قىلماقتا . بىر ـ بىرىدىن رەزىل بۇنداق ناچار قىلمىشلار بازار مېخانىزمىغا تۇپتىن خىلاپ . ئۇ ھازىرقى مەدەنىيەت دەۋرى بىلەن ئەسلا چىقىشالمايدۇ ، شۇنداقلا كەلگۈسى بىلىم ئېگىلىكى رىقابەت دەۋرى بىلەنمۇ ئەسلا چىقىشالمايدۇ .

بۇنداق رەزىل قىلمىشلار نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلارنى زار ـ زار يىغلىتىپ ، ئۇلارنى بىھۇدە پۇل خەجلەشكە مەجبۇر قىلسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ئاشۇ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى زەئىپلەشتۈرۈپ ، كەلگۈسى ئەۋلادلارنى كاردىن چىقارماقتا . تېخىمۇ مۇھىمى بۇنداق «ئادەم سودىگەرلىرى» مىللىتىمىزنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى مىللەتلەر ئالدىدىكى ئابرۇيىنى ھەسسىلەپ تۆكمەكتە .

ئادەم ئېلىپ ـ ساتىدىغان قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ كەلمەسكە كەتكىنىگە نەچچە ئەسىر بولغان ، ئادەملەرنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە «ئادەم ئېلىپ ـ ساتىدىغان» بۇنداق ئىنسان تەبىئىتىگە يات بىمەنە قىلمىشنىڭ جەمئىيەتتە باش كۆتۈرۈپ چىقىشى كىشىنىڭ غەزىپىنى قوزغايدۇ . بۇنداق بىنورمال «سودا» لار ئالاقىدار رەھبەرلەرنىڭ

ۋە قانۇن تارماقلىرىنىڭ يەنىمۇ دىققىتىنى تارتىشى زۆرۈر .

لۇشۇن ئەپەندى «دورا» ناملىق ئەسىرىدە ئادەم يەيدىغان كونا جەمئىيەت ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ : «بالىلارنى قۇتقۇزۇۋالايلى» دەپ نالە قىلغانىدى . بىز ھازىرقىدەك تەرەققىي قىلغان مەدەنىيەتلىك ئىنفورماتسىيە دەۋرىدە تۇرۇۋېمۇ «بالىلارنى قۇتقۇزۇۋالايلى» دەپ نالە - پەرياد چېكىشكە مەجبۇر بولۇۋاتىمىز .

يېڭى ئەسىر شۇنداق دەيدۇ : نەپسىڭنى يىغ ! «ئادەم سودىگەرلىرى» .

# سودا — ئۇ بىر مۇكەممەل ئىلىم

ئىنسانىيەت يېزا ئىگىلىكى، سانائەت ئىگىلىكى دەۋرىنى تاماملاپ، 3 ـ چوڭ ئىگىلىك بولغان بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىگە قەدەم قويىدى.

ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە، يېزا ئىگىلىكىنىڭ 5000 يىللىق تارىخىدا ھەرقايسى ئەللەر تەرەققىياتتا بىر ـ بىرىدىن 1000 يىللارچە پەرقلەنگەن. سانائەت ئىگىلىكىنىڭ 300 يىللىق مۇساپىسىدە بولسا، بىر ـ بىرىدىن 100 يىللارچە پەرقلەنگەن. بىلىم ئىگىلىكىنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، ئۇچۇر لىنىيىلىرىنىڭ يەر شارىنى زىچ باغلىشى تۈپەيلىدىن، يەر شارى ۋە ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى ئەللەر ئىقتىسادى بىر گەۋدىلىشىشكە قاراپ يۈزلىنىپ، ھەرقايسى ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بارغانسېرى قىسقىراشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە.

بۇ ھال دۇنيا ئىقتىسادىي سودا رىقابىتىگە قاتنىشىشنى ئالدىنقى شەرت قىلمىغان، ئۇنىڭغا ئىدىيىۋى تەييارلىق ھازىرلىمىغان ھەرقانداق بىر مىللەت، جۈملىدىن شۇ مىللەت مىللىي ئىگىلىكىنى تەشكىل قىلغۇچى سودىگەرلەر، كارخانىچىلارنى رەھىمسىز رەۋىشتە دۇنيا ئىقتىسادىي رامكىسىنىڭ سىرتىدا يېتىم قالدۇرۇشتەك كرىزىسنى پەيدا قىلماقتا. شۇنداق بولغاندا ھازىرقى ئاددىي ھالدىكى ئىلىم ـ سېتىم سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان سودىگەرلىرىمىزنىڭ ئاخىرى بېرىپ قارا كۆچكە تايىنىپ جان ساقلايدىغان ھامالغا ئايلىنىپ قېلىشى، تېخى گېزى كەلگەندە ھامماللىق ئورنىدىنمۇ مەھرۇم قېلىش خەۋپىگە دۇچ

www.uyghurkitap.com

كېلىشى قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىسىدىكى ئىشقا ئايلىنىپ قالغىلى تۇردى .

روشەنكى ، مىللىتىمىز ناھايىتى ئۇزۇن سودا تارىخىغا ئىگە بولۇپ ، تارىختىكى سودا كارۋانلىرىمىز شەرقتە كەڭ ئوتتۇرا ئىچكىرى رايونلىرىدىن تارتىپ ، غەربتە ئېدىل ، نىل دەريا ۋادىلىرىغىچە بولغان رايونلاردا كېزىپ يۈرۈپ ، پايانسىز «يىپەك يولى» نى ئاچقان . شۇ چاغدىكى سودىلار ئاددىي ھالدىكى ئېلىپ - سېتىش ۋە مالغا مال ئالماشتۇرۇش بولغىنىغا قارىماي ، مەيلى سودا ياكى مەدەنىيەت جەھەتتىن بولمىسۇن ، ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان .

ئەمما ، ھازىرقى دەۋر بۇرۇنقىغا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ . 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا بىلىمنىڭ يېڭىلىنىشى ھەر 10 يىلدا بىر قېتىم ئۆزگەرگەن بولسا ، ھازىر ھەر 20 ئايدا بىر قېتىم ئۆزگىرىۋاتىدۇ . بۇنىڭدىن كېيىن بىلىمنىڭ يېڭىلىنىشى ۋاقىت ئارىلىقىنىڭ تېخىمۇ قىسقىرايدىغانلىقى بارغانسېرى مۇقەررەرلىككە ئايلىنىپ قالماقتا .

بىلىم ھەم تېخنىكىدا شۇنچە تېز يېڭىلىنىش بولۇۋاتقان ، جەمئىيەتنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ، كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشى ھەم ئىستېمال قۇرۇلمىسىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتقان ، جىددىي رىقابەت تۈسىنى ئالغان ھازىرقىدەك ئىنفورماتسىيە (ئۇچۇر) دەۋرىدە تۇرۇۋاتىمۇ دۇنيا سودا رىقابىتىدىن بىخەۋەر ھالدا سودا ھەم ئىستېمال ئېھتىياجى ھەققىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق ئېلىپ بارماي تۇرۇپلا ، ئاددىي ھالدىكى ئېلىپ - سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىش سودىدىن ئىبارەت بۇ مۇكەممەل ئىلىمنىڭ ماھىيىتىنى تولۇق تونۇپ يەتمىگەنلىكىنىڭ بېشارىتىدۇر .

ئەلۋەتتە ، ئاددىي ھالدىكى ئېلىم - سېتىم سودىلىرى خەلقىمىزگە خېلى زور نەپلەرنىمۇ بەردى . ئەمما ، ئۇ ھازىرقىدەك جىددىي ئىقتىسادىي رىقابەتتە بارغانسېرى شاللىنىپ قېلىۋاتىدۇ .

80 ـ يىللاردا ئىلىم ـ سېتىم سودىسى بىلەن بېيىغان سودىگەرلىرىمىزنىڭ 90 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە، بىراقلا جىمىپ قېلىشى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

سودا ئۇ بىر مۇكەممەل ئىلىم. ئۇ ئۆزى بىلەن شۇغۇللانغۇچىدىن سەگەك كاللا، ھەر تەرەپلىمە قابىلىيەتنى ھازىرلىغان مۇكەممەللىكنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىنتېرنېت تورى ھازىر دۇنيادىكى تەسىرى ئەڭ زور، ئەڭ تېز ئومۇملىشىۋاتقان ئالاقە تورى بولۇپ قالدى. ئۇ 180 دىن ئارتۇق دۆلەتتىكى نەچچە 10 مىڭلىغان كومپيۇتېرنى بىر ـ بىرىگە چېتىپ، غايەت زور دەرىجىدىكى سودا ئۇچۇرلىرىنى تارقاتماقتا.

بىزنىڭ ئۇيغۇر سودىگەرلىرىمىزمۇ ئىنتېرنېت تورىدىن پايدىلىنىپ، دۇنيا سودا ۋەزىيىتىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، ئىستېمال ئېھتىياجى ۋە بازار قۇرۇلمىسى ئۆستىدە ئىزدىنىپ، ئۆزىگە يول تېپىشى لازىم ئىدى. خۇشاللىنارلىقى، ھازىرقى قىسمەن ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئىنتېرنېت تورى ئارقىلىق، دوللارنىڭ باھاسى، مەملىكەت ئىچى ـ سىرتىدىكى پاي باھاسىنىڭ ئۆسۈش ـ تۆۋەنلەش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، سودىغا مەبلەغ سېلىۋېتىپتۇ. بۇ بىر ياخشى باشلىنىش بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار سان جەھەتتىن تولىمۇ ئاز.

يەنە بىر جەھەتتىن سودا ئۇ بىر مۇكەممەل ئىلىم بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىشكە، يېڭىلىق يارىتىشقا موھتاج. بۇ جەھەتتە مۇسا بايېۋلار جەمەتى چەت ئەللەردىن ئىلغار تېخنىكا ۋە ئۇسكۇنىلەرنى ئەكىرىپ، مەكتەپ، زاۋۇت ۋە دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىقنى بىر گەۋدە قىلغان سودا تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىپ، سودا ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە يېڭىلىق يارىتىشتا بىزگە ئۈلگە تىكلەپ بەردى.

رىقابەتتە ئۇزۇپ مېڭىۋاتقان ئارمان، گۆھەر زېمىن شىركەتلىرىنىڭ يۇرۇشلەشكەن مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازار تېپىۋاتقانلىقى ئاشۇ شىركەتلەرنىڭ توختىماي ئىزدىنىپ، يېڭىلىق

يارىتىۋاتقانلىقىدىن بولغان . يېڭىلىقى ، ئىجادچانلىقى بولمىغان سودىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى بولمايدۇ ، ئەلۋەتتە .

بىرنەچچە يىل ئاۋۋال «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» دىن بىر خەنزۇ يولداشنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى باش كىيىمى بولغان بادام دوپپا تىكىش جەھەتتە يېڭىلىق يارىتىپ ، بازار ئىگىلىگەنلىكىگە دائىر بىر ماقالىنى ئوقۇپ ، چوڭقۇر ئويغا پاتقانىدىم . يەنە بىر خەنزۇ يولداشنىڭ كاۋاپقا ئىش قوشۇش يولى بىلەن ئۇنى تېخىمۇ بازارلىق مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرغانلىقىغا دائىر ئىشلارنىمۇ ئاڭلىغانىدىم .

قارايدىغان بولساق ، تارىختىن بۇيان ئۇيغۇر ئاياللىرى تەبىئىي گىرىم بۇيۇملىرى سۈپىتىدە پايدىلىنىپ كەلگەن جىگدە يىلىمىدىن ياسالغان چاچ مەلھىمى ، ئوسمىدىن ياسالغان قاش قەلىمى غەيرىي ئۇيغۇر مىللەتلىرىنىڭ قولىدا رۇياپقا چىقىپ بازار ئىگىلىدى .

شىنجاڭنىڭ مېۋە ـ چېۋە كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى ئالدىن كۆرۈپ يەتكەن ئۆزگە مىللەتلەر ئەسلىدىكى يەرلىك سورتنى ئۆزگەرتىش ، ئوراش ـ قاچىلاش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ، داڭلىق ماركا يارىتىش يوللىرى بىلەن ، مېۋە ـ چېۋە بازارلىرىنى مونوپول قىلىشقا يۈزلەندى . ئۇيغۇر باققاللىرىمىز مۇشۇلارنىڭ قولىدىن مېۋە ـ چېۋىلەرنى توپ ئېلىپ ، پارچە سېتىۋالدى .

بادام دوپپا ، كاۋاپ ، جىگدە يىلىمى ، ئوسما ۋە مېۋە ـ چېۋىلەر قەدىمدىن بۇيان ئەجدادلىرىمىز ئىستېمال قىلىپ كېلىۋاتقان يۇرتىمىزنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرى بولسىمۇ ، ئەمما بىز ئۆزىمىزدە ئەزەلدىن بار بولغان ئاشۇ مەھسۇلاتلىرىمىز ئۈستىدە ئىزدىنىش ، يېڭىلىق يارىتىش ئېلىپ بارماي ، نوقۇل ھالدىكى ئاددىي ئېلىم ـ سېتىم بىلەنلا بولۇپ كەتكەچكە ، ئۆزگىلەر تەييار مەھسۇلاتلىرىمىزغا ئانچە ـ مۇنچە ئىش قوشۇش يولى بىلەنلا بازارلارنى ئىگىلەپ كەتتى .

بىز سودىنى ئاشۇنداق ئاددىي چاغلاپ «گازىر» ، «پۇرچاق» سودىسى بىلەن مەشغۇل بولۇۋېرىدىغانلا بولساق ، ئۆزىمىزدە ئەزەلدىن بار بولغان نۇرغۇن ئۇستۇنلۇكلىرىمىزدىن مەھرۇم قىلىنىشىمىز مۇمكىن . شۇڭا ، زامانىۋى سودا ئىككى تۇرغۇزۇپ ، سودىدا ئۇزلۇكسىز تۇردە يېڭىلىق يارىتىشقا ، ئىجادىيلىققا يۈزلىنىشىمىز لازىم .

بۇنىڭ ئۇچۇن ھەربىر مىللىي سودىگەر سودىنى بىر مۇكەممەل ئىلىم دەپ قاراپ ، ئۆز ساپاسىنى ئۆستۇرۇشكە ئەھمىيەت بېرىپ ، ئۆز - ئۆزىگە مەبلەغ سېلىپ ، كومپيۇتېر ، چەت ئەل تىللىرى بىلىملىرى ئۆگىنىشى ، سودىغا دۇنياۋى نۇقتىدىن مۇئامىلە قىلىپ ، ئۆزىدە كەسكىن رىقابەت ئېڭى ۋە كرىزىس ئېڭىنى يېتىلدۇرۇشى كېرەك .

ئەقلىي كاپىتالغا تايىنىپ ، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ بايغا ئايلانغان كومپيۇتېر پېشۋاسى بىل گايتىس 10 نەچچە يىلدىلا مىلياردېر بولدى . يېزىلىشىچە ، بۇلتۇر 1 - ئايدىن 6 - ئايغىچە ئۇنىڭ بايلىقى 16 مىليارد دوللاردىن ئېشىپ كەتكەن . بۇ ھەر سېكۇنتىغا ئۇنىڭ ھېساباتىغا 2500 دوللار كىرىدۇ ، دېگەنلىك .

بىل گايتىسنىڭ مۇۋەپپەقىيەت يولى كىشىلەرگە ئۆز - ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۇرۇش ، توختىماي ئىزدىنىش ، يېڭىلىق يارىتىش ، ئىجاد قىلىشقا يۈزلىنىش ، ئەقىلدىن ئىبارەت شەكىلسىز بايلىقنى ئېچىشقا ئەھمىيەت بەرگەندىلا ، ھەقىقىي تۇردە قەد كۆتۇرگىلى بولىدىغانلىقىنى جانلىق پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ .

قارىغاندا تەييار مەھسۇلاتلارنى ئېلىپ - سېتىش سودىسى يېڭى نەرسىلەرنى ئىجاد قىلىشقا قارىغاندا كۆپ ئوڭاي بولغانغا تۇشلۇق ، ئۇنىڭ ئۇنۇمىمۇ تايىنلىق بولىدىكەن . ھەقىقىي مۇۋەپپەقىيەت «ئوڭاي» لىقتىن ۋاز كېچىپ «تەس» لىككە يۈرۈش قىلىشتا بولسا كېرەك .

www.uyghurkitap.com

# «مەملىكەت بويىچە 100 كۈچلۈك ناھىيە»نىڭ بىرسى ۋە مۇڭغا پاتقان مەدەنىيەت

مەدەنىيەت شۇنداق قۇدرەتلىككى، ئۇ ئادەمنى ھايۋاندىن پەرقلەندۈرۈپ، ئادەمنى ھەقىقىي ئادەم بولۇشقا مۇيەسسەر قىلالىغان. ئادەم قانچىكى مەدەنىيەتكە ئېرىشكەنسېرى شۇنچە ئۇلۇغۋار، شۇنچە قۇدرەتلىك بولىدۇ. مەدەنىيەتتىن قانچە يىراقلاشقانسېرى شۇنچە نادان، گالۋاڭ، چۈشكۈن بولۇپ خېمىغا يانىدۇ.

بۇ مەنىدىن، مەدەنىيەت بىرەر مىللەتنىڭ گۈللىنىپ روناق تېپىشىدا ئىچكى قوزغاتقۇچ رول ئوينايدىغان مۇھىم ئامىلدۇر. بۈگۈنكى بىلىم ئىگىلىكى رىقابەت دەۋرىدە تېخىمۇ شۇنداق.

ئىقتىسادىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بىز ناگان ـ ناگاندا مەدەنىيەت ئىشلىرىمىزنىڭ بوغۇق ئاۋازدا توۋلاۋاتقان نالە ـ پەريادلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولۇۋاتىمىز. مانا بۇ ئىقتىساد بىلەن مەدەنىيەتنى تەڭ تەرەققىي قىلدۇرالمىغانلىقىمىزنىڭ بېشارىتىدۇر. 2000 ـ يىلى ئاۋغۇستا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كۇتۇپخانىنىڭ كەسپىي خادىمى ياسىن، يازغۇچى ئەنۋەر تاشتۆمۈر ئەپەندىنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن ئاۋات ناھىيىسىنىڭ كۇتۇپخانا ئىشلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتىگە سىرتتىن ئىشتىراك قىلىپ، بەزى ئەھۋاللاردىن خەۋەردار بولۇشقا مۇۋەپپەق بولدۇم.

ئاۋات ناھىيىسى تەكلىماكان گىرۋىكىدىكى تارىم

بوستانلىقلىرىدا قەدىمكى دولان مەدەنىيىتىنىڭ ئانا تىپلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان دولان مەشرەپلىرىنى ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان قەدىمىي مەدەنىيەت يۇرتىدۇر. ئاۋات خەلقى ساددا، مەردانە، سەنئەتخۇمار، مەدەنىي مائارىپقا ھېرىسمەن خەلق. يەنە كېلىپ ئاۋات ناھىيىسى مەملىكەت بويىچە پاختا ئىشلەپچىقىرىشتىكى «100 كۈچلۈك ناھىيە»نىڭ بىرسى. بۇ ھال ئاۋات ناھىيىسىنىڭ داڭقىنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچى - سىرتىغا كەڭ تونۇتقان.

يول بويى دوستۇمغا ئاۋات ناھىيىسىنى ئەنە شۇنداق تەرىپلەپ ماڭدىم. دېمىسىمۇ، بۇ قەدىمىي يۇرتقا كېلىپ تالاي ئەسىرلەرنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىنى بېشىدىن كەچۈرۈپمۇ قەيسىرانە ياشاۋاتقان توغراقلاردەك بەردەم، خۇددى ئۆزى دەسسەپ تۇرۇۋاتقان يەردىكى شورتاڭغا ئوخشاش، ئاچچىق قىسمەتلەرگە باي دولانلىقلار ئارىسىغا بېرىپ، قەدىمكى مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئېلېمېنتلىرىنى بىزگە ھازىرغىچە ساقلاپ بېرىۋاتقان تارىم دەرياسى بويلىرىدىكى ساپ تەبىئەتلىك خەلقتىن تۇرمۇش ئۆگىنىدىغان مۇھەممەد باغراشقا ئوخشاش يازغۇچىلىرىمىز؛ ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ سېھرىي كۈچىدىن سېھىرلىنىپ، ئەنە شۇ سېھىرنىڭ سىرلىرىنى يېشىش يولىدا يانتاقلىق دالىلارنى بېسىپ، تەكلىماكان چۆللىرىگە سوزۇلغان توغراقلىق ئىچىدە ياشاپ دولان مۇقاملىرىنى گۈزەل تۇمۇرلىرىنى كۆپتۈرۈپ تۇرۇپ ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتىدىغان مۇقامچىلاردىن تەلىم ئالىدىغان چۇجېغا ئوخشاش مۇقام تەتقىقاتچىلىرى؛ ئۆز رەسىملىرىدە مىللىي خاسلىقنى يورۇتۇشقا تىرىشىۋاتقان ياش رەسسام پەرھات ئىبراھىمدەك رەسساملار بۇ زېمىندىن روھىي ئوزۇق ئېلىپ تۇرىدۇ...

مۇشۇلارنى ئويلىغىنىمىزدا دوستۇم ئەنۋەر تاشتۆمۈرنىڭ ئاۋات ناھىيىسىنى تەكشۈرۈش نۇقتىسى قىلىپ تاللىغانلىقىغا كۆڭلۈمدە ئالەمچە خۇش بولدۇم. چۈنكى ئاۋات خەلقى مەدەنىيەتنى سۆيىدۇ.

«ئاق ئالتۇن» ئىشلەپچىقىرىشتا «مەملىكەت بويىچە 100 كۈچلۈك ناھىيە» لەرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئالالىغان بۇ ناھىيە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى كۆڭۈلدىكىدەك تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە. شۇنداق ئىكەن، مەدەنىيەتنىڭ يۈرىكى ھېسابلىنىدىغان كۈتۈپخانا كەسپىدىمۇ كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان خىزمەتلەرنىڭ ئىشلەنمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس. كىم بىلىدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى خىزمىتى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۈلگە بولۇپ قالامدۇ تېخى.

ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس، ئىككى سائەتكە يەتمىگەن سۆھبەتتىن ئاۋات ناھىيىلىك كۈتۈپخانىنىڭ خۇددى ئۆگەيلىكى قاتتىق ئانىنىڭ يەكلىشىگە ئۇچرىغان يېتىم بالىدەك بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقى مەلۇم بولدى.

پېشقەدەم كۈتۈپخانا باشلىقىنىڭ ئېيتىشىچە، راسخوت بولمىغاچقا، بىرنەچچە يىلدىن بۇيان بۇ كۈتۈپخانىغا كىتاب كىرگۈزۈلمىگەن. يېڭى كىتاب بولمىغاچقا ئوقۇرمەنلەرمۇ ئازلاپ كەتكەن. پۇل بولمىغاچقا قىرائەتخانىمۇ تاقىلىپ قالغان. يېزىلىق مەدەنىيەت ئۆيلىرىنىڭ ھالى تېخىمۇ بەتتەرلەشكەن. ئەڭ ئېچىنارلىقى، قۇرۇلغىلى نەچچە ئون يىل بولغان ناھىيىلىك كۈتۈپخانىدىن ئىبارەت بۇ پۈتۈن سۇزۇك ئورۇننىڭ ئاران تۆت مىڭ نەچچە يۈز يۈەنلىك مۇقىم مۈلكى (كىتابلاردىن سىرت) بار ئىكەن.

كۈتۈپخانا خادىملىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار كىتاب ۋە كۈتۈپخانىلارنىڭ رولىنى چۈشەندۈرۈپ، بىرنەچچە رەت ئىلتىماس يېزىپ ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ ئالدىغا ئاپارغان بولسىمۇ، لېكىن ئېتىبارغا ئېرىشەلمىگەن.

شۇ تاپتا ناھىيە رەھبەرلىرى ئۇخلىسىمۇ چۈشىدە پاختا چۈشەيدۇ. پاختا ھەققىدە گەپ سېتىلىۋەرگەچكە، ھەتتا كۆزىمىزگە ئاسماندىكى ئۇچارقۇشلاردىن تارتىپ يەر يۈزىدىكى ئادەم، ئات ـ ئۇلاغ، ماشىنا، تراكتورلارغىچە ھەممىسى پاختا بولۇپ

كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى . كىم بىلىدۇ ، بىزمۇ ئەتە ـ ئۆگۈن پاختىدەك ئېچىلىپ كېتىمىزمۇ تېخى ، دېدى سۆھبەت يىغىنىغا تەكلىپ قىلىنغان مەلۇم قەلەم ساھىبى چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ .

پاختا ، پاختا . ئەنە شۇ پاختا بورىنى يىللاردىن بۇيان ئاۋات ناھىيىسىدىكى ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىنى ئەتراپىغا يىغىپ ، ناھىيىنىڭ مەدەنىيەت ئاتموسفېراسىنى جانلاندۇرۇشتا بىر ئوبدان رول ئويناپ كېلىۋاتقان «دولان چېچەكلىرى» نىمۇ ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇرۇپ كەتتى .

«بازار ئىگىلىكى يۈزلىنىشى مەدەنىيەت ، مائارىپ ، كىتاب ئوقۇش ۋە ئىلىم ـ پەننىڭ ئەرزىمەسلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ . ئەھۋال دەل ئۇنىڭ ئەكسىچىدۇر . بىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتكە ، ئىقتىسادىي ۋە كىتابىي بايلىققا زامانىۋى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلۈشىمىزنى تەقەززا قىلىدۇ» دېگەنىدى مەرھۇم ئالىمىمىز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى .

دەرۋەقە ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن مەدەنىيەت بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى بولماستىن ، بەلكى بىر ـ بىرىنى تەقەززا قىلىدىغان يېقىن مۇناسىۋەتكە ئىگە . «مەدەنىيەت ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا نىسبەتەن مۇئەييەن دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈش ياكى توسقۇنلۇق قىلىش رولىنى ئوينايدۇ . ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا ، بۇگۈنكى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا ماسلاشقان مەدەنىيەت جەمئىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىش رولىنى ئوينايدۇ . مەدەنىيەت مۇئەييەن ئىقتىسادىي پائالىيەتنىڭ مەھسۇلى ۋە ئىنكاسى بولۇپ ، قانداق ئىقتىسادىي پائالىيەت بولسا شۇنداق مەدەنىيەت بولىدۇ . ئۆز نۆۋىتىدە مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىرىش يەنە ئىقتىسادنىڭ ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ» .①

---

① ئابدۇۋەلى ھېمىت : «مەدەنىيەت جەھەتتىكى نامراتلىق ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى نامراتلىق توغرىسىدا» ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ 1999- يىللىق 1 ـ سان ، 22 ـ بەت .

ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ، دېھقانلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نۇقتىسىدىن پاختىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش يامان ئىش ئەمەس ، بەلكى ياخشى ئىش . ئەمما ، پاختىنى دەپ كىتابنى تەرك ئېتىش ئەڭ بىمەنىلىك ، يەنە كېلىپ ئىنسانىيەت تارىخىدا ھېچكىم بۇغداي ، قوناق ، پاختا تېرىپ روناق تېپىپ گۈللىنەلىگەن ئەمەس . كەتمەننىڭ سېپىنى ئەمەس ، بەلكى مەدەنىيەت ـ مائارىپتىن ئىبارەت بىباھا گۆھەرنى ئالىقىنىدا چىڭ تۇتالىغانلار روناق تېپىپ قەد كۆتۈرەلىگەن .

خاھانغا نەزەر سالىدىغان بولساق ئىنسانىيەت تارىخىدا ئەڭ ۋەھشىي خورلىنىشلارنى بېشىدىن كەچۈرۈپ ، دۇنيانىڭ جاي ـ جايلىرىدا سەرسان ـ سەرگاردانلىقتا ياشىغان يەھۇدىيلار ئارىسىدىن تالاي مىليونېر ، ئەدىب ، ئالىم ، سىياسىيونلارنىڭ يېتىشىپ چىقىپ دۇنيادا «ئاكاڭ قارىغاي مانا مەن» دەپ مەيدىسىگە مۇشتلاپ گىگانتلارچە قەد كۆتۈرۈپ تۇرالىشى ، ئۇلارنىڭ كېۋەز تېرىشقا تايانغانلىقىدىن ئەمەس ، بەلكى ئەقىل ـ ئىدراكنىڭ مەنبەسى بولغان كىتابقا تايانغانلىقىدىن ، كىتابنى ئۇلۇغلىغانلىقىدىن بولغان . بىر يازغۇچى : يەھۇدىيلار ئائىلىلىرى بىلىمنى قەدىرلەيدىغانلىقى بىلەن بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ . دەل مۇشۇ ئامىل باشقا بارلىق پەرقلەرنىڭ ئاساسىنى ھاسىل قىلىدۇ» دېگەن .

يەھۇدىي بالىلىرى ئاز ـ تولا ئىش بىلگۈدەك بولغاندا ئانىلىرى ئىنجىلغا ھەسەل تېمىتىپ قويىدۇ ، ئاندىن بالىسىنى ئىنجىلدىكى ھەسەلنى يالاشقا بۇيرۇيدۇ . بۇنىڭ مەنىسى بالىلارغا كىچىكىدىن باشلاپلا كىتابنىڭ تاتلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۇرۇشتىن ئىبارەت . يەھۇدىي ئائىلىرىدە يەنە ھەربىر يەھۇدىي ئائىلىدە جەزمەن كىتاب ئىشكابى بولۇش ، ئىشكاپ جەزمەن كارۋاتنىڭ باش تەرىپىگە قويۇلغان بولۇشتىن ئىبارەت بىر ئەنئەنە داۋاملىشىپ كەلگەن . ئۇلاردا كىتابقا پۈتنى قىلىپ يېتىش كىتابنى قەدىرلىمىگەنلىك دەپ قارىلىدۇ . ئۇلار ھەتتا يەھۇدىيلارنى ھاقارەتلەيدىغان كىتاب بولسىمۇ

كۆيدۇرمەي ساقلايدۇ .

«ب د ت مائارىپ پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ 1988 ـ يىلىدىكى بىر قېتىملىق تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، يەھۇدىيلار ئاساسلىق ئائىلە ھېسابلىنىدىغان ئىسرائىلىيىدە 14 ياشتىن يۇقىرىلار ھەر كۈنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىردىن كىتاب ئوقۇيدىكەن . كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىتاب ۋە نەشرىيات بۇيۇملىرى ھەم ھەر يىللىق ئوتتۇرىچە كىتاب ئوقۇش نىسبىتى جەھەتتە ئىسرائىلىيە دۇنيا بويىچە ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىكەن» .[①] بۇ بۇنىڭدىن 12 يىل بۇرۇنقى ستاتىستىكا مەلۇماتى . بۈگۈنكى بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە يەھۇدىيلارنىڭ كىتابقا بولغان ئېتىقادىنىڭ نەچچە ھەسسىلەپ كۈچىيىپ كەتكەنلىكى ئېنىق .

ياپونىيە 370 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر تېررىتورىيىگە ئىگە ئارال دۆلىتى بولۇپ، 1 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرلىق زېمىنغا ئىگە شىنجاڭدىن كۆپ كىچىك . ئەمما، ياپونىيىنىڭ 120 مىليوندىن ئارتۇق نوپۇسىنى شىنجاڭنىڭ 17 مىليون نوپۇسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا نەچچە ھەسسە ئارتۇق . يەنە كېلىپ ياپونىيە تەبىئىي بايلىق مەنبەسى ناھايىتى كەم بولغان دۆلەت . ئۇنىڭ ئۇستىگە 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا مەغلۇب بولغاننى ئاز دەپ، ئېغىر چىقىم تارتىپ بويىنىغىچە ئىقتىسادىي كرىزىسكە پاتقان . شۇنداق تۇرۇپ ئۇلار نېمە ئۈچۈن بۈگۈنكى كۈندە دۇنيا خاراكتېرلىق مۆجىزە يارىتىپ، دۇنيا ئىقتىسادىي رىقابىتىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ ـ يۇ، ئەكسىچە پۈتۈن يەر شارى نېفىت زاپىسىنىڭ ئۈچتىنبىرىنى باغرىدا بېسىپ ياتقان، ھەددى ـ ھېسابسىز بايلىقلارغا ئىگە شىنجاڭ تېخىچە نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلىيالمايدۇ؟ بۇنىڭدىكى نۇرغۇن سەۋەبلەرنى ياپونلارنىڭ ساپاسىنىڭ دەستىسىگە مەھكەم ئېسىلىۋالماي، ئۆز ـ ئۆزىنى قۇدرەت

① «يەھۇدىيلارنىڭ ئائىلە تەربىيىسى»، «ئاقسۇ گېزىتى»نىڭ 2000 ـ يىلى 12 ـ ئاۋغۇستتىكى سانىنىڭ 4 ـ بېتى .

تاپقۇزۇشقا تۈرتكە بولىدىغان ، كىشىلىك ھاياتىنىڭ قۇۋۋەت دورىسى بولغان كىتابنى چىڭ تۇتقانلىقىدىن ئىبارەت بىر نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن .

چۈنكى كىتاب — كىشىلەرنى نادانلىق ، خۇراپاتلىقتىن قۇتۇلۇشقا يېتەكلەيدۇ . كىتاب ئۆز - ئۆزىنى تونۇشنىڭ ، ئۆز - ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنىڭ ، دۇنيانى چۈشىنىشنىڭ ئاچقۇچى ، «كىتاب — ئىنسانىيەت ئۆز قولى بىلەن بىنا قىلغان ھەقىقىي ۋە بىردىنبىر ئەلئىھرام . ئۇ ھەممىنى ، پۈتكۈل ماھىيەت ۋە ھادىسىلەرنى ئۆزىگە جۇغلىغان . كىتابقا تەڭ كېلىدىغان ، ئىنسانىيەت جۇغلىغان ئىككىنچى بىر خەزىنە مەۋجۇت ئەمەس ! بۇنىڭدىن خەۋەرسىزلىك كىشىلىك دۇنياسىدا تېڭىرقاپ يۈرۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس !»①

رايونىمىز يېزا ئىگىلىك رايونى بولغانلىقى ئۈچۈنلا دېھقانچىلىقنى تۇتۇپ ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى قويۇۋېتىشكە بولمايدۇ . ئاش ، كىيىم - كېچەك بىر ئادەم ئۈچۈن ئەقەللىي تەلەپ ، ئەمما روھىي جەھەتتىن تاكامۇللۇققا يېتىش ئاخىرقى مەقسەتتۇر . مەشھۇر قىرغىز يازغۇچىسى چىڭغىز ئايتماتوۋ : «بۇ دۇنيادا ياشاشتىكى مەقسەت روھىي جەھەتتىن تاكامۇللۇققا ئېرىشىش ئۈچۈندۇر» دېسە ، بۈيۈك ئەللامە جالالىدىن رومى : «ئۆز ئەقلىي ۋە روھىي قۇدرىتىنىڭ تىزگىنىنى قولغا ئالالىغان ئىنسان دۇنيانى بويسۇندۇرالايدۇ» دېگەن . مەنىۋى پۈتۈنلۈككە ئېرىشمەي تۇرۇپ ، ماددىي پۈتۈنلۈككە ئېرىشىش تەس . دۇنيادا سىنگاپوردەك ئالىقانچىلىك يەرگە ئاش تېرىمايمۇ ئەقلىي بايلىققا تايىنىپ قەد كۆتۈرگەن دۆلەتتىن نەچچىسى بار . ئەمما ، كىتاب — ئەقلىي ئىقتىدارى تەرك ئېتىپ كەتمەن ، ساپانى ئاساس قىلغان جىسمانىي ئەمگەك ئارقىلىق قەد كۆتۈرگەن دۆلەت ۋە مىللەتتىن بىرسىمۇ

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن : «كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى» ، «كىتاب مۇنبىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1999- يىللىق 3- ، 4 - (قوشما) سانىنىڭ 10 - بېتى .

يوق . بىز ئېغىر ئەمگەك بەدىلىگە باشقىلارنى ئەرزان باھالىق ئاشلىق ۋە خام ئەشيا بىلەن تەمىنلەيدىغان پاسسىپ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغىلى قويتۇق . بىز تېرىغان پاختا بىزگە قارىغاندا ۋاستىچىلارغا كۆپرەك نەپ بېرىۋاتىدۇ . بىز بىر كىلوگرام قوناقنى ئاران 50 تىيىنگە ساتماق ، قولىدا يۇقىرى تېخنىكىسى بارلار 50 تىيىنلىق قوناقتىن 48 سوملۇق قىممەت يارىتىۋاتىدۇ . مانا بۇ كەتمەننىڭ ئەمەس ، بەلكى كىتابنىڭ قۇدرىتىدۇر .

نەچچە مىليون سوم مەبلەغ بىلەن پۈتكەن ئاۋات ناھىيىسىنىڭ ئەينەكتەك تۈپ - تۈز ئاسفالت يوللىرىنى ھەم ئاشۇ يىللاردا موكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرغان بىر - بىرىدىن سەرخىل پىكاپچىلارنى كۆرگەن كىشىنىڭ يىلدا بىرنەچچە مىڭ يۈەن چىقىرىپ ، ناھىيىلىك كۇتۇپخانىغا يېڭى كىتاب ئېلىپ بېرەلمىگۈدەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ . ئاۋاتتەك ئىقتىسادىي ئاساسى ياخشى ناھىيىنىڭ كۇتۇپخانىسى ئاشۇنداق بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغان يەردە ، باشقا نامرات جايلاردىكى كۇتۇپخانىنىڭ ئەھۋالىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس .

ماددىي جەھەتتىكى نامراتلىقنى تۈگەتكىلى بولىدۇ ، ئەمما مەنىۋى جەھەتتىكى نامراتلىقنى تۈگىتىش ئۇنچە ئاسان ئەمەس . «2 - دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلىشىش مەزگىلىدە ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى ئېيزىنخاۋېر بېرلىن شەھىرىگە كىرگەندە ، ئۇرۇش خارابىلىرى ئارىسىدا بىر موماينىڭ بىر تەشتەك گۈلنى باغرىغا باسقانچە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ : «بۇ مىللەت ئۆز ۋەتىنىنى ناھايىتى تېزلا قۇرۇپ چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئىكەن ، دېگەنىكەن» . ① سەزگۈر سىياسىيون ئېيزىنخاۋېر ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېغىر بۆھرانغا ئۇچرىغان نېمىسلارنىڭ ۋۇجۇدىغا يوشۇرۇنغان روھىي قۇدرەتنى كۆرۈپ يەتكەن . دەرۋەقە

① غەيرەت ئابدۇراخمان : «21- ئەسىر ۋە كىتاب» ، «كىتاب مۇنبىرى» ژۇرنىلى ، 1999- يىلى 1- ، 2 - (قوشما) سانىنىڭ 11 - بېتى .

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

نېمىسلار مەنىۋى جەھەتتىكى بايلىققا تايىنىپ، ماددىي جەھەتتىن ئاجايىپ قۇدرەتلىك بولغان گېرمانىيىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىپ دۇنياغا مۆجىزە ياراتتى.

دېمەك، ئىقتىسادىي نامراتلىق قورقۇنچلۇق ئەمەس. قورقۇنچلۇقى مەنىۋى نامراتلىقتۇر. ئىقتىسادتا ۋەيران بولغان مىللەت قۇدرەتلىك مەنىۋى ئېتىقادىغا تايىنىپ قەد كۆتۈرەلەيدۇ. مەنىۋى جەھەتتىن ۋەيران بولغان مىللەت ھەرقانچە بايلىق ئىچىدە تۇرسىمۇ بەربىر قەد كۆتۈرەلمەيدۇ.

بۇ مەنىدىن بىزدەك مىللەت ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش، بىلىم ئۆگىنىش، ئىمانىمىزنى پاكلاپ، روھىمىزنى ساپلاشتۇرۇپ، مەنىۋى يۈكسەكلىككە ئىنتىلىش تولىمۇ زۆرۈردۇر. بۇ بىزنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولىمىزدۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن يېڭى بىلىم، يېڭى ئىدىيە، يېڭى قاراشلارنى ئۆگىنىدىغان كىتابنى ئۇلۇغلىشىمىز لازىم.

تارىخقا نەزەر سالساق، بىز خەقنىڭ ئەجدادىمىز كىتابنى، بىلىمنى ئۇلۇغلايدىغان، سانسىز شاھانە كىتابلارنى يېزىپ، مەدەنىيەت تارقىتىدىغان مىللەت ئىكەندۇق. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە مەدەنىيەت ئۈچۈن مەدەنىيەتنى دەپسەندە قىلىدىغان، ماددىي دۇنيانى مەنىۋى دۇنيانىڭ گەجگىسىگە دەسسىتىپ، سەللا قېنى قىزىپ كەتسە، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، كىتاب كۆيدۈرىدىغان ئېتىقادسىز خەقنىڭ شورى بىلەن ئۇلارغا ئوخشاشلا مەنىۋى قاشاقلىقنىڭ دەردىنى تارتىۋاتىمىز.

بىزنىڭ چالا ساۋات «ماقۇل»چى بەزى ئەمەلدارلىرىمىز ھەدېسىلا باشقىلارنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئويناپ، ھە دېگەندە كەتمەن بىلەن كىتابنى قارمۇ قارشى ئورۇنغا قويۇۋاتىدۇ. خەلقنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرىمەن، دەپ ھە دېسىلا ئۇلارنى كەتمەنگە زورلايدۇ. ئەمما، «نامراتلىق بىر خىل مەدەنىيەت سىستېمىسى بولۇپ، نامراتلار ئۇزاق مۇددەت نامراتلىق ئىچىدە تۇرمۇش

كەچۈرۈش نەتىجىسىدە ئالاھىدە بىر خىل تۈرمۈش ئۇسۇلى ، ھەرىكەت قائىدىسى ، قىممەت قارىشى شەكىللەندۈرگەن ھەم ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇش ئارقىسىدا بىر خىل ئۆزگىچە مەدەنىيەت سىستېمىسى بارلىققا كەلگەن . نامراتلىق گەرچە نامراتلارنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنىڭ ناچارلىقى جەھەتتە ئىپادىلەنسىمۇ ، لېكىن ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا بۇ خىل مەدەنىيەت ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا قاتلام تۇرمۇش سەۋىيىسىگە كىرەلمەسلىكىدىكى ئاساسىي توسالغۇ . شۇڭا ، پەقەت ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ئارقىلىقلا نامراتلىقنى تۈگەتكىلى بولمايدۇ . مەسىلىنىڭ ئاچقۇچى شۇ خىل نامراتلىق مەدەنىيىتىنى تۈگىتىش ، نامراتلارنىڭ قىممەت قارىشى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش ، ئۇلاردا ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئەمگەك ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاش ئارقىلىق ئۇلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش كېرەك» دەيدۇ ، ئامېرىكىلىق ئىقتىسادشۇناس لېۋىس .

دېمەك ، كەتمەن بىلەن كىتاب قارىمۇقارشى ئەمەس . خۇددى لابولىي ئېيتقاندەك : «تەرەققىياتنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى ھەربىر مىللەت ئاھالىسىنىڭ ئوقۇۋاتقان كىتابلىرىنىڭ سانى بىلەن ئۆلچىنىدۇ» خالاس .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئانا تىلنى قەدىرلەش — دىكتورلارنىڭ بۇرچى

پەن - تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىنفورماتسىيە (ئۇچۇر) دەۋرىنىڭ زامانىۋى توشۇغۇچىسى بولغان تېلېۋىزور كىشىلەر تۇرمۇشىغا بارغانسېرى چوڭقۇرلاپ كىرىپ، كۈندىلىك تۇرمۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان كۆڭۈل ئېچىش ۋاستىسى ۋە «ئۇچۇر خەزىنىسى» بولۇپ قالدى.

تېلېۋىزور ئۇچۇرنى ئاۋاز ۋە سۈرەت ئارقىلىق ئەينەن، تېز يەتكۈزۈش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن گېزىت - ژۇرنال، رادىئولاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئاۋاز ئەلۋەتتە دىكتورلارنىڭ تىلىنى كۆرسىتىدۇ.

جەمئىيەتنىڭ ئۇچۇرلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشى، تېلېۋىزىيە تېخنىكا ئىشلىرىنىڭ كۈنسايىن يېڭىلىنىشى ۋە كەڭ كۆرۈرمەنلەر مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، تېلېۋىزىيە تەشۋىقاتىنىڭ سۈپىتىگە بولغان تەلەپ بارغانسېرى ئېشىپ بارماقتا. ھالبۇكى، بىزنىڭ يەرلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىمىز بۇ تەلەپكە يېتىشكە تىرىشىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئاز ساندىكى دىكتورلىرىمىز ئەڭ ئەقەللىي تەلەپ بولغان ئۆز ئانا تىلىنى توغرا تەلەپپۇز قىلىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايۋاتىدۇ. بۇ ھال بىزنىڭ يەرلىكتىكى مىللىي تىلدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تېلېۋىزىيە تەشۋىقاتىمىزنىڭ سۈپىتىگە نۇقسان يەتكۈزۈش بىلەنلا قالماي، يەنە سەلبىي تەسىر پەيدا قىلىۋاتىدۇ.

ئاقسۇ شەھەرلىك تېلېۋىزىيە كۆچۈرۈپ تارقىتىش ئىستانسىسى

ئاقسۇ شەھەرلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق كومىتېتى بىلەن شەھەرلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى مەزمۇن قىلىنغان تېلېۋىزىيىدە نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسىنىڭ ئەينەن ئەھۋالىنى 1999 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئاممىغا ئوچۇق كۆرسىتىپ مۇئەييەن ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى. مەنمۇ بىر كۆرۈرمەن سۈپىتىدە رەتلىك كىيىنگەن خانىم قىزلارنىڭ تازىلىق ئىشچىلىرىنىڭ خالىس تۆھپىلىرىنى مەدھىيىلەيدىغان، تازىلىقنىڭ، پاكىزلىقنىڭ ئەھمىيىتىنى شەرھلەپ، تازىلىققا رىئايە قىلمايدىغان ئادەتلەرنى سۆكىدىغان ھېسسىياتلىق سۆزلىرىدىن خېلىلا تەسىرلەنگەن بولساممۇ، لېكىن بەزى يېتەرسىزلىكلەرنىمۇ بايقىماي قالمىدىم. بۇ بايقاشلىرىم ئۆز نۆۋىتىدە مېنى چوڭقۇر ئويغا سالماي قالمىدى.

تېلېۋىزوردىن ماھىرلارنىڭ نۇتقىنى ئاڭلاۋېتىپ دېكوراتسىيە پلاكاتىغا يېزىلغان «ناچار ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە خاتىمە بېرىپ، يېڭىمىزدىكى كىچىك ئىشلاردىن باشلايلى» دېگەن خەتلەرگە كۆزۈم چۈشتى. ئۇيغۇر تىلىنىڭ گراماتىكىلىق ئىپادىلەش قانۇنىيىتىگە خىلاپ، مەنىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان بۇ جۈملىنى خاتا كۆرۈپ قالدىممۇ نېمە دەپ شۇنچە قاراپ باقتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە رىياسەتچى خانىممۇ جۈملىنى شۇ بويىچە بىرنەچچە رەت خاتا تەكرارلىدى. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى «ناچار ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە خاتىمە بېرىپ، يېڭىمىزدىكى كىچىك ئىشلاردىن باشلايلى» دېگەن بۇ جۈملە ئۇيغۇر تىلىنىڭ گراماتىكىلىق ئىپادىلەش قانۇنىيىتىگە خىلاپ. ئۇنى «ناچار ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە خاتىمە بېرىشنى يېنىمىزدىكى كىچىك ئىشلاردىن باشلايلى» دېسەك مەنە تولۇق، توغرا ئىپادىلەنگەن بولاتتى. رىياسەتچى خانىم «نۇتقى» دېگەن سۆزنى بۇزۇپ «نۇتۇغى» دېدى.

تىل مىللەتنىڭ مۇھىم بەلگىسى. ئۇ خالىغانچە ئۆزگەرتىۋېتىشكە بولىدىغان ئويۇنچۇق ئەمەس. تىل يېزىقتىلا

ئەمەس ، بەلكى ئاغزاكى تەلەپپۇزدىمۇ توغرا ئىپادە قىلىنىشى كېرەك . ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆز ئانا تىلىنى سۆيۈش ، قوغداش ، قەدىرلەش ، تەرەققىي قىلدۇرۇش مەجبۇرىيىتى بار. تىلىنىڭ قەدىرسىزلىنىشى ماھىيەتتە شۇ مىللەتنىڭ قەدىرسىزلىنىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس . بۇ مەنىدىن دىكتورلىرىمىزنىڭ زىممىسىگە ئانا تىلىنى قەدىرلەشتىن ئىبارەت مۇقەددەس بۇرچى يۈكلەنگەن .

بىرنەچچە يىل ئاۋۋال ئاقسۇ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مەلۇم دىكتورى «ۋىلايەت رەھبەرلىرى ئايرودرومغا چىقىپ كۈتۈۋالدى» دېگەن سۆزنى «ئايروپىلانغا چىقىپ كۈتۈۋالدى» دەپ ئوقۇپ جەمئىيەتتە ئاقسۇنىڭ رەھبەرلىرى مېھماننى ئايرودرومغا ئەمەس ئايروپىلاننىڭ ئۆزىگە چىقىپ كۈتۈۋالىدىكەن ئەمەسمۇ» دېگەن قاراشنى پەيدا قىلىپ كۈلكىگە قالغانىدى .

يەنە بىر خەۋەردە «كەڭ يوپۇرماقلىق جىگدە كۆچىتى تىكىپ پىلىچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇردى» دەپ ئوقۇلۇپ ، جەمئىيەتتە «جىگدە يوپۇرمىقى بىلەنمۇ پىلە باقىلى بولغان يېڭىلىق پەيدا بولغان چېغى» دېگەندەك مۇجەممەللىكنى كەلتۈرۈپ چىقاردى . ئەمەلىيەتتە «كەڭ يوپۇرماقلىق ئۈجمە كۆچىتى تىكىپ پىلىچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇردى» دەپ ئوقۇلسا توغرا بولاتتى .

مەيلى بۇرۇن ياكى ھازىر ، مەيلى جۇڭگو ياكى چەت ئەللەردە بولسۇن مېھمانلارنىڭ ئىززەت - ئىكرامى ئۈچۈن ئايرودرومغا چىقىپ مېھمان كۈتۈۋالىدىغان ئادەت ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە . بىز تېخى ھازىرغىچە بىرەر مىللەت ياكى دۆلەتتە ئايروپىلانغا چىقىپ مېھمان كۈتۈۋالىدىغان ئادەتنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ باقمىدۇق . ئەجەبا ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئاقسۇدا ئايروپىلانغا چىقىپ مېھمان كۈتۈۋالىدىغان ئادەت بارمىكىن ؟

ئۈجمە يوپۇرمىقى بىلەن پىلە بېقىپ ، مەشۇتلار بىلەن



www.uyghurkitap.com

شـايى ـ ئەتلەسلەرنى توقۇشتا مىللىتىمىز ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە . ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرى توقۇغان شايى ـ ئەتلەسلەرنى يىپەك يولىنى بويلاپ شەرقتە كەڭ ئوتتۇرا ئىقلىم رايونلىرىغىچە ، غەربتە رىمغىچە ئېلىپ بېرىپ ئۇيغۇرلارنىڭ يىپەكچىلىكىنى نامايەن قىلغان . نەتىجىدە ئەجدادلىرىمىز يىپەك يولىنى ئاچقۇچىلار قاتارىدا دۇنيا ئەھلىگە تونۇلغان . ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۈجمە تىكىپ ، پىلە بېقىپ شايى ـ ئەتلەسلەرنى توقۇش تېخنىكىسى تا ھازىرغىچە ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتماي كېلىۋاتقان بولغىنىكى كۆندە ، بىز بۇ ئەقەللىي ساۋاتنىمۇ ئۇنتۇپ «جىگدە يوپۇرمىقى بىلەن پىلە بېقىش» دەك كۆلكىلىك ، بىمەنە «كەشپىيات»نى قىلچە ھېيىقماستىن تېلېۋىزىيە ئېكرانى ئارقىلىق مىليونلىغان خەلقىمىزگە نامايەن قىلساق قانداق بولار ؟

بىزنىڭ يەرلىكتىكى تېلېۋىزىيە تەشۋىقاتىمىزدا دەرۋەقە نۇرغۇن ، ئاساسلىق خەۋەر ماقالىلىرىمىز خەنزۇ تىلىدىن تەرجىمە قىلىنىدۇ ، مۇھەررىرلىرىمىز تەھرىرلەپ بېكىتىدۇ ، ئاخىرىدا دىكتورلىرىمىز ئۇنى ئوقۇيدۇ . شۇڭا ، بۇنداق سەۋەنلىكلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنى نوقۇل ھالدا دىكتورلىرىمىزغىلا ئارتىپ قويۇش ئانچە مۇۋاپىق بولمىسا كېرەك . بىراق ، دىكتورلىرىمىز قەغەزدە نېمە بولسا شۇنى ئوقۇۋېرىدىغان تەپەككۇرسىز ، ھېسسىياتسىز ماشىنا ئادەم ئەمەسقۇ ؟ ئەجەبا ئۇلاردا تەرجىمە ۋە تەھرىرلىك جەريانىدا خاتا كەتكەن جايلارنى تۈزىتىپ ئوقۇش مەسئۇلىيىتى يوقمىدۇ ؟ قارىغاندا قىسمەن دىكتورلىرىمىز «ئايرودرومغا چىقىپ مېھمان كۈتۈۋېلىش» بىلەن «ئۈجمە يوپۇرمىقىدا پىلە بېقىش» تەك ئەڭ ئەقەللىي ئۇقۇمنىمۇ بىلمىسە كېرەك .

بۇنداق سەۋەنلىكلەردىن يالغۇز يەرلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىلا ئەمەس ، بەلكى رايونىمىز ئۇيغۇر تىلىدىكى تېلېۋىزىيە تەشۋىقاتىنىڭ ئومۇرتقىسى ھېسابلىنىدىغان شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىمۇ مۇستەسنا بولالىغىنى يوق . ئۆتكەن

يىلنىڭ ئاخىرلىرىدا تىلېۋىزوردىن «شىنجاڭ خەۋەرلىرى» نى كۆرۈۋېتىپ دىكتورنىڭ «ۋىلايەت ، ئوبلاستلارنىڭ مەخسۇس خادىم ، ئوبلاست باشلىقلىرى يىغىنىغا قاتناشتى» دېگىنىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم . بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «مەخسۇس خادىم» ئەمەلىيەتتە «ۋالىي» بولۇپ ، « 专员 » دېگەن خەنزۇچە خەت مەنىسى بويىچە ئۆلۈك تەرجىمە قىلىنغان . خەنزۇ تىلىدىن ئاز - تولا ساۋادى بارلىكى دىكتور بۇنى سەزمەي قالمايتتى . تىلىمىزدا «مەخسۇس خادىم» دېگەن ئەمەل تۈرى ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس !

يەنە بىر خەۋەردە بولسا «ئۈزۈم جاھازىسى» دەپ ئوقۇلدى . بۇمۇ ئۆلۈك تەرجىمىدىن كەلگەن خاتا ئۇقۇم بولۇپ «ئۈزۈم بارىڭى» دەپ ئوقۇلسا توغرا بولاتتى .

يەنە «شىنجاڭ خەۋەرلىرى» دە «غۇلجا ۋىلايىتى» دېگەن يېڭى يەر نامى مەيدانغا چىقىپ قالدى . ئەمەلىيەتتە تېررىتورىيىمىزدە «غۇلجا ۋىلايىتى» دېگەن ۋىلايەت يوق . غۇلجا پەقەت بىر شەھەر (ناھىيە ) دىن ئىبارەت خالاس . غۇلجا شەھىرى (ناھىيىسى ) بىلەن ئىلى ۋىلايىتىنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتى ۋە مەمۇرىي جەھەتتىكى پەرقىنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى بولغان ئۈرۈمچىدىكىلەرلا ئەمەس ، بەلكى يېزا - قىشلاقلىرىمىزدىكى دېھقانلىرىمىزمۇ بىلمەي قالمايدۇ . بۇنداق مىساللارنى يەنە كۆرسىتىش مۇمكىن .

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى ، قىسمەن دىكتورلىرىمىزنىڭ ئانا تىلغا بولغان مۇھەببىتى سۇس ، پوزىتسىيىسى مۇجمەل . ئانا تىلنىڭ مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدىكى مۇھىم ئامىل ئىكەنلىكىگە سەل قاراۋاتىدۇ .

«ئانا تىل — شۇ مىللەتنى باشقا مىللەتتىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان مۇھىم بەلگە . چۈنكى ئۇ شۇ مىللەت كىشىلىرىنى تۇغقان ئانىلار سۆزلىگەن تىل . ئانىلارنىڭ ئوغۇز سۈتىگە ئوخشاش ئەۋلادلار ھۇجەيرىلىرىگە تاراپ ، ئۇنى كۈچلەندۈرۈپ ، قايغۇ -

شادلىقى ، ئوي ـ خىياللىرى ، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئىپادە قىلىدىغان بىباھا تەۋەررۈك . ئۇ شۇ مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئورتاق تۇتىياسى ! بىر مىللەتنىڭ ئۆز تىلىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى ماھىيەتتە ئۇلارنىڭ ئۆز مىللىتىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنىڭ جانلىق ئىپادىسىدىن ئىبارەت »[1]

ئانا تىلىمىز ئۇيغۇر تىلى خۇددى ئەجدادلىرىمىزغا ئوخشاش تارىخنىڭ تالاي بوران ـ چاپقۇنلىرى ۋە تالاي قىسمەتلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ ، تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ ، مۇكەممەللىشىپ ھازىرغا ئۇلاشتى . ئۇنىڭغا ئەجدادلىرىمىزنىڭ نۇرغۇن ئەجىر ـ مېھنىتى سىڭدى . شۇڭا ، ئانا تىلىمىز ئۇيغۇر تىلى ئەجدادلىرىمىز بىلەن بىزنى باغلاپ تۇرىدىغان كۆۋرۈكتۇر . بىز پەقەت ئانا تىلىمىز بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەجدادلىرىمىز ياراتقان پۈتمەس ـ تۈگىمەس مەدەنىيەت مىراسلىرىمىز بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلىدۇق ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلالىدۇق . بىز پەقەت ئانا تىلىمىز ئۇيغۇر تىلى بولغانلىقى ئۈچۈنلا مانا مەن ئۇيغۇر دەپ مەيدىمىزگە مۇشتلاپ يۇرۇۋاتىمىز .

تارىختا مەھمۇد قەشقەرى ، نەۋائىيدەك كلاسسىكلىرىمىز ئانا تىلىمىزنىڭ سەلتەنەتى ، بۈيۈكلىكنى نامايان قىلىش ، ئۇنى قوغداش ، ئاسراش ، مۇكەممەللەشتۈرۈشكە بارلىقىنى تەقدىم قىلالىغان يەردە ، بىز ھازىرقىدەك تەرەققىي قىلغان ، مەدەنىيەتلىك دەۋردە ھۆكۈمەت مىللىي ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان ، مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىل ـ يېزىقىنى قوللىنىش ، ئۆز تىلىدا مەتبۇئات ، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ، مائارىپ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا كاپالەت بېرىۋاتقان ئەھۋالدىمۇ ، ئىپادىلەش كۈچى كۈچلۈك ، يۇمشاق ، راۋان ئانا تىلىمىزنى ئوڭلاپ ئىشلىتەلمىسەك ئەجدادلىرىمىزغا قانداق يۈز كېلەلەيمىز ؟ ئەۋلادلىرىمىزغا ، خەلقىمىزگە قانداق جاۋاب بېرىمىز ؟ بۇ ئىشتا ئەمدى ئەيىبنى كىمگە دۆڭگەرمىز ؟

فرانسۇز يازغۇچىسى ئالفونس داۋدېن ئانا تىلغا بولغان مۇھەببىتى كۆيلىنىدىغان ئەسىرى «ئاخىرقى دەرس» تە : «ئۆز ئانا تىلىنى ساقلاپ قالغان مىللەت ئۆزى ياتقان تۈرمىنىڭ ئاچقۇچىنى ئۆز قولىدا تۇتقان بىلەن باراۋەر »

---

[1] ھۆرمەتجان ئابدۇراھمان : «ئانا تىلىنى قەدىرلەش ھەققىدە» ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ 2000 ـ يىلى 2 ـ سان .

دىگەنىدى. بۇ مەشھۇر ھېكايىنىڭ دۇنيادا شۇنچە كۆپ تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ دەرسلىكلەرگە كىرگۈزۈلۈشىمۇ ئەمەلىيەتتە كىچىككىنىڭ قۇرغۇچىلىرى بولغان بالىلارنىڭ سەبىي قەلبىدە ئانا تىلغا بولغان ھۆرمەت ۋە مۇھەببەت تۇيغۇسىنى ئويغىتىش، ئانا تىلنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ھېس قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت.

بۇ مەنىدىن كىشىلەرنى ئانا تىلدا تەربىيىلەش جەھەتتە ئالاھىدە رولغا ئىگە بولغان دىكتورلۇق ھەرگىزمۇ ئۆزىنى كۆز ـ كۆز قىلىپ نام ـ شۆھرەت قازىنىشنىڭ ۋاستىسى ئەمەس. ئۇ شەرەپلىك ھەم جاپالىق كەسىپ. ئۇنىڭ شەرەپلىكلىكى دىكتورلارنىڭ ئانا تىلى بىلەن ئۆز قوۋمىدىكى كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ئۆز ئوبرازىنى تىكلىيەلىگەنلىكىدە. ئۇنىڭ جاپالىقلىقىمۇ دەل ئۆز ئانا تىلىنى قەدىرلەش بۇرچىنى ئادا قىلالىغان ـ قىلالمىغانلىقىدا.

بۈگۈنكى كۈندە مىللەتلەر تىل ـ يېزىقى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلەر، تەتقىقاتلار بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىپ كىشىنى خۇشال قىلىدىغان نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تىل ـ يېزىقلىرىمىزمۇ بارغانسېرى تەرەققىي قىلىپ مۇكەممەللىشىپ بارماقتا.

ھۆكۈمەت تالاي پۇل خەجلەپ مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللەپ «ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەلەپپۇز لۇغىتى»، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» ... قاتارلىق لۇغەت، كىتابلارنى نەشر قىلدۇرغىلى خېلى يىللار بولۇپ قالدى. كىشىلەرگە بىۋاستە تەسىر بېرىشتە سەل قارىغىلى بولمايدىغان دىكتور، رىياسەتچىلىرىمىز نەچچە مىڭ يۈەنلەپ پۇل خەجلەپ ھۆسنىنى تۈزىتىپ، مودا كىيىملەرنى كىيىش بىلەن بىرگە، ئۆمرىدە بىرەر قېتىم بولسىمۇ كىتابخانىلارغا كىرىپ نەچچە ئون يۈەنلەپ پۇل خەجلەپ توپا ـ چاڭ بېسىپ كەتكەن ئاشۇ لۇغەت، كىتابلارنى سېتىۋېلىپ، ۋاقىت چىقىرىپ ئېرىنمەي كۆرۈپ بېقىشى ھەمدە كۆپ تەرەپلىمە ئىزدىنىپ ئۆز ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تىرىشىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن ئانا تىلغا يۈز كېلەلەيدۇ.

# ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىكى ئەرەب مۇھاجىرلىرى ئەدەبىياتى ۋە شەرق ئىپكى

19 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىن كېيىن لىۋان، سۈرىيىدىكى زور بىر تۈركۈم ئەرەبلەر ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ بېسىمىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئامېرىكا قىتئەتسىگە بېرىپ ئولتۇراقلاشتى. بۇ مۇھاجىرلار ئىچىدە نۇرغۇن شائىر، يازغۇچىلارمۇ بار ئىدى.

چەت ئەلدىكى ئەرەب مۇھاجىر يازغۇچى، شائىرلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئەرەب ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈپ، ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئازادلىق ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى رولىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، 1920 ـ يىلى شىمالىي ئامېرىكىدىكى ئەرەب مۇھاجىر ئەدىبلىرى نيۇيوركتا «قەلەمكەشلەر جەمئىيىتى» نى قۇردى. بۇ ئۇيۇشمىنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرىدىن جىبران، مىكائىل نوئىمان قاتارلىقلار بار ئىدى.

جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى ئەرەب مۇھاجىر ئەدىبلىرىنىڭ ئاساسلىق پائالىيىتى بىرازىلىيە ۋە ئارگېنتىنادا ئېلىپ بېرىلدى. 1933 ـ يىلى ئۇلارنىڭ بىرازىلىيىنىڭ سانپوۋلو شەھىرىدە «ئاندۇرشيا» جەمئىيىتىنى قۇردى. بۇ «قەلەمكەشلەر جەمئىيىتى» دىن كېيىن قۇرۇلغان مۇھاجىر ئەدىبلەرنىڭ ئىككىنچى تەشكىلاتى ئىدى. ئارگېنتىنادا قۇرۇلغان ئەدەبىي تەشكىلاتنىڭ نامى «ئەدىبلەر جەمئىيىتى» بولۇپ، 1949 ـ يىلى قۇرۇلغانىدى. بۇ جەمئىيەتنىڭ غوللۇق ئەزالىرىدىن گىئورگى سوھار، يۈسۈپ سالىم قاتارلىق

شائىر ، ئوبزورچى ، يازغۇچىلار بار ئىدى .

ئامېرىكا قىتئەسىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئەرەب مۇھاجىر ئەدىبلىرى ئۆز ئالدىغا ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ بىر ئۆزگىچە ئېقىمىنى شەكىللەندۈرگەچكە ، ئۇ ئەدەبىيات تارىخىدا «ئەرەب مۇھاجىرلىرى ئەدەبىياتى» دەپ ئاتالدى . لىۋان تارىختىكى سۈرىيەنىڭ بىر قىسمى بولغاچقا ، بۇ ئېقىم يەنە «سۈرىيە ـ ئامېرىكا ئېقىمى» دەپمۇ ئاتالدى .

ئامېرىكا ئېقىمىدىكى ئەرەب يازغۇچىلىرىنىڭ يىلتىزى ئەرەب مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ تۇپرىقىدا بولغاچقا ، ئۇلار بۇ ناتونۇش يېڭى قۇرۇقلۇقتىكى غەرب مەدەنىيىتىنى سۈيىئىستىمال قىلىش جەريانىدا ، ئۆزلىرىنىڭ يول ئېچىپ ئىلگىرىلەيدىغان باتۇرانە روھى بىلەن ئۆز ئالدىغا ئۇسلۇب ياراتتى . ئامېرىكا ئېقىمىدىكى ئەرەب ئەدىبلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە بىر تەرەپتىن ئەرەبلەرنىڭ بۇ يېڭى قۇرۇقلۇقتا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى تەسۋىرلەنسە ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ شەخسىي ئازادلىقىغا بولغان ئىنتىلىشى ئىپادىلەندى . ئۇچىنچى جەھەتتىن ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش ۋە يۇرتنى سېغىنىشتەك لېرىك ھېسسىيات بىلەن كۈچلۈك مىللىي غۇرۇر ئىپادە قىلىندى .

شەكىل جەھەتتىن ، جىبران ، رەيھانى قاتارلىق شائىرلار ئەرەب كلاسسىك شېئىرىيىتىدىكى قېلىپبازلىقنى بۇزۇپ تاشلاپ نەسرىي شېئىرنى ئىجاد قىلدى . ئۇلار ئەرەب ئەدەبىياتىنى كونا ئەنئەنە ئىچىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىپ ، ئۇنى يېقىنقى زامان دۇنياسىنىڭ يېڭى ھاۋاسىغا تويۇندۇرۇپ ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى پۈتۈنلەي يېڭىلاشنى ئۆزىگە ۋەزىپە قىلدى . 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 — 30 ـ يىللىرىدا ئۆز تۇپرىقىدىكى مۇھىتنىڭ چەكلىمىلىكى تۈپەيلىدىن ئەرەبلەرنىڭ تەرەققىياتى تولىمۇ ئاستا بولدى . ئامېرىكا ئېقىمىدىكى ئەرەب مۇھاجىرلىرى ئەدەبىياتى ئەرەبلەرنىڭ مىللىي ئازادلىقى ۋە ئىجتىمائىي ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ، ئۆز

تۆپرىقىدىكى مىللىي ئەدەبىياتنىڭ روناق تېپىشى ۋە تەرەققىياتىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى. شۇڭا، ئۇ دۇنيا ئەدەبىياتىدىمۇ بىر دەك نەزەرگە ئېلىندى.

ئامېرىكا ئىتىمىدىكى ئەرەب مۇھاجىر ئەدىبلىرى دۇنيا مەدەنىيىتىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ، يىلتىزىنى ئىزدەپ، مىللىي روھنى ئۇرغۇتتى. مىللىي مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا غەرب مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى دادىللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، غەرب مەدەنىيىتى بىلەن شەرق مەدەنىيىتىنى ئۆزئارا سىڭدۈرۈپ قوبۇل قىلغاچقا، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ھەم مىللىيلىككە ھەم زامانىۋىلىققا ئىگە بولدى.

ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ ياقا يۇرتتا تۇرۇۋاتقان مۇھاجىر ئەدىبلەردە ئالاھىدە بىر خىل روھىي ھالەت شەكىللەندى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە يوقىتىپ قويۇۋاتقان ئېڭىنى ۋە يىلتىزىنى ئىزدەش باش تېما قىلىنغان ھەمدە يىراقتىكى ۋەتىنى، يۇرتى، تۇغقانلىرىغا بولغان چەكسىز سېغىنىش ئىپادىلەنگەنىدى.

ئامېرىكا ئىتىمىدىكى لۋانلىق مەشھۇر يازغۇچى مىكائىل نوئىمانىنىڭ «كاككۇك قوڭغۇرىقى» دېگەن ھېكايىسىدە باش قەھرىمانىنىڭ بايلىقنى، كاككۇك قوڭغۇرىقى (ئامېرىكىدا بايلىققا سىمۋول قىلىنىدۇ)نى قوغلىشىپ ئامېرىكىغا كەلگەنلىكى، گەرچە ئۇ ئامېرىكىدىكى كۆرەشتە غەلىبە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن كۈچلۈك روھىي ئېزىلىش ۋە يۇرتتىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى مۇساپىرچىلىقنىڭ دەردىنى بولۇشىغا تارتىپ، ئەڭ ئاخىر يەنە ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ كەتكەنلىكىگە دائىر ئىشلار ھېكايە قىلىنىدۇ. جۈملىدىن مۇھاجىر ئەدىبلەرنىڭ ھەممىسى يات دۆلەتتە ئوقۇش، ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىجتىمائىي ئالاقە، نىكاھ، مەدەنىيەت ۋە ئىقتىساد جەھەتتە تۈرلۈك چەكلىمىلىكلەرگە ئۇچراپ، روھىي ئازاب تارتقان بولغاچقا، ئۇلار قەلبىدە ۋەتىنىنى، يۇرتىنى، خەلقىنى ھەر ۋاقىت ياد ئېتىپ تۇردى. مەسىلەن، جىبراننىڭ «غۇۋالىقتىكى

www.uyghurkitap.com

ۋەتىنىم» دېگەن نەسرىي شېئىرىدا مۇنداق مىسرالار بار :

ئاھ ! ئويۇمدىكى ۋەتەن ،
گۈزەللىكتە تەشنا بولغۇچىلارنىڭ ،
ھەقىقەتكە چوقۇنغۇچىلارنىڭ بۆشۈكىسەن .
مىنىپ ئاتقا ، ھەيدەپ كېمىلەرنى ،
ئىزلىمەكتىمىز ھەر ياندىن سېنى .
. . .       . . .       . . .
روھىيىتىمىزدىكى ئوت ۋە نۇرسەن ،
كۆكرىكىمىزدە سوقۇۋاتقان يۈرەكدۇرسەن .

ئامېرىكا ئېقىمىدىكى ئەرەب مۇھاجىر ئەدىبلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە رېئال كىشىلىك تۇرمۇش تەسۋىرلەنگەن بولۇپ ، بۇ ئەسەرلەر مىللىي غۇرۇرنى ئويغىتىش ، مىللىي ئاڭنى يېتىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ . بۇ ئەسەرلەردە يۈكسەك ئىنسانپەرۋەرلىك روھ ۋە شەرق مىللەتلىرىنىڭ ئەخلاق قارىشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ھەم شەرقتىكى ئېزىلىۋاتقان ئەرەب مىللىتىنىڭ جاھانگىرلىككە ، فېئودالىزمغا قارشى مىللىي ئېڭى ئىپادىلەنگەن . جىبراننىڭ «سۇنغان قانات» دېگەن ئەسىرىدە ئېزىلىۋاتقان ئەرەب ئاياللىرىنىڭ فېئوداللىق نىكاھ تۇزۇمىگە بولغان نارازىلىقى ھەم ئۇلارنىڭ پاجىئەلىك تراگېدىيىسى تەسۋىرلەنگەن . ئاپتور ئېزىلىۋاتقان مەزلۇملارغا بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىقىنى ئىپادىلەپ ، شەرق ئاياللىرىنىڭ مۇھەببەت تراگېدىيىسىنى شەرق مىللىتى ۋە شەرق جەمئىيىتىنىڭ تراگېدىيىسى قىلىپ يازغان . قويۇق مۇھەببەت تۇسىنى ئالغان بۇ ئەسەر چۈشەنگۈچىلەر ئۈچۈن خۇددى سىياسىي ئەسەردەكلا تۇيۇلىدۇ . ئەسەردىكى باش قەھرىمان قىز سەلىمە بەئەينى كۆكتە پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇۋاتقان قۇشقا ئوخشايدۇ . ئەمما ، يۇمران قانىتى رەزىل كۈچلەر تەرىپىدىن

«سوندۇرۇپ» تاشلىنىدۇ. بۇنىڭ ئۆلۈمى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغايدۇ. مانا بۇ شەرق مىللىتىنىڭ (جۈملىدىن ئەرەب مىللىتىنىڭ) تراگېدىيىسىگە سىمۋول قىلىنغان.

ئەرەب مۇھاجىرلىرى ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىلى نوئىمان ئۆزىنىڭ «توغماس»، «بايلار»، «يوغان پاچاق» ناملىق ھېكايىلىرى ۋە «ئۆچرىشىش» ناملىق پوۋېستىدا، مۇستەملىكىچىلەر ئاستىدىكى لىۋان كۆچمەنلىرىنىڭ يات دۆلەتتە ئۇچرىغان ئازارچىلىقلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئومۇمەن بۇ ئېقىمدىكى ئەدىبلەر ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ئىقتىدارى ۋە قەلبىگە تايىنىپ ئەرەبلەرنىڭ ھەرقايسى قاتلاملاردىكى تۇرمۇش، ئۆرپ - ئادىتى، ئەخلاق قارىشى ۋە خاراكتېرى قاتارلىقلارنى ناھايىتى مۇپەسسەل سىزىپ چىققان. بۇ ئەسەرلەردە ئاجىزلارغا، ئېزىلىۋاتقانلارغا چەكسىز ھېسداشلىق قىلىنسا، رېئال دۇنيادىكى قاراڭغۇلۇق ۋە ئادالەتسىزلىكلەرگە قارىتا كۈچلۈك نەپرەت ياغدۇرۇلغان.

بۇ ئېقىمدىكى ئەسەرلەرنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۆز مىللىتىنىڭ روھىيىتىدىكى ئاجىزلىقلار قىلچە رەھىم قىلىنماي ئېچىپ تاشلانغان. جىبران ئۆزىنىڭ «مەست قىلىش دورىسى ۋە ئوپېراتسىيە پىچىقى» دېگەن ئەسىرىدە، شەرقلىقلەرنىڭ ئاسانلا ئالدىنىپ قالىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ كېسەل داۋالاشتا «ئوپېراتسىيە» پىچىقىنى ئىشلىتىشنىڭ ئورنىغا «مەست قىلىش دورىسى» نى ئىشلىتىدىغانلىقىدەك بىر روھىي كرىزىسىنى ھەم ئۇلارنىڭ تەبىئىتىدىكى نادانلىق، خۇراپاتلىق ۋە «قۇللچىلىق» ئىدىيىسىنى ئېچىپ تاشلىغان. «ئەۋلىيا» — جىبراننىڭ يەنە بىر مۇھىم ئەسىرى، پەلسەپىۋىلىكى كۈچلۈك بولغان بۇ نەسرىي شېئىر توپلىمىدا، ئاپتور شەرقلىق بىر ئەۋلىيانىڭ ئوبرازىنى ياراتقان. ئۇنىڭدا سۆيگۈ بىلەن نەپرەت، ئازاب بىلەن شادلىق، ھاياتلىق بىلەن ماماتلىق، جىنايەت بىلەن پاكلىق، قانۇن بىلەن ئەركىنلىك، نىكاھ بىلەن ئائىلە قاتارلىق بىر قاتار كىشىلىك ھايات ھەققىدىكى

كۆزقاراشلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا بارغاندا، ئامېرىكا ئىچىدىكى ئەرەب مۇھاجىر ئەدىبلىرى ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ يېمىرىلىشى بىلەن ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ كېلىپ، يۇرتىنىڭ ھاۋاسىدىن ئەركىن نەپەس ئېلىپ، شادلىق نەزمىلىرىنى ياڭرىتتى. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى دەھشەتلىك گۈلدۈرمامىدەك ياڭراپ، ئەنئەنە ئاسارىتىنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتقان ئەرەب يازغۇچىلىرىنى ئويغىتىپ، ئۇلارنى ئىدىيە جەھەتتىكى چەكلىمىلىك ۋە كونا رامكىلارنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنى پۈتۈنلەي يېڭىلاپ، ئەرەب ئەدەبىياتىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشكە چاقىردى. ئومۇمەن، ئەرەب مۇھاجىرلىرى ئەدەبىياتى پۈتكۈل ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەرەبلەرنىڭ مىللىي ئازادلىق كۈرىشى ۋە ئىجتىمائىي ئىسلاھات قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئەرەب مىللىي ئەدەبىياتىنى روناق تاپقۇزۇشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى.

ئۆزىنىڭ قويۇق مىللىي مەدەنىيەت مۇھىتىدىن، ئۆزىنى تەربىيىلەپ ئۆستۈرگەن تۇپرىقىدىن ئايرىلىپ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى يوقىتىپ قويماي، ئۆزىگە خاس ئەدەبىي ئۇسلۇب ۋە ئېقىم ياراتقان بۇ يازغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى بىزگە تېخىمۇ تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلمىدى (پەقەت ئاز بىر قىسمىلا تونۇشتۇرۇلدى). شۇڭا، شەرق ئەدەبىياتى، جۈملىدىن ئەرەب ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلغاندا، ئامېرىكا ئىچىدىكى ئەرەب مۇھاجىرلىرى ئەدەبىياتىنىمۇ مەخسۇس سەھىپە بويىچە ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش زۆرۈر. بۇ، ئارىمىزدىكى شەرق تۇپرىقىغا تۇغۇلۇپ، شەرق مەدەنىيىتى بىلەن تەربىيىلىنىپ، شەرق ئېڭىغا ئىگە بولۇپ تۇرۇپمۇ، ھەدېسىلا غەرب ئىدىيىسىگە چوقۇنۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر خىل ئەدەبىي ئېقىمىنى زامان، ماكان بىلەن ھېسابلاشمايلا ئەدەبىياتىمىزغا قارىغۇلارچە سۆرەپ كىرىپ،



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

شەرق مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنى پۇتۇنلەي ئىنكار قىلىدىغان شەرقلىق «غەربچىلەر» ئۇچۇنمۇ ئەڭ ياخشى دەرسلىك بولالايدۇ، ئەلۋەتتە.

يىلتىزسىز دەرەخ بولمىغىنىدەك، يىلتىزسىز ئەدەبىياتىمىزنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئەدەبىياتنىڭ يىلتىزى ئەسىرلەردىن بۇيان مۇشۇ شەرق زېمىنىدا ياشاپ كېلىۋاتقان مىللىتىمىزنىڭ روھىيىتىدە، بىز ئەڭ ئاۋۋال ئۆزگىچە مەدەنىيەت مۇھىتىغا، نۇرغۇن ئېسىل ـ ئەنئەنىلەرگە، گۈزەل ئەخلاق قارىشىغا ئىگە بۇ زېمىنىمىزغا خاس شەرق ئېڭىنى تىكلىشىمىز لازىم. ئەلۋەتتە، نۇرغۇن تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مەدەنىيىتىمىز، جۈملىدىن مىللىي ئەدەبىياتىمىز غەرب ئەللىرىنىڭكىدىن كۆپ ئارقىدا قالدى. بۇنى چوڭقۇر ئەپسۇسلىنىش بىلەن ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇ. بىراق، غەربنىڭكىگە كۆزىمىزنى قىزارتىپ ئۆزىمىزنىڭكىدىن تاتساق ۋە ئۇنى ئىنكار قىلساق خاتا قىلغان بولىمىز. غەربنىڭ كۆزىنى چاقنىتىپ تۇرىدىغان ئاشۇ ئېسىل دۇردانىلىرىنى مۇشۇ ھالىتىمىز بىلەن پۇتۇنلەي قوبۇل قىلىپ كېتەلىشىمىز ناتايىن. چۈنكى بۇ ئىككى خىل ئەدەبىيات، ئىككى خىل ئاڭ، ئىككى خىل تۇپراق ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن بوشلۇق بار. ئەدەبىياتىمىزغا زورلۇق بىلەن سۆرەپ كىرىلگەن غەرب ئەدەبىياتىدىكى بەزى ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىنىڭ ئەدەبىياتىمىزنى ھازىرقى ئەھۋالى بىلەن سىڭىشىپ كېتەلمەسلىكىدىكى سەۋەبىنىڭ بىرىمۇ مانا شۇ يەردە.

ئەلۋەتتە، غەرب ئەدەبىياتىدىكى نۇرغۇن نامايەندىلەرنىڭ ئەدەبىياتىمىزغا بېرىدىغان «نەپ» ئىمۇ ئاز ئەمەس. بىز غەرب ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش، ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق مىللىي ئەدەبىياتىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنەلەيمىز ۋە ئۇنى دۇنياغا يۈزلەندۈرەلەيمىز. بۇ جەھەتتە بىز ئۇچۇن خۇددى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىكى

ئەرەب مۇھاجىر ئەدىبلىرىنىڭ قويۇق غەرب مەدەنىيىتى مۇھىتىدا تۇرۇپمۇ ئۆزىدە شەرق ئىدىيىسىنى تىكلەش ، شەرقلىقلارغا خاس روھنى ئۇرغىتىش ، شەرق ئەخلاق كۆزقارىشىنى تەكىتلەش ۋە شەرقتىكى يىلتىزىنى ئىزدەش ئاساسىدا غەرب مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلىپ ، شەرق مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلىپ ئۆز ئەسەرلىرىنى ھەم ئىلمىيلىككە ھەم زامانىۋىلىققا ئىگە قىلغانلىقى ئەڭ ياخشى ئۈلگە . ئۇلارنىڭ زور مۇۋەپپەقىيىتى يەنىلا ئۆزىدە كۈچلۈك شەرق ئېڭىنى يېتىلدۈرگەنلىكىدە .

بىز ئۇلاردەك يات دۆلەتتە ئەمەس ، بەلكى شەرق زېمىنىدا تۇرۇۋاتىمىز . شۇنداقتىمۇ ئەسىرلەردىن بۇيانقى مەنىۋى نامراتلىق ، مەدەنىيەت جەھەتتىكى قالاقلىقىمىز تەبىئىتىمىزدە ياتلىشىش پەيدا قىلىپ ، بىزدىكى شەرقلىقلەرگە خاس ئاڭنى ، ئەخلاق قارىشىنى ۋە «يىلتىز» قارىشىنى سۇسلاشتۇرۇۋەتتى . نەتىجىدە خەلقىمىز «ماڭقۇرت» لارچە ياشاشقا ئادەتلىنىپ كەتتى . شۇڭا ، كەڭ ئەدىبلىرىمىزنىڭ نەزەرىنى يەنىلا مۇشۇ زېمىندىكى پەۋقۇلئاددە قىسمەت بىلەن ياشاۋاتقان مىسكىن خەلقىمىزگە ئاغدۇرۇپ ، ئۇلاردا شەرقلىقلەرگە خاس ئاڭ ، ئەخلاق ۋە «يىلتىز» نى ئىزدەش روھىنى ئۇرغۇتالايدىغان ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقىشى نۆۋەتتە تولىمۇ زۆرۈر . خۇشال بولۇشىمىزغا تېگىشلىكى ، يېقىندىن بۇيان مەتبۇئاتلىرىمىزدا ، سەھنىلىرىمىزدە مۇشۇنداق ئەسەرلەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى . ئاشۇنداق ئەسەرلەرلا خەلقىمىزنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشەلەيدۇ . ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇكى ، بىز شەرقلىق ، تومۇرىمىزدا ئېقىۋاتقىنى شەرقلىقنىڭ قېنى ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەبرىسى يەنىلا مۇشۇ شەرق زېمىنىدا ، خالاس !

# «قاناتلىق ئادەم» دىن قاناتلانغان خىياللار

ئۆزىنىڭ كۈچلۈك يەرلىك مەدەنىيەت پۇرىقى بىلەن ھېلىھەم 18 مىڭ ئالەمدىكى ئىلىم ئەھلىلىرى، ساياھەتچىلىرى ۋە ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ مەيلىنى ئۆزىگە ماگنىتتەك تارتىپ كېلىۋاتقان، قەدىمكى «يىپەك يولى» نىڭ مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولغان ئانا ماكانىمىز تارىم ۋادىسىدا، ئەۋلادتىن ئەۋلاتقا ياشاپ ئۆتكەن ئەجدادلىرىمىز ئىلگىرى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئۆز ئارا ئالمىشىپ بېرىشىدىكى مەركەزلىك ئورۇندا تۇرۇۋاتقىنىغا يارىشا ئاجايىپ كەڭ قورساقلىق ۋە تولۇق ئېچىۋېتىلگەن ئاڭ بىلەن جاھان مەدەنىيىتىنىڭ ئېسىل جەۋھەرلىرىنى دادىللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ يەرلىك مەدەنىيىتىگە تويۇندۇرۇپ، ياتلارنىڭ كۆزىنى قىزارتقۇدەك سەرخىل مەدەنىيەت دۇردانىلىرىنى بىزگە قالدۇرۇپ كەتكىنى بەرھەق راست. ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرى تولىمۇ تەستە ياراتقان ئاشۇ مىراسلارنى خۇددى مۇشۇ زېمىندىكى توغراقلاردەك ئەسىرمۇ ئەسىر ياشاپ ئۆتىدىغان ئەۋلادلىرىنىڭ ۋارىسلىق قىلىشىغا قالدۇرغاندا، ئەۋلادلىرىنىڭ بۇ مىراسلارنى تېخىمۇ بېيىتىپ، تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇپ، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىشىنى ئارزۇ قىلغان بولغىيىتتى ياكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە بېشىغا ئېغىر كۈنلەر چۈشۈپ جاھان مەدەنىيىتىدىن سىقىپ چىقىرىلىش خەۋپى تۇغۇلغاندا، ئاشۇ مىراسلارنى قۇم ئاستىدىن كولاپ چىقىرىپ، بۇ كۆز يۇمغۇسىز مەدەنىيەت پاكىتلىرىنى دەستەك قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ

تارىختا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە ئاجايىپ زور تۆھپىلەرنى قوشقان مەدەنىيەتلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىشىغا ئاتاپ قالدۇرۇپ قويغان بولغىيتى تايىنلىق .ئىش قىلىنىپ ئانا ماكانىمىزدىن قېزىلىپ تەرەپ - تەرەپلەرگە ئېلىپ كېتىلگەن، ھېلىمۇ توختىماي قېزىلىۋاتقان، قېزىلماقچى بولغان مىراسلىرىمىزغا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ساپ قېنى، پاك ئارزۇ - ئىستەكلىرى سىڭگەن . بىلىسەك، ئۇ بىز ئۈچۈن تولىمۇ قىممەتلىك، تولىمۇ ئۇلۇغ تەۋەررۇكتۇر .

مىڭ ئەپسۇس، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاشۇ بۈيۈك ئارزۇلىرى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ئېلېكترون دەۋرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئالەم بوشلۇقى تەتقىقاتى دەۋرىگە كىرىپ، بۇ ساھەدىمۇ ئالەمشۇمۇل ئۇتۇقلار قولغا كېلىپ، ئۆزگە ئەللەر تاشقى پلانىتىلارنى ئېچىش رىقابىتىدە كۈچ سىنىشىۋاتقان، مەدەنىيەتلىك 21 - ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىغا كېلىپ قالغان ھازىرقىدەك زامانىۋى ئىنفورماتسىيە (ئۇچۇر) دەۋرىدىمۇ تېخىچە تارىختا ئەجدادلىرى ئىشلەتكەن ئېگىز چاقلىق يارىيا ھارۋىلاردىن تەل - تۆكۈس قۇتۇلۇپ بولالمىغان. گاھلىرى ئاشۇ ئېگىز چاقلىق يارىيا ھارۋىلارنىڭ مايسىراپ كەتكەن چاقلىرىنىڭ غىچىرلاپ سايرىغان ئاۋازىغا ئەللەيلىنىپ جاھاندىن بىخەۋەر ئۆتۈۋاتقان؛ گاھلىرىنى مىللىي روھتىن بارغانسېرى يىراقلاپ بېرىۋاتقان ئەبگا ئەپتىنى ئەجنەبىيلەرنىڭ داڭلىق ماركىلىق كىيىم - كېچەك، زىبۇزىننەتلىرى بىلەن بېزەپ، ئۆزلىرىنى «زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ ھەقىقىي ئىگىلىرى» قىلىپ كۆرسىتىش بىلەن ئۆزىنى ئالداپ كۆڭلىنى خۇش قىلىۋاتقان بىزدەك ناپاك ئەۋلادلار دەۋرىگە كەلگەندە رويابقا چىقماقتا يوق، ئەدناسى ئەجدادلىرىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن ئاشۇ مەدەنىيەت مىراسلىرىغا تۇزۇكرەكمۇ ئاتىدارچىلىق قىلالمايۋاتىمىز .

بىزنى جاھانغا تونۇتۇش قۇدرىتىگە ئىگە مەدەنىيەت دۇردانىلىرى باشقا قاندىكى ئىلىم نوپۇزلىرىنىڭ توم - توم

كىتابلارنى، جاھاننى ھەيرەتتە قالدۇرغۇدەك ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىپ، مەيدىسىنى كېرىپ يۈرگۈدەك، ئاسايىشلىق تۇرمۇشتا ئۆتكۈدەك شارائىتقا ئىگە بولۇشقا مەنبە بولۇپ بەرگىنى بىلەن مۇشۇ مىراسلارنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى سانالغان بىز خەققە تېخىچە ئۇنداق تەلەي نېسىپ بولغىنى يوق.

بىز باشقىلار قىلغاننى قىلالمىغاندىكىن ياتلار ئەلۋەتتە بىزنىڭ مەدەنىي مىراسلىرىمىزنى سېتىپ يېمەمتى ئەمىسە. سېتىپ يېسىمۇ يېسۇن، بىراق ئاشۇ مىراسلارنىڭ بىزگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان ئاساستا سېتىپ يېسە مەيلى ئىدىغۇ كاشكى! يەرنىڭ تېگىدىكى بايلىقنىغۇ ئەجدادىمىز ئۆز قولى بىلەن ياساپ قويمىغاندىكىن ئەمدى قانداق قىلىتتۇق شۇ... دەپ ئەزمىمىزنى ئېزەيلى، ماۋۇ زېمىنىمىزنىڭ تۆپىسىدىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قولى تەگكەن، قېنى سىڭگەن مىراسلار قانداق بولۇۋاتىدۇ؟ بۇنى بىلەمسەن ئەي ئۇيغۇر!!

## 1

ئانا ماكانىمىزدىن ھازىرغا قەدەر بۇددا دىنىنىڭ قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلىرى بىلەن بىر قاتاردا بىر قىسىم قاناتلىق ئادەم سۈرەتلىرىمۇ بايقىلىپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ بەس ـ مۇنازىرىسىگە ئوبيېكت بولۇپ كەلمەكتە.

بەزى ئالىملار بىزدىن تېپىلغان قاناتلىق ئادەم سۈرەتلىرىنى خەنزۇلارنىڭ ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىدىكى پەرىشتە ( 羽人 ) نىڭ ئوبرازى دېيىشسە، بەزىلەر ئۇنى قەدىمكى يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى سۆيگۈ ئىلاھى ئېروس (Eros) نىڭ ئوبرازى دېدى، يەنە بەزىلەر ئۇنى ساماۋى ئىلاھ دېۋاننىڭ ئوبرازى دېيىشتى... قىسقىسى، ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن ئاپىرىدە قىلىنىپ، ئانا دىيارىمىزدىن بايقالغان بۇ قىممەتلىك سۈرەتلەر

www.uyghurkitap.com

ھەققىدىكى بەس ـ مۇنازىرىلەردە بىزنىڭ ئازراقمۇ ئىتىبارغا ئېلىنىپ قويماسلىقىمىز بىزنى تەبىئىي ھالدا «ئەسكى چاپاننىڭ ئىچىدىمۇ ئادەم بارتىغۇ» دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرمەي قويمايدۇ، ئەلۋەتتە. شۇ ۋەجىدىن مەندەك ئاددىي بىر مۇئەللىپمۇ قولۇمغا قەلەم ئېلىپ ئولتۇرۇپتىمەن.

1903 ـ يىلى ياپونىيىنىڭ داگۇگۋاڭدۇي ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى كۇچا سۇ بېشى بۇددا خارابىسىگە كېلىپ ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق نۇرغۇن قەدىمىي مەدەنىي يادىكارلىقلارغا ئېرىشتى. بۇلاردىن بىر جەسەت كۆلى قۇتىسىمۇ بار بولۇپ، بۇ قۇتا ھازىرغا قەدەر توكيودا ئەتىۋارلىنىپ ساقلىنىپ كەلمەكتە.

ياغاچتىن ياسالغان بۇ قۇتىنىڭ گەۋدە قىسمى يۇمىلاق، ئاغزىنىڭ ئۈچى كونۇس شەكلىدە بولۇپ، ئېگىزلىكى 31 سانتىمېتىر، دىئامېتىرى 37.7 سانتىمېتىر كېلىدۇ. سىرتىغا بىر قەۋەت ئاقۇچ كاناپ رەخت چاپلىنىپ، ئۈستىگە نەپىس رەسىملەر سىزىلغان (1 ـ رەسىمگە قارالسۇن).



1ـ رەسىم كۇچا سۇ بېشى بۇددا خارابىسىدىن تېپىلغان جەسەت كۆلى قۇتىسىدىكى قاناتلىق ئادەم سۈرىتى

قوتىنىڭ ئاغزىدىكى چاتما ھالقىلاردىن ھاسىل قىلىنغان چەمبەر ئىچىگە بالىمان ، غوڭقا ، بەرباپ قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرى بىلەن كوي ئورۇنلاۋاتقان توت قاناتلىق بالىنىڭ رەسمى چوشۇرۇلگەن . رەسىمدىكى بالىلارنىڭ ھەممىسىلا يالىڭاچ بولۇپ ئىككىدىن قانىتى بار . قاڭشارلىق ، كۆزلىرى چوڭ ، چوققىسىدا ئازراقتىن چېچى بار . «كۇچا ناھىيىسى تەزكىرىسى» دە ، بۇ جەسەت كۇلى قۇتىسى تاڭ دەۋرىگە ئائىت دەپ يېزىلغان بولسا ، «جۇڭگو شىنجاڭ قەدىمىي سەنئىتى» دە ، 7 ـ ئەسىرلەرگە مەنسۇپ دەپ يېزىلغان .

1906 ـ يىلىدىن 1907 ـ يىلىغىچە ئەنگلىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى ستەيىن 2 ـ قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ ، ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۇرۇش ئېلىپ بېرىش جەريانىدا چەرچەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى مىرەن قەدىمىي شەھىرى خارابىسى ئەتراپىدىن يوقىلىش ئالدىدا تۇرغان بىر بۇددا مۇنارى قۇرۇلۇشىنىڭ ئىزىنى ئۇچراتتى (2 ـ رەسىمگە قارالسۇن ) .



2 ـ رەسىم مىرەن قەدىمىي شەھىرى خارابىسى ئەتراپىدىن تېپىلغان قاناتلىق ئادەم سۇرىتى

بۇ يەردە يەتتە نەپەر قاناتلىق ئادەمنىڭ سۈرىتى بار بولۇپ، رەسىمدىكى ئادەملەرنىڭ يۈز شەكلى بىر ـ بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ھەممىسىلا قاڭشارلىق، كۆزلىرى چوڭ، جاۋغىيىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى سىزىقلار ئېنىق كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. ساقال ـ بۇرۇتسىز بولۇپ، قارىماققا قۇرامىغا يەتمىگەن بالىلارنىڭ رەسىمگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

ستەيىن يەنە مۇشۇ بۇددا خارابىسىدىن تەخمىنەن 60 مېتىرچە كېلىدىغان جايدىن يەنە بىر بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسىنى بايقىغان. بۇ خارابىدىكى تاملاردا رەسىم قالدۇقلىرى بولۇپ، ھەر ئىككىلا جايدىكى رەسىملەرنىڭ بىرلا رەسسامنىڭ قولىدىن چىققانلىقى مەلۇم. رەسىمنىڭ ئۈستى تەرىپىگە رەسسامنىڭ «تىتا» دېگەن ئىسىم ـ فامىلىسى ۋە ئۇ ئېرىشكەن ئىش ھەققىنىڭ سانى قارۇشتى يېزىقى بىلەن خاتىرىلەپ قويۇلغان.

كۇچا سۇ بېشى بۇددا خارابىسىدىن تېپىلغان جەسەت كۆلى قۇتىسىدىكى قاناتلىق ئادەم سۈرەتلىرى بىلەن چەرچەننىڭ مىرەن قەدىمي شەھىرى ئەتراپىدىن تېپىلغان قاناتلىق ئادەم سۈرەتلىرى مەيلى يۈز، چاچ شەكلى جەھەتتىن بولمىسۇن ياكى ئۇسلۇب جەھەتتىن بولمىسۇن بىر ـ بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. تارىخچى جيەن بوچۇەن ئەپەندىنىڭ قارىشى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ ئىككى ئورۇندىن تېپىلغان قاناتلىق ئادەم سۈرەتلىرى ئوخشاش بىرلا دەۋر، يەنى تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى قارۇشتى يېزىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ نۇقتىدىن كۇچا سۇ بېشى خارابىسىدىن تېپىلغان جەسەت كۆلى قۇتىسى مەنسۇپ بولغان دەۋرنى يەنە ئۈچ ئەسىر ئالدىغا سۈرۈش مۇمكىن.

1980 ـ يىلىدىن كېيىن لوپنۇر كۆلى ئەتراپىدىكى قەدىمي شەھەر خارابىلىقىدىن بىر كىمخاب تېپىلدى. يېشىل رەڭلىك بۇ كىمخابقا نۇرغۇن نەپىس سۈرەتلەر چۈشۈرۈلگەن. بۇ رەسىملەر ئارىسىدا بىر جۈپ قاناتلىق ئادەم سۈرەتلىرىمۇ بار بولۇپ،

رەسىمدىكى ئوبرازلارنىڭ كۆزلىرى چوڭ ، قاڭشارلىق ، بۇدۇر چاچ ، يالىڭاچ بولۇپ ، دۈمبىسىدە ئىككىدىن قانىتى بار . خۇددى ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەكلا كۆرۈنىدۇ (3 ـ رەسىمگە قارالسۇن) .



3 ـ رەسىم لوپنۇر كۆلى ئەتراپىدىن تېپىلغان رەڭلىك كىمخابتىكى
قاناتلىق ئادەم سۈرىتى

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ستەيىننىڭ مەلۇمات بېرىشىچە ، بۇ خىلدىكى قاناتلىق ئادەم سۈرەتلىرىنىڭ ھىندىستان ، قەندىھار ، پاكىستان ۋە قىزىل ، قۇمتۇر ، سىم ـ سىم مىڭئۆيلىرىدىنمۇ بايقالغانلىقى مەلۇم .[1]

## 2

ستەيىن ئەپەندى مىراسلىرىمىز بەدىلىگە كەلگەن دۇنياۋى

① شياڭ دا ئەپەندى تەرجىمە قىلغان ، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى بىلەن شاڭخەي كىتاب ئىدارىسى 1987 ـ يىلى نەشر قىلغان سېتيېننىڭ «غەربىي دىيار ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى» دېگەن ئەسىرىنىڭ 45 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن .

شۆھرەتكە ئىگە كاتتا ئەسىرى — «غەربىي رايون ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى» دە ، پېرسىيىنىڭ غەربىي قىسمى ، مېسسوپوتامىيە ، سۇرىيە قاتارلىق جايلاردىمۇ نۇرغۇن قاناتلىق ئادەم سۇرەتلىرىنىڭ تېپىلغانلىقىنى نەقىل كەلتۈرۈپ ، مىرەن قەدىمىي شەھىرى خارابىسى ئەتراپىدىن تېپىلغان قاناتلىق ئادەم سۇرەتلىرىنى قەدىمكى گرېك ئەپسانىلىرىدىكى سۆيگۈ ئىلاھى ئېروسنىڭ ئوبرازى ، ئۇ بۇددا قىسسىلىرىدىكى گاند خارۋاس ① قا ۋەكىللىك قىلىدۇ ، دەپ قارىدى.②

ئەنگلىيىلىك مارشاۋ (Sirjohn Marshou) يازغان «قەندىھار بۇددا سەنئىتى» ناملىق كىتابىنىڭ 21 - ، 25 - بەتلىرىدىكى بايانلاردا قاناتلىق ئادەم سۇرەتلىرى ساماۋى ئىلاھ دېۋانىڭ ئوبرازىدۇر دېيىلگەن.③

جۇڭگو ئالىمى يەن ۋېنرۇڭ ئەپەندى مىرەن قەدىمىي شەھىرى خارابىسى ئەتراپىدىن تېپىلغان قاناتلىق ئادەم سۇرەتلىرىنى جۇڭگونىڭ خەن سۇلالىسىگە ئائىت رەسىملىرىدىكى پەرىشتە (羽人) نىڭ ئوبرازى دېگەن كۆزقارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.④

جۇڭگو ئارخېئولوگى ۋۇخەن ئەپەندى «ئافغان سىبىركەند قەبرە مەدەنىيىتى» دېگەن ئەسىرىدە ، كۇچا كونىشەھەردىن قاناتلىق ئادەملەرنىڭ ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن مىس بېزەكلەرنىڭ تېپىلغانلىقى ، بۇ بېزەكلەردىكى قاناتلىق ئادەم سۇرەتلىرىنىڭ ئوبراز ۋە نەقىش ئۇسلۇبىنىڭ ئافغانىستاننىڭ سىبىركەند ⑤ دىن

---

① Gand Harvas بىراھما دىنى ئېتىقاد قىلىدىغان كۆپ خۇدالاردىن بىرى بولۇپ ، «ئېپار ئىزدىگۈچى ئىلاھ» دېگەن مەنىگە ئىگە .

② ستەيىن : «غەربىي دىيار ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى» خەنزۇچە نەشرى ، 85- ، 86 - بەتلەرگە قارالسۇن .

③ ئابلىز مۇھەممەد سايرامى : «خوتەن بۇددىزم سەنئىتى» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرى 1988 - يىللىق 2 - سانىنىڭ 157 - بېتىگە قارالسۇن .

④ «ھازىرقى زامان بۇدداشۇناسلىقى» ژۇرنىلىنىڭ خەنزۇچە نەشرى ، 1962 - يىللىق 5- سانىدىكى يەن ۋېنرۇڭ ماقالىسىگە قارالسۇن .

⑤ Sibirkand ، ئافغانىستاننىڭ پايتەختى كابولنىڭ غەربىي شىمالىدىن 340 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جاينىڭ ئىسمى .


تېپىلغان قاناتلىق ئادەم سۈرەتلىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ: «كۇچا كونىشەھەردىن تېپىلغان تېپىك يۇنان، رىم پاسونىدىكى قاناتلىق ئادەم ئوبرازى چۇشۇرۇلگەن مىس بېزەكلەر ئوبراز جەھەتتىنلا ئەمەس، بەلكى نەققاشلىق ئۇسلۇبى جەھەتتىنمۇ سىبىركەنددىن تېپىلغان قىممەتلىك بۇيۇملارغا ئوخشاپ كېتىدۇ» ، شۇڭا «سىبىركەندنى ئۆز ئىچىگە ئالغان باكتىرىيە ئوتتۇرا يول بېكىتى بولۇپ، يۇنان، رىم، پېرسىيە، ھىندىستانلارنى بىر - بىرىگە باغلاپ، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغان» دەپ يازدى ھەم سىبىركەنددىن تېپىلغان قاناتلىق ئادەم سۈرەتلىرىنى دەستەك قىلىش ئارقىلىق بىزدىن تېپىلغان قاناتلىق ئادەم سۈرەتلىرىنى يۇنان، رىمدىن سىبىركەند ئارقىلىق تارىم ئويمانلىقىغا كىرگەن دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى①

جيەن بوچۈەن ئەپەندى تارىم ۋادىسىدىن تېپىلغان قاناتلىق ئادەم سۈرەتلىرى بىلەن خەنزۇلارنىڭ ئەپسانە - رىۋايەتلىرىدە تەسۋىرلىنىپ تاڭ دەۋرىگە ئائىت رەسىملەردە ئۆز ئەكسىنى تاپقان پەرىشتىنىڭ ئوبرازىنى ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ يۈز ۋە چاچ شەكلىنىڭ ئاسمان - زېمىن پەرق قىلىدىغانلىقىنى بايقىدى (4 - رەسىمگە قاراڭ). ئۇ يەنە مىرەن قەدىمىي شەھىرى خارابىسى ئەتراپىدىن تېپىلغان قاناتلىق ئادەم سۈرىتىنىڭ ئۇچىسىدىكى قاپقا ئوخشايدىغان يۇمۇلاق ياقىلىق كۆينەكنى شۇنچە قىلىپمۇ جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان كىيىم - كېچەكلىرى تارىخىدىن چېلىقتۇرالمىغانلىقىنى، كۆزلىرى چوڭ، قاڭشارلىق، جاۋغىيىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى سىزىقلار كۆزگە ئېنىق تاشلىنىپ تۇرىدىغان بۇ قاناتلىق ئادەم سۈرەتلىرىنىڭ «بەئەينى ياۋروپالىقلارغىلا ئوخشايدۇ» غانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنى بىراقلا «سىرتتىن كىرگەن مەدەنىيەت ھادىسىسى» دەۋەتتى ھەم ئاخىرىدا سەل سىلىقلاشتۇرۇپ: «لوپنۇر كۆلى ئەتراپىدىن بايقالغان قاناتلىق ئادەم سۈرىتى رىم ئىمپېرىيىسى بىلەن شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئىقتىساد، سودا ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنى

---

① «يىپەك يولى» ژۇرنىلىنىڭ خەنزۇچە نەشرى، 1995 - يىللىق 5 - سانىنىڭ 32-، 33-، 34 - بەتلىرىگە قارالسۇن.

قانات يايدۇرغانلىقىنىڭ ئىسپاتى؛ مىرەن قەدىمكى شەھىرى خارابىسى



4 ـ رەسىم خەنزۇلارنىڭ ئەپسانە رىۋايەتلىرىدە تەسۋىرلىنىپ، تاڭ دەۋرىگە ئائىت «رەسىملەر»دە ئەكسىنى تاپقان پەرىشتە ئوبرازى

ئەتراپىدىن ۋە كۇچادىن تېپىلغان قاناتلىق ئادەم سۈرەتلىرى بولسا يۇنان، رىم مەدەنىيىتىنىڭ بۇددا مەدەنىيىتى ئارقىلىق ئېلىمىزنىڭ غەربىي يۇرتىغا تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنىڭ مۇھىم پاكىتى» دېدى.

## 3

بۇددا دىنى مىلادىيە I ئەسىردىن باشلاپلا ئۇدۇن (خوتەن) ئارقىلىق تارىم ئويمانلىقىدىكى كەڭ بوستانلىقلارغا تارقىلىپ ھەم پۈتكۈل تارىم ۋادىسىدا ئومۇملىشىپ، ئۇدۇن، كۇسەن، قوچۇلار غەربىي يۇرتتىكى ئەڭ مەشھۇر بۇددا مەركەزلىرىدىن بولۇپ قالدى. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا، بۇددىزىم ئىدېئولوگىيىسىمۇ ئۇيغۇرلار

ئارىسىدا كەڭ تۈردە ئومۇملىشىپ ، رەسساملىق ، ھەيكەلتىراشلىق ، ناخشا - ئۇسسۇل ، نەققاشلىق ، مىمارچىلىق سەنئىتى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى .

«مىلادىيە I ئەسىردىن بۇرۇنراق ياسىلىشقا باشلىغان دەپ تىلغا ئېلىنىۋاتقان كۇچا ، باي رايونلىرىدىكى قىزىل ، قۇمتۇر مىڭئۆيلىرى ؛ مىلادىيە II ئەسىرلەردە ياۋچىلار تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغان گەنسۇدىكى دۇنخۇاڭ مىڭئۆيى ، خوتەن بۇددىستلىرىنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن ياسالغان لوياڭدىكى بەيما ئىبادەتخانىسى ، چاڭئەندىكى چىڭلوڭ ئىبادەتخانىسى ، سەنشىدىكى گۇاڭشىڭ ، پۇگۇاڭ ئىبادەتخانىلىرى ، چاۋشەندىكى خەيىن ئىبادەتخانىسى ، ھىندىنوزىيىدىكى ماجىلاڭپولۇ ئىبادەتخانىسى ، ۋيېتنامدىكى لىڭلاۋ ئىبادەتخانىسى ، ياپونىيىدىكى فالوڭ ئىبادەتخانىسى قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئىستىقامەت ئورۇنلىرى بارلىققا كېلىپ ، شەرق دۇنياسىدىكى بۇددىزمنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە ۋە ئاخىرقى ھېسابتا ئومۇملىشىشىغا زېمىن ھازىرلىدى . يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن مىڭئۆي ۋە ئىبادەتخانىلارغا غەربىي رايوندىن بارغان بۇددا رەسساملىرى ۋە ھەيكەلتىراشلىرىنىڭ ئەجرى سىڭگەي قالمىدى .»①

ئالاقىدار ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە ، شىنجاڭدا بۇددىزم بىناكارلىقى ھەمدە بۇددا مەزمۇنىدىكى سىزما سۈرەتچىلىك مەيدانغا كەلگەن مەزگىلدە ، بۇددا دىنى پەيدا بولغان ھىندىستاندىمۇ بۇددا سىزما سۈرەتچىلىكى ۋە تاشكېمىر سەنئىتى تېخى مەيدانغا كەلمىگەنلىكى مەلۇم .

دېمەك ، بۇددىزم مەدەنىيىتى تارىم ۋادىسىدا شۇنچە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ، شەرقىي ئاسىيا ۋە شەرقىي

① ئابلىز مۇھەممەد سايرامى : «خوتەندىكى بۇددىزم سەنئىتى» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرى ، 1988 - يىللىق 2 - سانىنىڭ 155 - بېتىگە قارالسۇن .

جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرىگىچە تەسىر كۆرسەتكەن. بۇددا چىڭگا كوماراجىۋا، سىرىمىترالا، كالىيانارۇكى، سىكسانئانادەك تەرجىمىشۇناسلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ نەچچە يۈزلىگەن بۇددا نوم - سوتىرىلىرىنى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ بېرىپ، نەچچە مىڭلاپ شاگىرت تەربىيىلەپ بەرگەن (يالغۇز كوماراجىۋا تەرجىمە قىلغان نوم - سوتىرىلا 300 دىن، يېتىشتۈرگەن شاگىرتلا 3 مىڭدىن ئاشىدۇ). ئۇيغۇر بۇددا رەسسامى ۋىسائىراساتگادەك داڭدار رەسساملار تەكلىپكە بىنائەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ ئىبرام، ئىبادەتخانىلارنىڭ تاملىرىغا ئاجايىپ نادىر رەسىملەرنى سىزىپ، غەربىي رايوننىڭ رەسىم سىزىش ئۇسلۇبىنى ئىچكىرىدە ئومۇملاشتۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە نۇرغۇن شاگىرت قوبۇل قىلىپ، ئۇلارغا رەسىم سىزىش ماھارىتىنى ئۆگىتىپ قويغان؛ پادىشاھ تاڭ مىڭخۇاڭنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن خەنزۇ رەسسام بىن داچىڭ ئۆلچەملىك رەسىم سىزىشنى ئۆگىنىپ كېلىش ئۈچۈن ئاتايىن خوتەنگە بىلىم ئاشۇرۇشقا بارغان؛ خۇددى ماۋزېدۇڭ ئېيتقاندەك: «سۈي سۇلالىسىنىڭ توققۇز نەغمىسىنىڭ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ 10 نەغمىسىنىڭ تولىسى غەربىي دىيار مۇزىكىلىرىدىن تەركىب تاپقان»؛ سۇجوپ، بەي جىتوڭ، ساۋمياۋدالاردەك مەشھۇر ئۇيغۇر مۇزىكىشۇناسلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ، خەنزۇلارنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتىگە جۇشقۇن ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلغان... قىسقىسى، بۇددا دىنى تارىم بوستانلىقلىرى ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغان، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بۇددىزم مەدەنىيىتى جەھەتتە تارىم ۋادىسىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ ئۇلاردىن ئۆگىنىۋاتقان ئەھۋالدا خەنزۇلارنىڭ ئەپسانە - رىۋايەتلىرىدىكى ئاتالمىش پەرىشتە ئوبرازىنىڭ تارىم مەدەنىيىتىدىكى بۇددىزم مەدەنىيىتىدە پەيدا بولۇپ قېلىشى كىشىنى ئانچە قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ بىرىنچى سەۋەب.

ئىككىنچىدىن، خۇددى جيەن بوچۈەن ئەپەندى تەتقىق قىلىپ

كۆرگەندەك ، تارىم ۋادىسىدىن تېپىلغان قاناتلىق ئادەم سۈرەتلىرى بىلەن خەنزۇلارنىڭ ئەپسانە - رىۋايەتلىرىدە تەسۋىرلىنىپ ، تاڭ دەۋرىگە ئائىت رەسىملەردە ئۆز ئەكسىنى تاپقان پەرىشتىنىڭ ئوبرازى يۈز ، چاچ شەكلى جەھەتتىن تۈپتىن پەرق قىلىدۇ . يەنە مىرەن قەدىمكى شەھىرى خارابىسى ئەتراپىدىن تېپىلغان قاناتلىق ئادەم سۈرىتىنىڭ ئۈچىسىدىكى خۇددى قاپقا ئوخشايدىغان يۇمۇلاق ياقىلىق كۆينەكنى جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان كىيىم - كېچەكلىرى ئارىسىدىن كۆزگە چېلىقتۇرغىلى بولمايدۇ . يەنە كېلىپ «تىتا» دېگەن رەسسام ئىسمىنىڭ غەربىي يۇرتلۇقلارغا خاس يەرلىك ئىسىم ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى .

ئۈچىنچىدىن ، تارىم ۋادىسىدىن تېپىلغان قاناتلىق ئادەم سۈرەتلىرى كۆزلىرىنىڭ چوڭ ، قاڭشارلىق ، بۇدۇر چاچ ، تېرە رەڭگى ، چىراي - شەكلى ۋە بەدەن تۈزۈلۈشى جەھەتتىنلا ئەمەس ، بەلكى پىسخىكا جەھەتتىنمۇ ياۋروپالىقلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئۈيغۇرلارغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدۇ .

يۇقىرىقى پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلايدۇكى ، تارىم ۋادىسىدىن تېپىلغان قاناتلىق ئادەم سۈرەتلىرى خەنزۇلارنىڭ ئەپسانە - رىۋايەتلىرىدە تەسۋىرلىنىپ ، تاڭ سۇلالىسىگە ئائىت رەسىملەردە ئۆز ئەكسىنى تاپقان پەرىشتىنىڭ ئوبرازى ئەمەس ! ئۇنداقتا تارىم ۋادىسىدىن تېپىلغان قاناتلىق ئادەم سۈرەتلىرىدىكى ئوبرازلار ستەيىن ۋە مارشاۋلار ئېيتقاندەك ئېروس ۋە دېۋالارنىڭ ئوبرازىمۇ ؟

## 4

دەرۋەقە ، ئانا دىيارىمىز شىنجاڭ «يىپەك يولى»نىڭ مۇھىم تۈگۈنىگە جايلىشىشتەك ئەۋزەللىكى بىلەن شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغان بىلەن بىر ۋاقىتتا ، غەرب ھەم شەرقنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەسىرىنى دادىللىق

بىلەن قوبۇل قىلغان .

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئىستىلاسىدىن كېيىن يۇنان، رىمنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەسىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا ئېقىپ كىرىپ، پارس، ھىندى مەدەنىيەتلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، شەكلى ھەر خىل، مەزمۇنى مول بولغان ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە يېڭىچە قەندىھار بۇددا مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، تارىم بوستانلىقلىرى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ بۇددا مەدەنىيىتىگە مۇئەييەن دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە .

«ئەجدادلىرىمىز قەدىمكى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ پۈتكۈل خاسىيىتى مۇجەسسەملەشكەن كۈچلۈك مەدەنىيەت رادىئاتسىيىسىنى قەدىمكى يىپەك يولىدىن ئىبارەت بۇ خەلقئارا ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدەك رايون ئەۋزەللىكى ۋە تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك قوبۇل قىلدى . مۇنداقچە ئېيتقاندا، ھەممىگە تەڭ نەزەر تاشلايدىغان كەڭ قورساقلىق پسىخىكىسى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، ھىندىستان، پارس - ئەرەب مەدەنىيەتلىرى بىلەن قەدىمكى يۇنان — رىم مەدەنىيەتلىرىنى ئۆزىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىز ئىچىگە سىڭدۈرۈپ، ئۆزىمىزنىڭ مىللىي خاسلىققا ئىگە مەدەنىيىتى — ئارىلاشما مەدەنىيەتنى شەكىللەندۈردى . ئەجدادلىرىمىز چەتنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشتە ئەلۋەتتە قارىغۇلارچە قوبۇل قىلىش ئاساسىدا ئەمەس، بەلكى يېڭىلاش، قايتا ئىجاد قىلىش ئاساسىدا ئۆگەنگەندى» ①.

«مەسىلەن، كۈسەن تاشكېمىر سەنئىتىدىكى ئاسمان ھادىسىلىرى تەسۋىرلەنگەن سۈرەتلەردىكى ھارۋىدا ئولتۇرغان قۇياش ئىلاھىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇ قەدىمكى گرېك

① ئەھمەتخان ئەھەت : «يېڭى دەۋر ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۈستىدە پسىخىك ئانالىز»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ 1995 - يىللىق 1 - سان، 6 -، 5 - بەتكە قاراڭ .

ئەپسانىلىرىدىن كەلگەن . تۇرگېنىڭ «پېگامىندىكى قىزىلما ھەيكەللەر» ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق يازىدۇ : «قۇياش ئىلاھى ئاپوللو ئۇچىسىغا سىپتا ، ئۇزۇن كۆينەك كىيگەن بولۇپ ، ئۇنىڭ مۇقەددەس ياش ئەزىمەتلەرگە خاس بەدىنى يەكتەك ئاستىدىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ . ئۇ ئۆزىنىڭ ئىككى ئاتلىق ئىلاھى هارۋىسىنى ھەيدەپ ئۇچقاندەك كېتىۋاتاتتى . ئۇ ئىككى ئات ئاپوللوغا ئوخشاشلا تاغ - دەريالارنى لەرزىگە كەلتۈرۈۋەتكۈدەك ھەيۋەتلىك ئىدى» . كۇسەن تام سۈرەتلىرىدىكى قۇياش ئىلاھى گرېك ئەپسانىلىرىدىكى قۇياش ئىلاھى ئاپوللونىڭ ئۆزى بولىسمۇ ، لېكىن بۇنداق قەدىمى گرېك سەنئىتىنى كۇسەن خەلقى قوبۇل قىلىپ ئۆزلەشتۈرگەندىن كېيىن ، ئۆزلىرىنىڭ قۇياش ئىلاھىنى ئىجاد قىلغان . مانا بۇ هارۋىسىلا بار ئېتى يوق ، كېيىن بېرىپ قىزىل قۇياشقا ئايلىنىپ قالغان» . ① دېمەك ، كۇسەن تاشكېمىرلىرىدىكى تام سۈرەتلىرىدە تەسۋىرلەنگەن قۇياش ئىلاھى گرېك ئاپوللو بولماستىن ، بەلكى كۇسەنلىك ئۇيغۇر قۇياش ئىلاھىدۇر .

جيەن بوچۇەن ئەپەندى ئېيتىپ ئۆتكەندەك ، تارىم ۋادىسىدىن تېپىلغان قاناتلىق ئادەم سۈرەتلىرىدىكى ئوبرازلارنىڭ «كۆزلىرىنىڭ چوڭ ، قاڭشارلىق ، جاۋغىيىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى سىزىقلارنىڭ كۆزگە ئېنىق تاشلىنىپ تۇرىدىغان» لىقىدەك ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن «بەئەينى ياۋروپالىقلارغىلا ئوخشايدۇ» غانلىقى تەبىئىي ئەھۋال .

ئەنگلىيىلىك ئانتروپولوگ T. A. Joyce 1903 - يىلىدىن 1928 - يىلىغىچە ئۇچ قېتىم شىنجاڭ ، شىزاڭ قاتارلىق جايلاردا ئانتروپولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ ، ئۇچ قېتىملىق تەتقىقات نەتىجىلىرىنى يىغىنچاقلاپ مۇنداق تۇرلەرگە ئايرىغان :

---

① جۇيىڭرۇڭ : «كۇسەن تام رەسىملىرىدىن تەرمىلەر» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرى 1986- يىللىق 2- سانىنىڭ 118- ، 119- بەتلەرگە قارالسۇن .

(1) ياۋروپا ئىرقىنىڭ پامىر ـ پەرغانە تىپى (ئوتتۇرا ئاسىيا ئىككى دەريا تىپى)؛ (2) ياۋروپا ئىرقىنىڭ تۇرك تىپى (جەنۇبىي سىبىرىيە ياكى تۇرك تىپى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)؛ (3) ھىندى ـ ئافغان تىپى؛ (4) موڭغۇلىيە تىپى؛ (5) شىزاڭ تىپىدىن ئىبارەت.

رۇس ئانتور پولوگىچىبوكسالوۋ 1982 ـ يىلى موسكۋا پەن نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «جۇڭگودىكى مىللەتلەر ئىنسانشۇناسلىقى» ناملىق ئەسەردە، T. A. Joyce نىڭ يۇقىرىقى ئىنسانشۇناسلىق دوكلاتىنى ئاساس قىلىپ، بۇ رايونلاردىكى (تارىمدىكى) ئاھالىلەرنىڭ ئىنسانشۇناسلىق ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن قايسى تىپقا تەۋەلىكى توغرىسىدا ئانالىز يۈرگۈزۈپ، ئۇلارنىڭ تېرىسىنىڭ ئاق، قاڭشارلىق، كۆزلىرىنىڭ چوڭ بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن T. A. Joyce كۆرسەتكەن «ياۋروپا ئىرقىنىڭ تۇرك تىپى» غا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە بۇ تىپقا ئاقسۇ، كەلپىن، قۇمۇل، تۇرپان، كورلا قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەۋە ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن.①

ياپونىيە ئالىمى زوكوتونىڭ قارىشى بويىچە ئۇيغۇرلارنى ئىرقىي تىپ جەھەتتىن «قاڭشارلىق، ياڭاق سۆڭىكى ئېگىز، كۆزلىرى يوغان...»② بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ياۋروپا ئىرقىنىڭ ھۇن — ئالپىنوسلار تىپىغا كىرىدىغان «لوپنۇر تۈركلىرى» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى بىلەن بىر ئىرق ۋە بىر مەنبەگە تەۋە دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ.③

دېمەك، تارىم ۋادىسىدىن تېپىلغان قاناتلىق ئادەم سۈرەتلىرىدىكى ئوبرازلار «قاڭشارلىق، كۆزلىرىنىڭ چوڭ، ياڭاق سۆڭىكى كەڭ، جاۋغىيىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى سىزىقلار كۆزگە

① ② ③ ئۆمەرجان ئىمىن: «مەدەنىيەت تەتقىقاتىدىكى بىر تامچە»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرى، 1996 ـ يىللىق 1 ـ سان، 30 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.

ئېنىق تاشلىنىپ تۇرۇش» دەك ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن «بەئەينى ياۋروپالىقلارغىلا ئوخشايدۇ» لا ئەمەس ، بەلكى دەل شۇ ياۋروپا ئىرقىغا مەنسۇپ تارىم ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەينەن ئۆزىدۇر .

قەدىمكى يۇنان ئەپسانىلىرىگە ئاساسلانغاندا قاراڭغۇ زۇلمەتتىن نۇرغۇن قىزلار پەيدا بولغانىمىش ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن پەيدا بولغىنىنىڭ ئىسمى ئېروس بولۇپ ، ئۇ مۇھەببەت ئىلاھى ئىمىش . بۇددا قىسىملىرىغا ئاساسلانغاندا دىۋا «مۇقەددەس تەڭرى» دېگەنلىك بولۇپ ، قەدىمكى ھىندىستاندىكى ماھايانا مەزھىپىنىڭ داڭدار ۋەكىلى ، ناگارجۇنانىڭ مۇرتى ئىمىش . كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى ، مەيلى ئېروس ياكى دىۋالار بولسۇن ھەر ئىككىلىسى كۆكتە پەرۋاز قىلىپ ئۇچالايدىغان ، ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردە تەسۋىرلەنگەن مەۋھۇم ئىلاھى ئوبرازلاردۇر .

بۇنداق كۆكتە پەرۋاز قىلىپ ئۇچالايدىغان ئىلاھى خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئوبرازلار ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ . مەسىلەن ، ئوڭ قولىنى تولغاپ قويسا كۆكتە پەرۋاز قىلىپ ئۇچىدىغان ، سول قولىنى تولغاپ قويسا يەرگە قونىدىغان ياغاچ ئات ، ئادەملەرنىڭ كۆك كەپتەر ۋە باشقا ئۇچار قۇشلارغا ئايلىنىپ كۆكتە پەرۋاز قىلىشى . . . دېگەندەك . ئۇنىڭ ئۈستىگە «كىيىملىرىنى يەلپۈندۈرۈپ كۆكتە پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇۋاتقان نەغمىچىلەرنىڭ رەسىملىرى كۇسەن تام سۈرەتلىرىدىمۇ ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ .»

دېمەك ، «كۆكتە پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇش» دىن ئىبارەت بۇ غايىۋى يۈكسەكلىكنى ئۇيغۇر خەلقى بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرى چۆچەك ، رىۋايەتلەردە ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماي ، بەلكى مىلادىيىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىن باشلاپلا يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت ئارقىلىق ئۇنى بۇددىزم مەدەنىيىتى بىلەن يۇغۇرۇپ ، ئوبرازلاشتۇرۇپ سىزىشقا باشلىغان .

كۇچا سۇ بېشى بۇددا خارابىسىدىن تېپىلغان جەسەت كۆلى

قۇتىسىغا قاناتلىق ئادەم ئوبرازى بىلەن بىرگە ، يەنە قويۇق يەرلىك پۇراققا ئىگە بەرباپ ، غۇڭقا قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ ئوبرازىمۇ ناھايىتى جانلىق قىلىپ سىزىلغان . بۇ چالغۇ ئەسۋابلىرى ئەينى ۋاقىتتا كۇسەن ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقانىدى .

ئامېرىكىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا شۇناس گرۇسسې ئەپەندى ئۆزىنىڭ «بوزقىر ئىمپېرىيىلىرى» ناملىق ئەسىرىدە : «ئۇيغۇر مەدەنىيەت سىستېمىسى چەت ئەللەرگە تەقلىد قىلىنغان نوقۇل مەدەنىيەت سىستېمىسى بولماستىن ، بەلكى شۇ زېمىندا يارىتىلغان يېڭىچە مەدەنىيەت سىستېمىسى ئىدى» دەپ يازغانىدى .

يۇقىرىقى پاكىتلاردىن شۇنداق ھۆكۈم چىقىرىشقا ھەقلىقمىزكى ، تارىم ۋادىسىدىن تېپىلغان قاناتلىق ئادەم سۈرەتلىرىنى يۇنان ، رىم مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدىن شەكىللەنگەن قەندىھار بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمىغان تەقدىردىمۇ ، ئۇ يۇنان ، رىم ، ھىندى ئەپسانىلىرىدىكى ئىلاھ ئوبرازلارنىڭ ئەينەن ئۆزى ئەمەس ، بەلكى ئۇ نەچچە ئەسىرلەردىن بۇيان تارىم بوستانلىقلىرىدا ياشاپ ، ئۆزىگە خاس تارىم مەدەنىيەت قاتلىمىنى ياراتقان تارىم ئۇيغۇرلىرىنىڭ غايىۋىلەشكەن ئوبرازىنىڭ يارقىن سىماسىدىنلا ئىبارەت ، خالاس !

## 5

ئالاھەزەل پار ماشىنىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى بىلەن دېڭىز يوللىرىنىڭ ئېچىلىپ ، دۇنيا ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا تېپىلغۇسىز رول ئويناپ كەلگەن «يىپەك يولى» نىڭ كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن زور يوقىتىش بولدى . نەتىجىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى كۈندىن كۈنگە چېكىنىپ ، بېكىنمىچىلىك ئىچىگە بەنت بولۇپ كەتتى . ئەسىرلەردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن

بېكىنمىچىلىك، ئەڭ مۇھىمى ياتلارنىڭ «نادانلىقتا قالدۇرۇش، ئۆز ئىچىدە مەزھەپ كۈرىشى تۇغدۇرۇپ، ئۆز گۆشىنى ئۆز يېغىدا قورۇش؛ نامراتلىقتا قالدۇرۇپ، كاللىسىغا قورساق بېقىشتىن باشقا خىيالنى يېقىن يولاتماسلىق؛ ئىجتىمائىي، سىياسىي كۆرەشلەرنى ئۇدا بوشاشتۇرماي ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق يۈرىكىنى مۇجۇپ، كاللىسىنى قايمۇقتۇرۇش» . . . دەك «روھىنى ئۆلتۈرۈش» دىن ئىبارەت يوشۇرۇن ۋاستىلەر ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ تېنىنى روھىيىتىدىن مەھرۇم قىلىپ، چىڭگىز ئايتماتوپنىڭ «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن» رومانىدىكى «ماڭقۇرت» ھالىتىگە كەلتۈرۈپ قويدى. بۇ ھال باشقىلارنى ئۇيغۇرلار نەچچە ئەسىرلەردىن بۇيان ماكان تۇتۇپ ياشاپ كېلىۋاتقان تارىم ۋادىسىدىن ئىبارەت بۇ خاسىيەتلىك زېمىن ئۆز باغرىدا ساقلاپ بېرىۋاتقان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمىزنى ئۇيغۇر ئەجدادىنىڭ يارىتالىغانلىقىغا ئىشەنمەس قىلىۋەتتى.

ئۆز تارىخىدىن، ئۆز ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكىدىن بىخەۋەر ھالەتتە ياشاۋاتقان بىزگە ئوخشاش «ماڭقۇرت» لار، ئاشۇ خىل ئىشەنمەسلىكلەرگە نومۇسسىزلارچە يول قويىۋەرگەن بولغاچقا، ئاخىرقى ھېسابتا بىھېساب بايلىقلىرىمىزغىلا ئەمەس، ھەتتا ئۆز تارىخىمىزغا، ئۆز مەنىۋى بايلىقىمىزغىمۇ ئىگە بولالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالدۇق. مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولساق ئەڭ ئاخىر ئۆز ـ ئۆزىمىزگىمۇ ئىگە بولالماي ئىنسانىيەت تارىخ بېتىدىن ئۈن ـ تىنسىز غايىب بولۇشىمىز تۇرغانلا گەپ. چۈنكى ئۆز تارىخىغا، ئۆزىنىڭ مىللىي روھىغا، ئۆز مەنىۋى بايلىقلىرىغا ئىگە بولالمىغان مىللەت ھامان بىر كۈنى ھالاك بولماي قالمايدۇ.

تارىم ۋادىسىدىن تېپىلغان قاناتلىق ئادەم سۈرەتلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتلاردا چەت ئەل ئىلىم نوپۇزلىرىنىڭ ھېچ ئىككىلەنمەيلا ئۇنى يۇنان ـ رىم مەدەنىيىتىنىڭ بىۋاسىتە مەھسۇلى

دىيىشى ، جۇڭگو ئالىملىرىنىڭ ئۇنى خەنزۇ ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىدىكى پەرىشتىگە تەققلىشى ؛ «قاڭشارلىق ، كۆزلىرى چوڭ ، جاۋغىيىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى سىزىقلار كۆزگە ئېنىق تاشلىنىپ تۇرىدىغان» بۇ ئوبرازلارنى خەنزۇلارنىڭ ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىدىكى ياپما قاپاق ، پىستە كۆز ، پاناق بۇرۇن ئوبرازلار (بۇ بىر پاكىت ، 4 ـ رەسىمدىمۇ شۇنداقراق تەسۋىرلەنگەن ) گە ئوخشىتىش مۇمكىن بولمىغانلىقى ، ئۇنىڭ ئۇستىگە مىرەن قەدىمي شەھىرى خارابىسى ئەتراپىدىن تېپىلغان قاناتلىق ئادەم سۇرئىتىنىڭ ئۇچىسىدىكى قاپقا ئوخشايدىغان يۇمۇلاق ياقىلىق كىيىمنى شۇنچە ئىزدەپمۇ جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان كىيىم ـ كېچەكلىرى ئارىسىدىن ئۇچرىتىش مۇمكىن بولمىغانلىقى ، يەنە كېلىپ بۇ ئوبرازلار «بەئەينى ياۋروپالىقلارغىلا ئوخشايدىغانلىقى» سەۋەبلىك ، مۇشۇ قاناتلىق ئادەم سۇرەتلىرى تېپىلغان زېمىندا سۇرەتتىكى ئوبرازلارغا ئوخشاش «كۆزلىرى چوڭ ، قاڭشارلىق ، جاۋغىيىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى سىزىقلار كۆزگە ئېنىق تاشلىنىپ تۇرىدىغان ، بەئەينى ياۋروپالىقلارغىلا ئوخشايدىغان» بىرەر مىللەت ياشىغانمۇ ؟ ياشاۋاتامدۇ ـ يوق ؟ ئۇلارنىڭ ئەجدادىنىڭ مۇشۇنداق نادىر بۇددا سىزمىلىرىنى رۇيابقا چىقىرالىشى ئېھتىمالغا يېقىنمۇ ـ يوق ؟ دېگەنلەرنى خىيالىغا كەلتۇرۇپمۇ قويماي ، ئۇنى بىراقلا «سىرتتىن كىرگەن مەدەنىيەت ھادىسىسى» دەپ يەكۇن چىقىرىشىنىڭ ئۆزىلا بىزنىڭ تارىخىمىزنىڭ ، مەدەنىي مىراسلىرىمىزنىڭ ، مىللىي روھىمىزنىڭ ، مەنىۋى بايلىقلىرىمىزنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشتىن يىراقتا قېلىپ ئۆزىمىزنىڭمۇ بارغانسېرى تارىخنىڭ سىرتىغا چىقىرىلىپ قېلىۋاتقانلىقىمىزنىڭ جانلىق پاكىتى بولماي نېمە ؟

گەپ تېخى بۇنىڭلىق بىلەن تۈگىگىنى يوق . يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ، بىر قىسىم چەت ئەل ۋە جۇڭگو ئالىملىرى ئەجدادىمىز ياراتقان بۈيۈك تارىم مەدەنىيىتى ھەققىدە ھەر خىل قىياسلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى :

ياپونىيە ئالىمى سوڭ تيەنشونەن قاتارلىقلار : «تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستان مەدەنىيىتى تەبىئىيكى ئىران مەدەنىيىتىدۇر ، يىغىپ ئېيتقاندا ئىران مەدەنىيىتى ئاساسىدا كۆكلىگەن ھىندىستان مەدەنىيىتىدۇر» ، «ئاتالمىش غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى ، . . . ئىران ۋە ھىندىستان مەدەنىيىتىنىڭ ئارىلاشمىسىدىنلا ئىبارەت خالاس» ① دېدى . Grousset : «تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدا ئېقىپ يۇرگىنى ھىندىستان ، ئىران مەدەنىيىتىدۇر» ② دېدى .

گېرمانىيىلىك لېكوك ئەپەندى : « Ⅳ ۋە Ⅴ ئەسىرلەردە ياشىغان كۇچا ئاھالىلىرىنى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەم ساسىيانلار دەۋرىدىكى پارس مەدەنىيىتىنى قوللانغان مىللەت دەپ قىياس قىلىش كېرەك» ③ دېدى . جۇڭگولۇق بەزى ئالىملارمۇ : «خەن سۇلالىسىدىن تارتىپلا كۇسەن مەدەنىيىتى ھىندىستان مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن ، كۇسەن دۆلىتىنىڭ مۇقىم مەدەنىيىتى يوق ئىدى» ④ دېيىشتى ۋاھاكازالار .

## 6

يۇقىرىدا دېيىلگەن جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ بىزدىن تېپىلغان قاناتلىق ئادەم سۈرەتلىرى ھەققىدىكى ھەر خىل قىياسلىرىنىڭ ئۇيغۇر تارىخى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ھەققىدە ئاز ـ تولا خەۋىرى بارلىكى ھەرقانداق بىر ئۇيغۇر ئەھلىنى قايىل قىلماقتا يوق ، ئۇلارنىڭ ئوغىسىنى قايىنتىمۇۋېتىشى تۇرغانلا گەپ .

① ياپونىيىلىك سوڭ تيەن شونەن ، چاڭ زېجۇنلەرنىڭ «تارىم ئويمانلىقىدىكى دۆلەتلەر» ناملىق كىتابىنىڭ ياپونچە نۇسخىسى بولغان «دۇنيا ئارخېئولوگىيە سىستېمىسى» نىڭ 9 ـ جىلدىغا ئاساسەن گېڭ شىمىن ، مىڭ فەنزىلەر تەرجىمە قىلغان «ئارخېئولوگىيە پايدىلىنىش ماتېرىيالى» نىڭ 3 ـ ، 4 ـ سانلىرىغا قارالسۇن .

② فېڭ چېڭگۇ تەرجىمە قىلغان «غەربىي دىيار ئارخېئولوگىيە خاتىرىسىدىن تەرمىلەر» خۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى ، 1957 ـ يىللى خەنزۇچە نەشرى ، 82 ـ بەتكە قاراڭ .

③ لېكوكنىڭ «تۇرپان ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى» دىكى مۇھىم مەزمۇنلارغا ئاساسەن تەرجىمە قىلىنغان «غەربىي دىيار ئارخېئولوگىيە خاتىرىسىدىن تەرمىلەر» نىڭ 85 ـ بېتىگە قارالسۇن .

④ گېڭ شىمىن : «تاڭ دەۋرىدىكى چاڭئەن ۋە غەربىي دىيار مەدەنىيىتى» ئۈچ بىرلەشمە كىتاب ئىدارىسى 1979 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى ، 258 ـ بەتكە قارالسۇن .

مېنىڭچە شۇلارنىڭ كۆزقارىشىغا رەددىيە بېرىشتىن ئاۋۋال «ئاشۇ ئىلىم ئەھلىلىرى نېمە ئۈچۈن ئەجدادىمىز يارىتقان پولاتتەك تەۋرەنمەس مەدەنىيەت پاكىتلىرى ئالدىدا تۇرۇپمۇ قىلچە ھېيىقماستىن ئۇنى ئىنكار قىلىش تەرەپدارى بولالىدى؟» دېگەن سوئالنى ئۆزىمىزگە قويۇپ، ئۇنىڭغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب تاپالىساقلا كۇپايە.

يېقىندا بىر مۆتىۋەرنىڭ ئاغزىدىن مۇنداق بىر قىسسىنى ئاڭلىدىم: ئالاھازەل قايسى دەۋر ئىكەنلىكى نامەلۇم. ئىش قىلىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە مەلۇم بىر خاندانلىق ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان دەۋردە پادىشاھ ئۆزىگە قارام بولۇپ كېلىۋاتقان غەربىي دىيارنىڭ مەلۇم بىر ئايمىقىغا ئۆز ئوردىسىدىكى بىر قارا خىزمەتچىنى ئەمەلدار قىلىپ تەيىنلەپتۇ. بۇ قارا خىزمەتچى ئەسلىدە بىر ئوردا تارىخچىسىنىڭ شىرەم تۇغقىنى بولۇپ، كىچىكىدە تاغىسىدىن غەربىي دىياردىكى ھۇنلارنىڭ ۋەھشىيلىكى، باتۇرلۇقى ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ كارامەت تەرىپىنى ئاڭلىغان بولغاچقا، بىر تۇرۇپ ئۇ يەرگە بارسا ئۆزىگە زىيان ـ زەخمەت يېتىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپتۇ، يەنە بىر تۇرۇپ ئۇ يەرگە بارمىسا ئەمەلدىن ۋە ھەددى ـ ھېسابسىز مال ـ دۇنيادىن قۇرۇق قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ تىت ـ تىت بوپتۇ. ئۇ ئاخىر «زىخمۇ كۆيمەيدىغان كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان» بىر چارىنى ئويلاپ تېپىپتۇ ـ دە، ئۆزىگە خىللانغان نۇرغۇن چېرىكنى ھەمراھ قىلىپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ.

ئۇلار نەچچە ئايلاپ يول يۈرۈپ ئاخىر ئايغىر بۇلاقنىڭ تاغلىرى ئىچىدە كېتىۋاتقىنىدا نۇرغۇن ئات ـ ئۇلاغ، ھارۋىلارغا ھەددى ـ ھېسابسىز مال ـ مۈلۈكلەرنى بېسىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە قاراپ كېتىۋاتقان بىر قېرى خەنزۇ دوتەي بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. قېرى دوتەي ياش ئەمەلداردىن شۇنچە نۇرغۇن چېرىك بىلەن نەگە ئۇرۇشقا كېتىۋاتقانلىقىنى سورىغىنىدا ياش ئەمەلدار ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرىپتىكەن، قېرى دوتەي قاقاقلاپ كۈلۈپ

كېتىپ :

— بىھاجەت ، بىھاجەت . سەن تارىخىي كىتابلاردىن نامىنى ئاڭلىغان ئۇ مىللەتنىڭ سەلتەنەتى ، جاسارىتى كەلمەسكە كەتكەن . بېكىنمىچىلىك ، خۇراپاتلىق ، نادانلىق پاتقىقىغا بوينىغىچە پېتىپ كەتكەن ؛ نامراتلىق دەستىدىن ئەتىدىن - كەچكىچە قورساق غېمىدە يۈرگەن بىر مىللەتتە قانداقمۇ ئۈيۈشۈش كۈچى ، قارشىلىق كۈچى بولسۇن دەيسەن . بۇنچە كۆپ چېرىك بىلەن ئەمەل تۈتـــمەن دېيىشىڭنىڭ ئۆزى ھاماقەتلىك . ساڭا كېلىدىغان باش ئاغرىقى ئۇ نادان خەقتىن ئەمەس ، سەن ئېلىپ ماڭغان مۇشۇ چېرىكلەردىن كەلمىسە چوڭ گەپ . سەندە ماۋۇ بىلەن مۇشۇ بولسىلا ماڭا ئوخشاش خاتىرجەم دەۋر سۈرۈپ تېزلا تىقىلىپ كېتىسەن ، — دەپتۇ قېرى دوتەي باش بارمىقى بىلەن بىگىز بارمىقىنى چىقىرىپ تۇرۇپ .

— بۇ نېمىدېگەنلـــرى ، — دەپ سوراپتۇ ياش ئەمەلدار چۈشەنمەي .

— بارغاندا بىلىپ قالىسەن ، ئۇ خەقنىڭ نامراتلىرى قورساق غېمىدە . ھال - كۈنى ئاز - تولا ياخشىلىرى ھوقۇق غېمىدە ؛ نامراتلارغا بىگىز بارمىقىڭنى ئىشلىتىپ ھەيۋە كۆرسىتـــسەن . ھوقۇق غېمىدە يۈرگەنلەرگە باش بارمىقىڭنى ئايىماي ئىشلىتىپ ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىچىككىنە ھوقۇقتىن بىرەرنـــى تاشلاپ بەرسەڭ خۇددى سۆڭەك تالاشقان غالجىر ئىتتەك بىر - بىرىدىن ھوقۇق تالىشىپ ، ھوقۇق تەمەسىدە ئۈيۈڭنـــى مال - دۇنياغا كۆمۈۋېتىدۇ ، — دەپتۇ قېرى دوتەي .

شۇنـــىڭ بىـــــلەن ياش ئەمەلدار ئۆزى ئېلىـــــپ كەلگەن چېرىكلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۇدەك قايتۇرۇۋېتىپ ، ئىككى توك - توك ئادىمى بىلەن قارارگاھىغا يېتىپ بېرىپ راست دېگەندەكلا ئىككى بارمىقىغا تايىنىپ تېزلا بېيىپ كېتىپتۇ .

1994 - يىلى 3 - ئاينىڭ بېشىدا بىر تاسادىپىي پۇرسەتتە باي ناھىيىسىدىكى قىزىل مىڭئۆيگە كوماندىروپكىغا چىقىـــپ

قالغىنىمدىن ئۆزۈمنى تولىمۇ بەختلىك ھېس قىلدىم. ئىشىمنى تۈگىتىپ بولۇپ چەكلىك ۋاقىت ئىچىدە بىر توپ ساياھەتچىلەرگە قوشۇلۇپ بىرنەچچە كېمىرنى كۆرۈۋېلىشقا مۇۋەپپەت بولالىدىم. بىراق، بىزگە يول باشلاپ، تام سۈرەتلىرىدىكى مەزمۇنلارنى چۈشەندۈرۈۋاتقان، شۇ يەرنىڭ مەخسۇس خىزمەتچىسى بولغان خەنزۇ يىگىت مېنى قايىل قىلالماقتا - يوق، بەكلا ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويدى. ئۇ ئۆزىچە تام سۈرەتلىرىدىكى پېرسوناژلارنىڭ بەزىلىرىگە خەنزۇچە ئىسىم قويۇۋاپتۇ. ئۇنىڭدىن ئوقۇش تارىخىنى سورىۋىدىم ئاران ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلىكىنى ئېيتتى.

شۇ چاغدا بۇ يەرگە ساياھەتكە كېلىدىغان ساياھەتچىلەرگە قۇلايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن سېلىنىۋاتقان مېھمانخانا قۇرۇلۇشى تېخى يېڭىلا باشلىنىۋاتقانىكەن. شۇ يەردە قۇرۇلۇش قىلىۋاتقان بىر خەلق ئىشچىسىدىن بۇ مىڭئۆيلەرنى كىمنىڭ بەرپا قىلغانلىقىنى ئەتەي سوراپ بېقىۋىدىم، ئۇ ھەر ھالدا مېنى جاۋابسىز قويمىدى. ئۇ تۇگەي دەپ قالغان تاماكىسىنى قاتتىق شورىۋەتكەندىن كېيىن:

— مەن بۇنداق مىڭئۆيلەرنى ئىچكىرىدىمۇ كۆرگەن. قارىسام ئۇنىڭدىكى رەسىملەر بىر - بىرىگە ئوخشايدىكەن. تېخى ماۋۇ مىڭئۆيلەردە خەنزۇچە خەتلەر باركەن. ئىچكىرىدىن كەلگەن خەنزۇلار سىزىپ بەرگەن گەپ، خۇددى بىز ئىچكىرىدىن چىقىپ مۇشۇ يەرگە ئۆي سېلىۋاتقاندەك، — دېدى ئاراچە چىشلىرىدىن تۈكرۈكلىرىنى چاچرىتىپ تۇرۇپ.

شۇ چاغدا بېيجىڭدىكى مەلۇم بىر نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپنىڭ بىرنەچچە ياش ئاسپىرانتى بۇ يەرگە كېلىپ مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقانىكەن. ئالىي مەكتەپنىڭ مەخسۇس كەسپلىرىدە ئوقۇغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى بۇ يەرگە خىزمەتكە تەقسىم قىلسا ياكى تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئەۋەتسە كەلمەسلىكى مۇمكىن دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. چۈنكى بۇ يەر شۇ شەھەردىن يىراق

چۆل ـ جەزىرىگە جايلاشقانىدى .

بىزنى مۇشۇ يەرگىچە ئۇزىتىپ ئەكەپ قويغان باي ناھىيىسىدىكى مەلۇم بىر ئىدارىنىڭ ئۇيغۇر شوپۇرىنىڭ قېشىغا كەلدىمدە ئۇنىڭ بىلەن مىڭئۆي توغرىلىق سۆھبەتكە چۈشتۇم . ئۇ مۇنداق دېدى :

— بۇرۇن بىزنىڭ بىر ئۆيلۈك شىرەم تۇغقىنىمىز مۇشۇ يەردە مىڭئۆيلەرگە قارىغاچ تېرىقچىلىق قىلاتتى . شۇ چاغلاردا بىز بىر توپ بالىلار دائىم بۇ يەرگە كېلىپ ، ئۆڭكۈرلەردە «ھەربىي ـ دۈشمەن» ئويۇنى ئويناپتتۇق . ئەمدىلىكتە ئويلاپ باقسام بۇ قالماقنىڭ نەرسىلىرىنىڭ ھېچبىر ئاززۇلىغۇچىلىكى يوقكەن . بىراق ، سېرىق چاچلىق ئورۇسلار (چەت ئەللىكلەرنى دېمەكچى ) شۇنچە ئۇزۇن يول يۈرۈپ ئاتايىن مۇشۇ رەسىملەرنى كۆرگىلى كېلىدىكەن ئادەمنىڭ كۈلكىسىنى كەلتۈرۈپ . . .

ئۇ يەنە ئاللىنېمىلەرنى دېدى . بىراق ، ئۇنىڭ كېيىنكى گەپلىرى قۇلىقىمغا زادىلا كىرمىدى . مىڭئۆيلەر بىلەن ئۆكۈنۈش ئىچىدە كۆزۈم قىيمىغان ھالدا خوشلاشتىم . يول بويى ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن مۇنداق ئىككى ئىش ئېسىمدىن كەچتى :

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ھازىرقى مۇئاۋىن رەئىسى ، شائىر ئىمىن ئەھمىدى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىدە ئىشلەۋەتقان كۈنلىرىنىڭ بىرىدە بېيجىڭدە ئېچىلىدىغان تۈركىي تىللار ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ تەكلىپنامىسىنى تاپشۇرۇۋالىدۇ . ئۇ رۇخسەت ئېلىش ئۈچۈن قائىدە بويىچە تەكلىپنامىنى كۆتۈرۈپ شۇ چاغدىكى ئۇيغۇر ۋالىينىڭ قېشىغا كىرگەندە ، ۋالىي چۆچۈپ كېتىپ :

— سىزمۇ تۈرك تىلى بىلەمسىز ؟ — دەپ سورايدۇ . دېمەك ، بىر مىليون 800 مىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ، پۈتۈن بىر ۋىلايەتنىڭ ھوقۇقىنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان ۋالىي ئۆز ئاغزىدىن چىقىۋاتقان ئاشۇ سۆزنىڭ تۈرك تىلىنىڭ مۇھىم بىر

تارىمنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن .

«ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» نىڭ قايسىدۇر بىر سانىدا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت ئوچاقلىرىنىڭ بىرى بولغان ، ئۆز باغرىدا ھېلىمۇ مىللىتىمىزنىڭ ئەڭ نادىر مەدەنىيەت دۇردانىلىرىنى ساقلاپ بېرىۋاتقان تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ بىر ۋالىيسى قورقماي تۇرۇپ : «ئاسارئەتىقە دېگەن نېمە ئۇ ؟ يەيدىغان نەرسىما ؟» دەپ سورىغان .

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى بىزدە مىللىي روھ ، مىللىي ئاڭ بەكمۇ سۇس ؛ ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەتلىرىمىز ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىمىز بەكمۇ يۇزە . ھەتتا بىز ئەجدادلىرىمىز ياراتقان ئاشۇ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىمىزدىن ياتلىشىپ كەتكەن . دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە مەدەنىيەت سىستېمىلىرىنى يارىتالىغان ئىجادكار ئەجدادلىرىمىز بىلەن مىللىي روھتىن مەھرۇم قالغان بىز ئەۋلادلار ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇق كېڭىيىپ شۇ دەرىجىگە بارغانكى ، جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرى بىزنىڭ ھازىرقى ھالىتىمىزگە قاراپلا ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىختىكى مەدەنىيەت ئۆگەتكۈچىلەردىن ئىكەنلىكىگە گۇمانلىنىپ ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىز ھەققىدە يۇقىرىقىدەك گۇمانىي تەسەۋۋۇرلارنى ھېيىقماستىن ئوتتۇرىغا قويالىغان . دەرۋەقە ئەۋلادلارنىڭ ئىدىيىۋى روھىي ھالىتى ۋە مەدەنىيەت ساپاسىغا قاراپلا ئۇلارنىڭ ئەجدادى ئۇستىدە ھۆكۈم چىقىرىشنىڭ ئۆزى بىر تەرەپلىمىلىك . ئەمما ئۇنىڭدىكى باغلىنىش ، سەۋەب ـ نەتىجىنىڭ مۇناسىۋىتىنىمۇ چەتكە قاققىلى بولمايدۇ . بىرەر ئادەمنىڭ بالا ۋاقىتلىرىنىڭ ساپاسىغا قاراپ ئۇلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن ئاتا ـ ئانىلىرى ئۇستىدە ئاز ـ تولا ھېسسىي چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولغىلى بولغاندەك ، ئەۋلادلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئەجدادلارنىڭ سىياسىنى ئاز ـ تولا قىياس قىلغىلى بولىدۇ .

دېمەك ، جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئەجدادىمىز

ياراتقان بۈيۈك تارىم مەدەنىيىتى ھەققىدە يۇقىرىقىدەك ناتوغرا قىياسلارغا كېلىپ قېلىشىغا بىزنىڭ ئۆۋەتتىكى «ماڭقۇرت» لارچە ياشاش روھىي ھالىتىمىز سەۋەب بولغان. ئەۋلادلارغا نىسبەتەن ئەجدادلىرى شەنىگە داغ چۈشۈرۈپ قويۇشتىنمۇ ئارتۇق ئازابلىق ئىش بولمىسا كېرەك بۇ دۇنيادا.

## 7

دەرۋەقە بىزدە مەدەنىيەت جەھەتتە ئاجايىپ سەلتەنەتلىك دەۋر سۈرگەن چاغلارمۇ بولغان. بۇ ھەقتە مەرھۇم ئالىمىمىز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى قەلىمىنى قولىغا ئېلىپ سۈكۈت ئىچىدە چوڭقۇر ئويلىنىش ئارقىلىق تۆۋەندىكىلەرنى يازغان:

«نېمە ئۈچۈن غەربىي دىياردىن شەرققە كۆماراجىۋا، پىرخۇيلان، سوجۇپ قاتارلىق پەن ۋە سەنئەت ساھەسىدىكى مەشھۇر شەخسلەر، يۈەن سۇلالىسى زامانىسىدىكى خەيلىن ئاكادېمىيىسىنىڭ غوللۇق ئەزالىرى ھېسابلانغان مەشھۇر ئالىملار بېرىپ، بۇ جايلاردا تارىخىي ئەھمىيەتلىك ئىلمىي، بەدىئىي ئىشلارنى قىلالىدى؟ نېمە ئۈچۈن غەربىي دىياردىن غەربكە ئەل خارازىمى، ئەل فەرغانى، ئەل فارابى، ئىبنىسىنا، مەھمۇد قەشقەرى، جالالىدىن رۇمى قاتارلىق ئالىملار بېرىپ، ئۇ جايلاردا ئىلىم مەشئەلچىلىرى بولۇپ قالالىدى؟ نېمە ئۈچۈن غەربىي دىياردىن چىققان ئەن لۇشەن، ئاشناشىر ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى گېنېرال — ئادمىراللار شەرقتە، تولۇنغان، ئىچىشد سۇلتان قاتارلىق سەركەردىلەر غەربتە مىسلىسىز ھەربىي ھەرىكەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلالىدى؟ نېمە ئۈچۈن مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» غا سىزىپ كىرگۈزگەن خەرىتىسىدە باغدادنى ياكى مەككە ـ مەدىنەنى ئەمەس، بەلكى بالاساغۇن، قەشقەرنى زېمىن سەتھىسىنىڭ مەركىزى قىلىپ

سىزدى ۋە تۈركىي تىلىنى ئۆگىنىشنى پەيغەمبەر تەۋسىيە قىلمىغانمۇ؟ مۇھىم ئورۇنغا قويدى؟ نېمە ئۈچۈن غەربىي دىياردىن ئېۋرىپىدىس تراگېدىيىلىرى، «ئالۇب»، «ۋاكىفە قىزلىرى»، «ئاكىس» درامىلىرىنىڭ سەھنە كۆرۈنۈشلىرى تەسۋىرى، ئىزوپ مەسەللىرى، قەدىمكى بىراخما يېزىقى، «شۆەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، كوڭ فۇزىنىڭ «مۇھاكىمە ۋە بايان ناملىق ئەسىرىنىڭ ئەڭ كونا ھېسابلانغان كۆچۈرمە نۇسخىلىرى ۋە مانىي سىزمىلىرى تېپىلدى؟ ئۆز يۇرتىدا كوپىيىسى بولمىغان بۇ مەدەنىيەت ئەۋرىشكىلىرىنىڭ بۇ يەردىن تېپىلىشى تاسادىپىيلىقمۇ؟» ①

ئالىمىمىز ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن سوئال قويۇش بىلەن تەسۋىرلىگەن بايانلىرى ئالدىدا يۇرتىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخى جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى يەنە قايتا ئەزۋەيلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك ئەتىمالىم. چۈنكى بۇ تارىختىكى مەدەنىيەت ئۈستۈنلۈكىمىزنىڭ ئەڭ ئىخچام يىغىنچاقلىنىشىدۇر، ئەلۋەتتە.

ئەمدىلىكتە كۆز ئالدىمىزدىكى مۇنۇ ئۈچ خىل پاكىتقا قاراپ باقايلى:

## 1. كەلپىندە باشلانغان مەھسۇلات ئاشۇرۇش دورىسى تەتقىقاتىنىڭ بېيجىڭدا مېۋە بېرىشى

1995 - يىلى 8 - ئايدا شۋېتسىيىدە ئېچىلغان خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىپ قايتىپ كەلگەن K ئەپەندى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە دادىسىنىڭ تەركىبى ياخشى بولمىغانلىقتىن ئۈچ قېتىم ئالىي مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قېلىپ، يېزىدا قايتا تەربىيە ئېلىپ يۈرگەن مەزگىلىدە قارا كۆچكە تايىنىپلا ئىنتايىن جاپالىق مەشغۇلات ئېلىپ

① ئىسلامجان شېرىپ: «تالانتنىڭ ئومۇملىقى»، «شىنجاڭ كۆتۈپخانىچىلىقى» ژۇرنىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 1994 - يىللىق 1 -، 2 - قوشما سانى، 74 - بەتكە قارالسۇن.

بارىدىغان ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا ئىچى ئاغرىپ ، بوش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ بىر سىيالكا لايىھىلەپ ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارغا ئىلتىماس سۇنۇپ ، ئۆزى لايىھىلىگەن سىيالكىنىڭ ئەمەلىي ئىشلىتىلىشىنى قوللاشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ ئىلتىماسى نەزەرگە ئېلىنمايدۇ . ھالبۇكى ئارىدىن نەچچە ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىن بۇ خىل سىيالكىلار شىنجاڭ يېزىلىرىدا پەيدا بولىدۇ .

K ئەپەندى بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالماي «زىرائەتلەرنى يوپۇرمىقىدىن ئوغۇتلاش تەتقىقاتى» ئۇستىدە باش قاتۇرۇپ ، خاتىرىسىگە مۇنۇلارنى يازىدۇ :

« . . . ئۇيغۇر دېھقانلىرى نېمە ئۈچۈن قوغۇن ئاختامىسىنى ئىسسىقتا ئاغدۇرىدۇ ؟ بۇنداق قىلىشنىڭ بىر تەرەپتىن يەرنى كۆچلەندۈرۈشكە پايدىسى بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن پېلەكنى ئۆزلىرىمۇ سەزمىگەن ھالدا كۆچلەنگەن توپا ئوغۇت (چاڭ - توزان) بىلەن ئوغۇتلىغىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . دېمەك ، سۇ ھەددىدىن زىيادە قىس بولغان كەلپىن ناھىيىسىدە ئوغۇت بىلەن سۇنى ئايرىلاشتۇرۇپ ، پۈركۈپ سۇغىرىپ ئوغۇتلىسا قوش ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ . . .»

ئۇ تەتقىقاتنى ئەمەلدە كۆرسىتىش ئۈچۈن تەجرىبە ئېتىزى ۋە تەجرىبە جەريانىدا ئىشلىتىلىدىغان لازىمەتلىكلەر بىلەن تەمىنلەش ھەققىدە ئىلتىماس يېزىپ ئالاقىدار تارماقلارغا سۇنغان بولسىمۇ ، لېكىن ئىلتىماسى ئاۋۋالقىدەكلا ئېتىبارغا ئېلىنمىدى .

ھالبۇكى ، شۇنىڭدىن 20 يىلچە كېيىن بېيجىڭدىكى ئالىي مەكتەپ مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ بىرلىشىپ تەتقىق قىلىشى ئارقىلىق ، زىرائەتلەرنىڭ يوپۇرمىقىدىن ئوغۇتلايدىغان ، «مەھسۇلات ئاشۇرۇش دورىسى ( 丰产素 )» دېيىلىدىغان بىر خىل سۇيۇق ئوغۇت ئىشلەپ چىقىرىلىپ ، پۈتۈن مەملىكەتنى زىل - زىلىگە كەلتۈردى .

## 2 . ئوسمىنىڭ خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنىشى

پۈتكۈل ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىگە ئايان بولغىنىدەك، ئوسما ئۇيغۇر - خانىم قىزلىرى نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان تەبىئىي گىرىم بۇيۇمى.

ھالا بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە تەتقىق قىلىنىش نەتىجىسىدە ئوسما تەركىبىدە قاش ئۆستۈرۈش، قاشنى قارايتىش ۋە قاشنى ئاسراش . . . دەك بىر قاتار خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە ماددىلارنىڭ بارلىقى ئېنىقلاپ چىقىلىپ، «ئوسما قەلەم» دەپ ئاتىلىدىغان بىر گىرىم بۇيۇمى تۈركۈم - تۈركۈم ئىشلەپ چىقىرىلىپ، ئەڭ ئەتىۋارلىق مەھسۇلاتلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. ئاشۇ قەلەمنىڭ ماركا ھوقۇقىنى تالىشىپ شىركەتلەر دەۋا دەستۇرىغا چۈشۈشتى.

«ئوسما قەلەم» پارىژدىكى خەلقئارا گىرىم بۇيۇملىرى يەرمەنكىسىگە قويۇلۇپ، دۇنيا گىرىم بۇيۇملىرى ساھاسىدە زىل - زىلە پەيدا قىلدى. چەت ئەل گىرىم بۇيۇملىرى مۇتەخەسسىسلىرى ئوسمىنىڭ تەركىبىدە ئادەم تېرىسى ۋە ئورگانىزمىغا ھېچقانداق ئەكس تەسىر كۆرسەتمەيدىغان، ھەرقانداق زامانىۋى يۇقىرى تېخنىكىدا ئىشلەنگەن خىمىيىۋى تەركىبلىك گىرىم بۇيۇملىرىمۇ ئورنىنى باسالمايدىغان خۇسۇسىيەتلەرنىڭ بارلىقىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاشتى.

كىشىنى ئەڭ ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى ئەجدادىمىزنىڭ تاللىشىدىن ئۆتۈپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بۇ مەدەنىيەت شەكلىنىڭ بىزنىڭ قولىمىزدا ئەمەس، باشقىلارنىڭ قولىدا دۇنياغا تونۇلغانلىقى بولدى.

## 3 . سۈيدۈك بىلەن كېسەل داۋالاشنىڭ كلىنىكىدا ئىسپاتلىنىشى

كىچىك ۋاقىتلىرىم ئىدى. ئەترەتكە قاراشلىق بىر كىچىك مېۋىلىك باغ بار بولۇپ، ئۇنىڭغا زاھىد موللام ئىسىملىك بىر

تەقۋادار مويسىپىت قارايتتى . ھەر يىلى ئۆرۈك ئالا بولا ـ بولمايلا مەھەللىدىكى بىر نەچچە بالىلار شورىدىن ئاتلاپ چۈشۈپ باغقا تېگىش قىلاتتۇق . كېيىن ئەترەت باشلىقى بۇ مويسىپىتنى باغقا ياخشى قارىمىدىڭ دەپ چوڭ يىغىندا ئۆرە توختىتىپ قويۇپ تىللاپتۇ .

كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەن بالىلارنى باشلاپ ئاۋۋال بېرىپ قورۇق تېمىدىن سەكرەپ چۈشۈپ تۇرۇشۇمغا پايلاپ تۇرغان چېغى زاھىد موللام «كاپ» قىلىپ مېنى تۇتۇۋالدى ۋە يىغلاپ يالۋۇرغىنىمغا قارىماي تانا بىلەن بىر تۈپ ئۆرۈككە باغلاپ قويدى . بىر كۈن شۇ ھالەتتە تۇرغاندىن كېيىن ئاپام بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ يالۋۇرۇپ يۈرۈپ مېنى مىڭتەستە باغلاقتىن بوشاتقانىدى .

شۇنىڭدىن باشلاپ مەن زاھىت موللامغا ئۆزۈمچە ئۆچ بولۇپ قالغانىدىم . بىراق ، يەنە ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ قېلىشىمنى ئويلاپمۇ كۆرمەپتىكەنمەن . زاھىت موللامنىڭ ئايالى تۇراخان كاسكى (بۇ تۇغماس ئايالنى مەھەللىدىكىلەر شۇنداق چاقىرىشاتتى ) مېنى ئۇيناۋاتقان يېرىمدىن تۇتۇۋېلىپ ، ماڭا جىق كەمپۈت بېرىپ ئالداپ ـ سىلاپ ئۆيىگە ئەكىرىپ ، ئىشىكنى تاقاپ ئېرى زاھىد موللامنىڭ پۇتىغا سىيىپ قويۇشۇمنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى . سىيىپ قويسام مېنى يەنە باغلاپ قويۇشىدىن قورقۇپ ئۇنىمىدىم . يېرىم كۈنلۈك «ئىدىيىۋى خىزمەت» دىن كېيىن مەن ئاخىر ئەيۋەشكە كېلىپ ، ئىشىكنى ئاچقۇزۇپ قويۇپ سىيىپ بولۇپلا ئۆزۈمنى سىرتقا ئاتتىم . . .

كېيىن بۇ ئىشنى بوۋام رەھمەتتىگە سۆزلەپ بەرسەم ، بوۋام كۈلۈپ كېتىپ ئوغۇل بالىنىڭ سۈيدۈكىنىڭ كېسەلگە شىپا بولىدىغانلىقىنى ، ئۆز نەسەبلىرىنىڭمۇ نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان بۇ خىل يەرلىك ئۇسۇل بىلەن كېسەل داۋالاشنى ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتقانىدى .

ئارىدىن ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ خەنزۇچە «جۇخەي ئالاھىدە رايون گېزىتى» دىن ياپونىيە تېببىي ئالىملىرىنىڭ ئادەم

سۈيدۈكىنىڭ شىپالىق رولىنى كىلىنىكىدا ئىسپاتلاپ چىققانلىقى[1] نى كۆرۈپ ھەيران قالدىم .

ياپونىيە ئالىملىرىنىڭ بۇ بايقىشى دۇنيا تېبابەتچىلىك ساھەسىدە كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى . خەنزۇلار «دورا ئۈسۈملۈكلەر قامۇسى» دىن نەقىل كەلتۈرۈپ ئۆز ئەجدادىنىڭ ناھايىتى بۇرۇنلا بۇ ئۇسۇل بىلەن كېسەل داۋالىغانلىقىنى پەش قىلسا ، ياۋروپالىقلارمۇ بوش كەلمەي سۈيدۈك بىلەن كېسەل داۋالاشنىڭ تارىخىنى ئۆزىگە قارىتىشقا تىرىشتى .

مۇئەللىپ گەرچە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تېبابەتچىلىك رىسالىلىرىدىن ئۇيغۇر ئەجدادىنىڭ زادى قايسى دەۋردىن باشلاپ سۈيدۈك بىلەن كېسەل داۋالىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بوللالمىغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن چەت ، تاغلىق يېزىدىكى ساۋاتسىز دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ئەسىرلەردىن بۇيان مۇشۇ خىل ئۇسۇل بىلەن كېسەل داۋالاپ كېلىۋاتقانلىقىغا دائىر بايانلارنى ئاڭلىغان ھەم بەزى پاكىتلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن . شۇڭا ، ئۇيغۇرلار سۈيدۈك بىلەن كېسەل داۋالاشنى ئەڭ بۇرۇن قوللانغان مىللەتلەرنىڭ بىرى دەپ قارايدۇ ھەم تارىخشۇناسلارنىڭ ، تېبابەتچىلىك ساھەسىدىكىلەرنىڭ بۇ ھەقتە ئىزدىنىپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ .

دېمەك ، ھېچقانداق ئالىي مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن ، K نىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى تەكلىماكان چۆللۈكىنىڭ گىرۋىكىگە جايلاشقان ، مەملىكەت بويىچە ئەڭ چەت ، نامرات ناھىيە سانىلىدىغان كەلپىندىن ئىبارەت بۇ تاغلىق ناھىيىنىڭ قۇم ـ بوران ھۇشقۇتۇپ تۇرىدىغان يېزىلىرىدا يۈرۈپ ، ھېچقانداق ئۈچۈر ۋە پايدىلىنىش قىممىتىدىكى ماتېرىيال مەنبەسى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا رۇياپقا چىقارغان تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ

① «جۇخەي ئالاھىدە رايون گېزىتى» نىڭ خەنزۇچە نەشرى ، 1992 ـ يىللىق 11 ـ ئۆكتەبىردىكى سانىغا قارالسۇن .

20 يىللاردىن كېيىن مەركۇر جۇمھۇرىيەتنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى بولغان بېيجىڭدىكى ئالىي تەتقىقات ئورۇنلىرى تەرىپىدىن ئىسپاتلىنىپ چىقىشى، ئەجدادىغا ئوخشىماي قىلىۋاتقان ئۇيغۇر ئەۋلادىنىڭ ۋۇجۇدىدا مەدەنىيەت ئېلېمېنتلىرىنىڭ تېخى پۈتۈنلەي تۈگەپ بولالمىغانلىقىنى ئىسپاتلىسا، ئوسمىنىڭ خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنىشى بىلەن سۈيدۈك بىلەن كېسەل داۋالاشنىڭ كلىنىكىدا ئىسپاتلىنىشى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەۋلاددىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئادەتتىكى تۇرمۇش شەكىللىرىنىڭمۇ مەدەنىيەت ئامىللىرىغا تويۇنغانلىقىنىڭ جانلىق پاكىتى بولالايدۇ.

بۇلاردىن باشقا ئۇيغۇر خانىم - قىزلىرىنىڭ چېچىغا چاپىدىغان جىگدە يېلىمىنىڭ تەركىبىدە چاچقا پايدىلىق ماددىلارنىڭ بارلىقى، ئۇيغۇر ئاۋاملىرى كۈندىلىك ئىستېمالدا كەم قىلمايدىغان قېتىقنىڭ كەم دېگەندىمۇ 15 خىل كېسەلگە شىپا بولىدىغانلىقى، ئۆرۈك قېقىنىڭ راك كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئالالايدىغانلىقى . . . قاتارلىق بىر قاتار بايقاشلار يۇقىرىقى ھۆكۈمىمىزنى تولۇقى بىلەن ئىساتلاپ تۇرۇپتۇ.

ئەجدادلىرىمىز مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىپ، ئەڭ كۈچلۈك تاشلاش ئېڭى بىلەن ئەڭ نادىر مەدەنىيەت ئامىللىرىنى تاللاپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ھەربىر تۇرمۇش شەكلىگچە سىڭدۈرۈۋەتكەن.

ئۇيغۇر ئەجدادلىرىدا كۈچلۈك تاللاش ئېڭى بولمىغاندا ئىدى ئۆزلىرى مىڭ تەستە ئىجاد قىلغان تىل - يېزىقلارنى بىر - بىرلەپ تەرك ئېتىپ (ھەتتا بەزىلىرىنى باشقا مىللەتلەرگە بېرىۋېتىپ) ھازىرقى تىلىمىزنى قوللانمىغان بولاتتى. مانا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە دۇنيادا ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىسىدا ئىپادىلىگىلى بولمايدىغان بىرمۇ تىلنىڭ يوقلۇقىنى، دۇنيادىكى فونېتىكىلىق ئىپادىلەش ئىقتىدارى ئەڭ كۈچلۈك بولغان 56 خىل تىل ئىچىدە

ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغانلىقىنى قۇددۇس هاپىز تەتقىقاتى ئارقىلىق بىلىپ تۇرۇۋېتىمىز. تىلىمىزدىكى بۇ ئالاھىدىلىك ھەتتا چەت ئەل ئالىملىرىنىمۇ قايىل قىلدىغۇ؟

ئۇيغۇر ئەجدادلىرىدا كۆچلۈك تاللاش ئېڭى بولمىغاندا ئىدى، ئەسىرلەردىن قۇم - بوران ھۇشقۇتۇپ تۇرىدىغان تەكلىماكاننى باغاشلاپ ياتماي گۈزەل دېڭىز بويلىرىغا كەتكەن بولارئىدى. مانا بۇگۈنكى كۈندە دۇنيا ئالىملىرى «دۇنيا مەدەنىيىتى سىرىنىڭ ئاچقۇچى تەكلىماكاندا كۆمۈكلۈك، قاچاندىكى بۇ ئاچقۇچ تېپىلىدىكەن دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ سىرى شۇ چاغدا ئېچىلىدۇ» دېيىشىۋاتىدۇ. تېخى يەنە پۈتۈن يەر شارى نېفىت زاپىسىنىڭ ئۈچتىنبىر قىسمىنىڭ تەكلىماندا ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىپ تۇرۇۋېتىۋ.①

بىز ياشاۋاتقان مۇشۇ زېمىنىنىڭ ئاجايىپ زور ماددىي، مەنىۋى نېمەتلەرگە تولغانلىقى؛ تىلىمىزنىڭ ئاجايىپ سېھرى كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكى؛ ئادەتتىكى تۇرمۇش شەكىللىرىمىزدىمۇ مەدەنىيەت شەجەرىسىنىڭ جۇلالىنىپ تۇرغانلىقى ھەرگىز تاسادىپىيلىق ئەمەس، بىزدىكى ھەربىر مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىدىن تارتىپ بىز ياشاۋاتقان مۇشۇ زېمىنغىچە ئاجدادلىرىمىزنىڭ تالاي ئەجرى، قېنى سىڭگەن. دۇنيادا تېخى ھېچقانداق بىر ئەجداد ئەۋلادلىرىغا بۇنداق بۈيۈك مىراسلارنى قالدۇرۇپ باققىنى يوق. شۇڭا، بۇ مىراسلارنى ساقلاش، ئاسراش، قېزىش بىز ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈردۇر.

ھېلىمۇ تەكلىماكان گىرۋەكلىرىدە ياشاپ كېلىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىز ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنلىغان مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى بىزگىچە ساقلاپ بېرىۋاتىدۇ. ئۇلاردىن ئالەمچە سۆيۈنۈشىمىز لازىم، شۇنداقلا ئەمدى ئەجدادىمىزنىڭ تاللىشىدىن ئۆتۈپ بولغان «تەييار مەھسۇلات» (ئوسمىغا ئوخشاش) لارنى ئۆز

① «يىپەك يولى» ژۇرنىلى خەنزۇچە نەشرى، 1996 - يىللىق 2 - سانىنىڭ 19 - بېتىگە قارالسۇن.

قولىمىز بىلەن جاھانغا تونۇتۇشىمىز لازىم . بىراق ، بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز يول ئاچمىساق ھېچكىم بىزگە يول ئېچىپ بەرمەيدۇ . لۇشۇن ئەپەندى : «زېمىندا ئەسلىدە يول يوق ئىدى ، ماڭىدىغانلار كۆپىيىشۈرگەچكە يول پەيدا بولغان» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان . قۇددۇس ھاپىز ئارقىلىق بۇ يولنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتۇق . ماڭىدىغانلار كۆپەيسە يولمۇ كېڭىيىدۇ . بۇ ھالىمىز بىلەن زامانىۋى مەدەنىيەت ئارقىلىق دۇنياغا تونۇلۇشىمىز تەس . ئۆزىمىزنىڭ كۈچلۈك يەرلىك پۇراقتا ئىگە ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىزنىڭ بىزنى دۇنياغا تونۇتۇشتىكى يوشۇرۇن كۈچى ناھايىتى زور . ئاشۇ ئەنئەنىلەر ئىچىدىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە زامانىۋىلىقنىڭ ئېلېمېنتلىرى يوشۇرۇنغان . بۇنداق زامانىۋىلىقنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن ئەنئەنىلەرنى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىن ئۇچرىتىش تەس .

# 8

كۇچا ناھىيىسىنىڭ خانىقئاتام يېزىسىغا كېتىۋاتقان سەپىرىمىزدە يول بويلىرىدىكى ھەيۋەتلىك نېفىت جاھازلىرى كۆزلىرىمدىن قېچىپ قۇتۇلۇشقا ئامالسىز قالدى . ھەتتا بەزى تۆمۈر تۇرۇبىلاردىن فونتاندەك ئېتىلىپ چىققان تەبىئىي گاز مۇئەللەقتە كېچە - كۈندۈزلەپ بىكارغا كۆيۈۋېتىپتۇ .مەن بۇ ئەھۋالنى ئىلگىرى شايار ناھىيىسىگە كېتىۋېتىپمۇ يېڭى مەھەللە يېزىسىدا بىرنەچچە رەت كۆرگەنىدىم .

دۆڭقوتان يېزا بازىرىدا قىسقىغىنا توختاپ ئۆتتۇق . ماشىنىدىن چۈشۈپ تۇرۇشۇمغا كوچا - كويلاردىكى توپىلارنى ئۇچۇرۇپ تۇرغان نويابىر ئايلىرىنىڭ ئاخىرىدىكى ئاچچىق شامالغا قارىماي يول بويىدا ئالدىغا بىر دۆۋە گازىرنى دۆۋىلەپ قويۇپ دۇگدىيىپ ئولتۇرغان ، ياغلىقىدىن تارتىپ يېلىنىڭ كىيىملىرىگىچە نەچچە رەت ياماقلار سېلىنغان بىر موماي دىققىتىمنى ئۆزىگە تارتتى .

مومای تولىمۇ ئورۇق ئىدى . ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزلىرىدىن مۇڭ تۆكۈلەتتى . بۇ ياشقا بېرىپ قالغان موماي سوغۇقتا گازىر ساتىمەن دەپ توپىغا مىلىنىپ ئولتۇرماي ئىسسىق ئۆيدە ئوبدان كۈتۈنۈشى لازىم ئىدى . بىراق ، رەھىمسىز تۇرمۇش ، نامراتلىق ئاشۇ بىچارە مومايىنى ئىككى توك ـ توك گازىر پۇلىغا تايىنىپ جان ساقلاشقا مەجبۇر قىلغان . بىز دە جاپا ئۈستىگە تۇغۇلۇپ ، جاپا بىلەن ئۇ ئالەمگە كېتىدىغان ، بۇ دۇنيانىڭ ماددىي نېمەتلىرىدىن بىرەر قېتىم قانغۇدەك لەززەتلىنەلمەيدىغان بوۋاي ـ مومايلار تولا . ئىگىلىنىشىمچە ، ئاشۇ موماي دەسسەپ تۇرغان مۇشۇ زېمىندىكى تەبىئىي گازلار سەككىز تىرليون كۇب مېتىر بولۇپ ، ئۆزىنى دۇنيانىڭ خوجىسى چاغلايدىغان ، ئەڭ باياشات ، ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەت ئامېرىكىنىڭكىدىنمۇ ئىككى ھەسسە كۆپ ئىكەن ① ئاشۇ ھەربىر پولات تۇرۇبىدىن ھەر سوتكىدا بىكارغا كۆيۈۋاتقان تەبىئىي گازغا بىر سانتانا سېتىۋالغىلى بولىدىكەن . بىز دە كۈنىگە نەچچىلەپ سانتانالار كۆيۈپ كۈل بولۇۋاتىدۇ ، بىراق نۇرغۇن ئادەملىرىمىز جىگدە ، قاق ، گازىر سېتىپ كۈن كەچۈرۈۋاتىدۇ .

سەپىرىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق . خېلى ماڭغاندىن كېيىن كەچكۈزنىڭ ئاچچىق شىۋىرغانلىرىغا قارىماي ، توپا ـ چاڭلارغا مىلىنىپ ، ھاشاردا ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا يولۇقتۇق . ئۇلار ئېغىر كەتمەن ، ئات ـ ئۇلاغ ھارۋىلىرىنى ئىشقا سېلىپ يول ياساۋاتقانىكەن . ئۇلارنىڭ چەكسىز مۇڭ ، ھەسرەت چىقىپ تۇرغان جۈپ كۆزلىرىدىن باشقا يەرنىڭ ھەممىسىنى قېلىن چاڭ ، توپا باسقانىدى .

بىز ياسىلىۋاتقان يېڭى يولنىڭ يېنىدىكى ۋاقىتلىق يول بىلەن مېڭىشقا مەجبۇر بولدۇق . بۇ يولدا دېھقانلار ئات ، ئېشەك ، كالا ھارۋىلىرى بىلەن توپا توشۇۋاتقاچقا ئۇلارنى تېزلا ياناپ ئۆتۈپ

① «يىپەك يولى» ژۇرنىلى خەنزۇچە نەشرى ، 1996 ـ يىللىق 2 ـ سانىنىڭ 19 ـ بېتىگە قارالسۇن .



www.uyghurkitap.com

كېتىشكە ئامالسىز قالغان شوپۇرىمىز ھەدېگەندىلا ئاچچىقلىغىلى تۇردى . توختىماي سىگنال بەرگەچ :

— ئەجەپمۇ بىزار بولدۇم بۇ ھايۋانلاردىن . . . ، — دەيتتى .

بۇ ئەھۋال يول بويى نەچچە رەت تەكرارلانغاندى «كايىماڭ يولداش ، سىز مەيدىڭىزنى كېرىپ نوچىلىق بىلەن ھەيدەۋاتقان مۇنۇ ئېسىل پىكاپ ، ئايدا تاراقلىتىپ ساناپ چۆتىكىڭىزگە سېلىۋاتقان ئاقچا ، رېستورانلاردا تاماقلىرىڭىزنى چاكىلدىتىپ ، ماختاپ تۇرۇپ يەۋاتقان نەچچە خىل قورۇمىلار . . . دەل شۇلارنىڭ ئەمگەك مېۋىسىنىڭ بەدىلىگە كەلگەن . ئەسلىي قائىدىدە ئۇلار ئېسىل پىكاپلاردا ئولتۇرۇپ سىگنالنى سىزگە بەرسە توغرا بولاتتى . ھېلىمۇ ئۇلار سىزگە يول ياساپ بېرىۋاتىدىغۇ . . .» دېگۈم كەلدى .

خانقىئاتام يېزىسىغا ئاز قالغاندا يول بويىدىكى دەرەخقە قونۇۋالغان بىر توپ پاختەكنى كۆرۈپ شوپۇر ئادىتى بويىچە ماشىنىنى تورمۇزلىدى . ماشىنىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان رەھبىرىمىز مىلتىقنى كۆتۈرۈپ ماشىنىدىن چۈشتى ـ دە ، پاختەكنى چەنلەپ ئوق ئۈزدى . شۇ ھامان بىر پاختەك «پوككىدە» قىلىپ يەرگە چۈشتى . ئەجەبلىنەرلىكى شۇنچە تىت ـ تىت بولۇۋاتقىنىمىغا قارىماي باشقا پاختەكلەر يەنىلا شاختا ئولتۇرۇشاتتى . ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ پاختەك ئېتىپ چۈشۈرۈلگەندىن كېيىنلا قالغان پاختەكلەرمۇ ئاندىن ئۇچۇپ كېتىشتى .

رەھبىرىمىز پاختەكلەرنى كۆتۈرۈپ خۇشال ھالدا ماشىنىغا كىرىپ كەلدى ـ دە :

بۇ يەرنىڭ پاختەكلىرى بەك ياۋاشكەن ، — دېدى ئۇلاپلا مۇنداق بىر ھېكايىنى ئېيتىپ بەردى :

بىر يولداش دائىم شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلارغا بېرىپ پاختەك ئاتىدىكەن . يەرلىك ئۇيغۇرلار پاختەك گۆشى ئىستېمال قىلمىغاچقا پاختەكلەر بەك كۆپ ئىكەن . ئۇ دەسلەپ ھەدېگەندىلا نۇرغۇن پاختەك

ئېتىۋاپتۇ . كېيىن نېمىشقىدۇر ئۇ پاختەكلەر ئۇنى كۆرسىلا ئۇچۇپ كېتىدىغان بولۇپ قاپتۇ . ئۇنىلا ئەمەس ، ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان يات كىشىلەرنى كۆرسە دېھقانلارنىڭ ئۆگزىلىرى ۋە ئۇلار ئىش قىلىۋاتقان جايلارغا ئۇچۇپ بېرىۋالىدىكەن . پاختەكلەر ئۇنىڭدىن ئۈركۈيدىكەنۇ ، يەرلىك ئۇيغۇر دېھقانلىرىدىن ئۈركۈمەيدىكەن .

ئۇ يولداش ئۇيان ئويلاپ بۇيان ئويلاپ ئاخىر بىر ئەپچىل چارە تېپىپتۇ . ئۇ بىر دېھقاندىن ئەسكى تېرە تۇماق بىلەن مازلىرى چۇۋۇلۇپ چىقىپ تۇرغان بىر جۇلدۇر كېپەننى ئازراق پۇل بېرىپ سېتىۋاپتۇ ـ دە ، ئۇنى كىيىپ پاختەكلەرنىڭ قېشىغا بارسا پاختەكلەر ئۇچۇپ كەتمەپتۇ . ئۇ شۇ يوسۇندا يەنە نۇرغۇن پاختەك ئېتىۋاپتۇ .

ماشىنىنىڭ ئىچىنى كۆلكە سادالىرى قاپلىدى . شۇئان مومام ئېيتقان مۇنۇ قىسسە يادىمدىن كەچتى : « . . . زامان ئاخىرىدا يەجۆجى ـ مەجۆجى دېگەن بىر مەخلۇق پەيدا بولارمىش . ئۇ مەخلۇق بىر كالپۇكى بىلەن يەرنىڭ تېگىنى ، يەنە بىر كالپۇكى بىلەن كۆك قەرىنى سۈپۈرۈپ ماڭارمىش . ئۇ مەخلۇقنىڭ ئايىغى تەگكەنلىكى يەر قۇرۇپ كېتەرمىش . . . »

## 9

ئۇيغۇر بۇددا ئالىمى كۇماراجىۋا ئەنەتكەك (ھىندىستان)غا بېرىپ ھەزرىتى پەنتۇدانۇدىن تەلىم ئېلىپ ، ئىلىمدە كامالەتكە يېتىپ ، يۇرتى كۇسەنگە قايتىش سەپىرىدە يول بويىدىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر يۇقىرى مائاش ، ئاسايىشلىق تۇرمۇش بەدىلىگە ئۇنى ئۆز مەملىكەتلىرىدە تۇتۇپ قالماقچى بولغان بولسىمۇ ، لېكىن كۇماراجىۋا ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ كېتىش نىيىتىدىن يانمىغان . كۇسەن پادشاھى ئۇنسۇر (ھازىرقى ئاقسۇ) غىچە بېرىپ كۇماراجىۋانى كۈتۈۋالغان ھەم كۇسەنگە قايتىپ

بارغاندىن كېيىن «مەخسۇس بىر شىر شەكىللىك ئورۇندۇق ياسىتىپ، ئۇنى رۇم كىمخابلىرى بىلەن بېزەپ»، ئۆزى ئاشۇ ئورۇندۇقنىڭ ئالدىدا دۇم يېتىپ، كوماراجىۋانى ئۆزىنىڭ دۈمبىسىنى دەسسەپ ئورۇندۇققا چىقىپ، بۇددا نوملىرىنى مۇتالىئە قىلىشقا تەكلىپ قىلغان»①.

بىزدە كوماراجىۋاغا ئوخشاش چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇپ، ئوقۇغاندىمۇ راۋۇرۇش ئوقۇپ، ياتلارنىڭ يۇقىرى مائاش ۋە ئەۋزەل شارائىت بەدىلىگە ئۇلارنى تۇتۇپ قېلىش تەلىپىنى رەت قىلىپ، ۋەتەن، مىللەتنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قايتىپ كەلگەن زىيالىيلار يوق ئەمەس. بىراق، كۇسەن پادىشاھىدەك ئىلىمنى، ئىلىم ئىگىلىرىنى ھۆرمەتلەيدىغان باشلىقلىرىمىز يوقنىڭ ئورنىدا. ئۇلار ئايلاپ، يىللاپ زىيالىيلاردىن ئەھۋال سوراپ قويمايدۇ. تېخى كۆپىنچە ئەمەلدارلار زىيالىيلاردىن بىزار. ئۇلار زىيالىيلارنى «غەيرىي تەپەككۇر قىلىدۇ» دەپ قارايدۇ. زىيالىيلارنىڭ كۆپ قىسمى خۇشامەت قىلماسلىقنىڭ قانۇنغا خىلاپ ئەمەسلىكىنى بىلگەچكە، ئۇلار ئەمەلدارلىرىمىزنىڭ كۆزىگە تېخىمۇ «بىر قىسما» كۆرۈنىدۇ.

بىزدە ئەمەلدار بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلار، بۇ يولدا تىنىم تاپماي قاترايدىغانلار كۆرمىنىڭ. «مەن ئەمەلدار بولۇپ قالسام مىللىتىم ئۈچۈن نېمە ئىش قىلىپ بېرەلەيمەن؟» دەپ ئۆزىدىن بىر ئېغىز لىللا سوئال سورىيالايدىغان مەسئۇلىيەت ئىگىلىرى تېخىمۇ يوقنىڭ ئورنىدا.

قورسىقىنى دومبايتىپ، ھەر ۋاقىت ئەمەلدارلىق كىبىرىدىن چۈشمەي يۈرىدىغان ئەمەلدارلىرىمىزغا؛ ھۆكۈمەتنىڭ ئۇستەل، ئورۇندۇقلىرىنى گالۋاڭ قىلىپ، غەيۋەت ـ شىكايەت بىلەن بىكارغا كۈن ئۆتكۈزۈشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن كادىرلىرىمىزغا؛ مىللەتنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاشتىن يىراقتا قېلىۋاتقان، ھەتتا ئاڭ جەھەتتە ئاۋامغا

① لياڭ دەۋرىدە يېزىلغان «راھىب ـ كاللانلار تەزكىرىسى» نىڭ 2 ـ جىلدىدىكى كوماراجىۋاغا دائىر باياناتلارغا قارالسۇن.

www.uyghurkitap.com

يېتىشەلمەيۋاتقان زىيالىيلىرىمىزغا شۇنداق دېگۈم كېلىدۇ :

— سەن ئامەتلىرىڭدىن ئۇنچە بەك كېرىلىپ كەتمەي ئەمەلدارلىق تاجىڭنى كۆتۈرۈپ ، دېڭىز بويلىرىدىكى بىرەر جايغا بېرىپ ئەمەلدار بولۇپ باققىنچۇ قېنى بولالامسەنكىن ؟ سەن هاكاۋۇرلۇقنى بوشراق قىلىپ ، ئىچكىرىدىكى بىرەر ئىدارىغا بېرىپ كادىر بولۇپ باققىنچۇ ، ئۇلار سېنىڭ كېرەكسىز ئەپتىڭنى لازىم قىلامدۇ ـ يوق ؟ دېگۈم كېلىدۇ .

مۇشۇ زېمىندا ئەزەلدىن ئۇيغۇر نەسلى ياشاپ ئۆتمىگەن بولسا ، هېلىهەم 7 مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر تىرىكلىكنىڭ نىشانىسى سۈپىتىدە مىدىرلاپ يۈرمىگەن بولسا «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» قۇرۇلمىغان ، ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرى ، ئۇيغۇر كادىرلىرى ، ئۇيغۇر زىيالىيلىرى هازىرقىدەك «نوچىلىق» قىياپىتى بىلەن يۈرەلمىگەن بولاتتى . باشلىقنى باشلىق ، كادىرنى كادىر ، زىيالىينى زىيالىي قىلىپ قويغان يەنە شۇ مىللەتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىدىغان ئۇيغۇر دېهقانلىرىدۇر .

دېهقانىنىڭ گېپى چىقسىلا بەزىلەر هامان چىچىلىپ :

— دېهقان خەق دېگەن ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتەلمەيدۇ ، ياخشىلىق قىلغاننى بىلمەيدۇ ، ئۇ خەقنىڭ گېپىنى قىلغۇچە بېشىمىزنى ئىچىگە تىقىپ سىڭگەن نېنىمىزنى يەيلىيا دېيىشىدۇ .

دۇرۇس دېهقانلار سەن بىز بىلگەننى بىلمەيدۇ . گېپىنى قىلغانلىقىمىزنى ، ياخشىلىق قىلغاننى بىلمەسلىكىمۇ مۇمكىن . شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلار شۇ هالەتتە ياشاۋاتىدۇ ، ئەمەسمۇ ؟ بىراق سەن بىزنىڭ ئۇلارغا بىلمىگەننى بىلدۈرۈش ، ئاق ـ قارىنى پەرق ئەتكۈزۈش ، ئۇلارنى ھەقىقىي ئادەمدەك ئۆز ماھىيىتىگە يېتىپ ياشاشقا ئۈندەش مەسئۇلىيىتى يوقما ؟ ئۇلار بولمىسا بىز ئايدا تاراقلىتىپ ساناپ ئېلىۋاتقان مائاش ، بىز ئولتۇرۇۋاتقان يۇمشاق ئورۇندۇق ، ئازادە ئىشخانا ـ ئۆيلەر نەدە تۇرۇپتۇ بىزگە ؟ بىز باشلىقلارنى دورىساق بولمايدۇ . بۇ مەنىدىن ئۇيغۇرنىڭ باشلىقى ،

كادىرى ، زىيالىيسى بولماق يىغىپ ئېيتقاندا مۇشۇ زېمىندا ئۇيغۇر بولۇپ ياشىماق ئۇنچە ئاسان ئەمەس . ھەربىر ئۇيغۇر ئاشۇ «ئاسان ئەمەس» لىك تۇيغۇسىدا مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن خۇددى بەھۇدىيلاردەك ئازاب ئېكىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك !

يالغان بولسا قاراپ باقچۇ : يوقسىزلىق دەستىدىن نۇرغۇن دېھقان پەرزەنتلىرى ئوقۇشسىز قېلىۋاتىدۇ ؛ ئادەملەر بىلەن ھايۋانلار تېخىچە بىر كۆلدىن تەڭ سۇ ئىچىۋاتىدۇ ؛ نۇرغۇن دېھقان چارۋىچىلار ئاتا - بوۋىلىرىدىن قالغان جىن چىراغلارنى تېخىچە ئىشلىتىپ كېلىۋاتىدۇ ؛ داۋالاش شارائىتىنىڭ ھەددىدىن زىيادە ناچارلىقى ، ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىكتىن كېلىپ چىققان تۈرلۈك كېسەللىكلەر تۈپەيلى نۇرغۇن يوقسۇل قېرىنداشلىرىمىز بۇ دۇنيادىن بالدۇرلا كېتىپ قېلىۋاتىدۇ ؛ نۇرغۇن دېھقانلىرىمىز تۆپىسىدىن شۇرقىراپ توپا چۇشۇپ تۇرىدىغان ، ئوتتۇرا ئەسىردىن قالغان پاكار ، چالما ئۆيلەردە ئولتۇرۇۋاتىدۇ ؛ تۇزۇكرەك ئىشەك - ھارۋىسى يوق ئائىلىلەرمۇ تولا ، يىل بويى ئېتىزدا ئىشلەپ ئاش تېرىسىمۇ ئاچ قالىدىغان دېھقانلىرىمىز يوق ئەمەس ؛ مەكتەپلىرىمىز دىۋانىلەرگە ئوخشاش بايۋەتچىلەردىن سەدىقە تىلەپ ، شۇ پۇللارغا ئوتۇن - كۆمۈر سېتىۋېلىپ قىشنى ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ ؛ يوقسىزلىق دەستىدىن نۇرغۇن مۇنتىزىم ئائىلىلەر پارچىلىنىپ كېتىۋاتىدۇ ؛ نۇرغۇن بەردەم يېگىتلىرىمىز يۇرتنى تاشلاپ چىقىپ كېتىۋاتىدۇ ؛ نۇرغۇن قىز - چوكانلىرىمىز ھاياسىزلارچە تۇرمۇش قامداشقا مەجبۇر بولۇۋاتىدۇ . . .

ئەجەبا ھەربىر مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە ئۇيغۇر نەسلىنىڭ بۇ ھەقتە ئويلىنىشى ئارتۇقچە ئىشمىدۇر ؟ !

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# مەنىۋىيەتىمىزنى زامانغا لايىقلاشتۇرايلى

ماددىي دۇنياسى ۋە مەنىۋى دۇنياسى باي كىشىلەر باشقىچە سۆيۈملۈك كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ «ئىچى»، «سىرتى» دىنمۇ گۈزەل كېلىدۇ.

يېقىندا مەلۇم بىر ماتېرىيالدىن مۇنداق بىر ماقالىنى ئوقۇپ چوڭقۇر ئويغا پاتتىم. بىر ئۇيغۇر ياش ياپونىيىگە ئوقۇغىلى بېرىپتۇ. ئۇ بىر كۈنى ئاشخانىغا كىرىپتۇ-دە، جىمجىت ئولتۇرۇپ ناھايىتى ئاددىيلا غىزالىنىۋاتقان ياپونلارغا ئوخشىمايدىغان ھالەتتە ئايرىم بىر شىرەنى ئىگىلەپ بىرنەچچە خىل تاماق بۇيرۇتۇپتۇ. كۆتكۈچى بۇيرۇتمىلارنى تەق قىپتۇ.

بىراق، ئۇ شۇنچە يەپمۇ تاماقلارنىڭ يېرىمىنى ئاشۇرۇپ قويۇپتۇ. ئۇ چىقىپ كېتەي دەپ تەمشىلىۋاتقىنىدا، بىر ياپونىيىلىك ئۇ ئولتۇرغان شىرەگە كېلىپ ئېشىپ قالغان ھېلىقى تائاملارنى يەۋەتسە بولىدىغان-بولمايدىغانلىقىنى ئەدەپ بىلەن سوراپتۇ. ئۇيغۇر ياش يەۋەتسە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ ھەم ئالىي دەرىجىلىك تاماكىنى چىقىرىپ تازا ھۇزۇرلىنىپ چەككەچ ئۆزى ئاشۇرۇپ قويغان تائامنى پاكپاكىز يەۋەتكەن، ناھايىتى ئاددىي كىيىنگەن ياپونىيىلىككە قاراپ ئىچ ئاغرىتىپ قاپتۇ.

ھېلىقى ياپونىيىلىك ئالىي دەرىجىلىك تاماكا چېكىۋاتقان ئۇيغۇر ياشنىڭ ئۇچىسىدىكى پۇزۇر كىيىمگە قاراپ ئۇنى چەت ئەلدىكى بىرەر شىركەتنىڭ كاتتا خوجايىنى بولسا كېرەك، دەپ

ئويلاپ قاپتۇ - دە ، ئۇنىڭ بىلەن بىرەر سودىدا پۇتۇشۇپ قالسام ئەجەب ئەمەس ، دېگەن ئوي بىلەن ئىسىم كارتۇشكىسىنى ئۇنىڭغا سۇنۇپتۇ . ئۇيغۇر ياش كارتۇشكىدىن ئۇنىڭ ياپونىيىدىكى چوڭ بىر شىركەتنىڭ دىرېكتورى ئىكەنلىكىنى بىلىپ ، بىردىنلا ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ ھەم ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىن ياپونىيىگە ئوقۇش ئۈچۈن يېڭىلا كەلگەنلىكىنى ئوڭايسىز ھالەتتە ئىزاھلاپ ئۆتۈپتۇ . . .

مانا بۇ ياپونىيىگە ئوقۇشقا چىققان بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يۇرتداشلىرىنى ئاددىي - ساددا ياشاشقا ئىلھاملاندۇرۇپ سەممىيلىك بىلەن سۆزلەپ بەرگەن كەچۈرمىشى .

بىزدە سىستېمىلىق ئالىي مائارىپ تەربىيىسى ئالغان ، بىرەر چەت ئەل تىلىنى ئوبدان ئىگىلىگەن ، ئۆز كەسپىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىستىكى كۈچلۈك بولغان ئەخلاقلىق ، تىرىشچان ، ئىقتىسادچان ، غايىلىك ياشلارغىلا مىڭ بىر تەستە چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش پۇرسىتى نېسىپ بولىدۇ . ئۇلار دەۋرىمىز زىيالىيلىرىنىڭ سەرخىللىرىدۇر . بىزگە نىسبەتەن خېلى يۇقىرى بىلىمگە ۋە ئاڭغا ئىگە بولغان ئاشۇ سەرخىللىرىمىز ئاددىي - ساددا ئەمما كۈچلۈك رىقابەت ئېڭىغا ئىگە چەت ئەللىكلەر ئالدىدا ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىۋاتقان ئەھۋالدا ، تىمتاسلىقىقا چۆمگەن بىپايان تەكلىماكان گىرۋەكلىرىدىكى بوستانلىقلاردا جاھاننىڭ كەسكىن رىقابىتىدىن بىخەۋەر ھالدا بىخارامان ياشاۋاتقان چالا ساۋات ، ساۋاتسىز كىشىلىرىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئاڭ رىقابىتى قانچىلىك بولماقچىدى ؟

نۆۋەتتە پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى كۈنسايىن يېڭىلانماقتا . يەر شارى ئىقتىسادى بىر گەۋدىلىشىشكە قاراپ يۈزلەنمەكتە ، رىقابەت كەسكىنلەشمەكتە . ھازىرقى رىقابەت تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا ، ئىقتىساد رىقابىتىدۇر . پۇلغا بىلىم سېتىۋېلىش ، بىلىم ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ پۇل تېپىش ھازىرقى

www.uyghurkitap.com

دەۋر رىقابىتىنىڭ ئەقەللىي فورمۇلىسى بولۇپ قالدى . ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىش دولقۇنىنىڭ تۈرتكىسىدە گەرچە دۆلىتىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى ۋە كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا خېلى زور دەرىجىدە يۈكسىلىشلەر بولغان بولسىمۇ ، يەنىلا تەرەققىي قىلغان ئەللەردىن كۆپ ئارقىدا تۇرىمىز . جۈملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە خەلق تۇرمۇشى دېڭىز بويى رايونلىرىنىڭكىدىن ناھايىتى كۆپ پەرقلىق . قىسقىسى ، بىز تېخى نامراتلىق ، ساۋاتسىزلىقنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ بولالمىدۇق .

ھالبۇكى ، 21 ـ ئەسىرنىڭ بىلىم ئىگىلىكى رىقابەت دەۋرى بولىدىغانلىقى ئاللىقاچان بەلگىلىنىپ بولدى . دېمەك ، باي ـ نامراتلىق ، كۈچلۈك ـ ئاجىزلىق دەرىجىسى شۇ رايوننىڭ بايلىق مەنبەسى بىلەن ئەمەس ، بەلكى شۇ رايون خەلقىنىڭ بىلىم ساپاسى ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ . سىستېمىلىق بىلىم ۋە كۈچلۈك ئېتىقاد بولمىغاندا ، 21 ـ ئەسىردىكى رىقابەتتە پۇت تىرەپ تۇرۇش ئەسلا مۇمكىن بولمايدۇ ! بىلىمسىزلەر رەھىمسىزلەرچە شاللىنىپ قالىدۇ .

ئەتراپىمىزدىكى باشقا مىللەت كىشىلىرى تۇرمۇشتا تەرتىپلىك ، ئىقتىسادچان ، ئاددىي ـ ساددا ياشايدۇ . ئۇلاردا بىزگە ئوخشاش قەرزگە بوغۇلۇپ تۇرۇپ قىلىدىغان ھەشەمەتلىك نەزىر ـ چىراغ ، ئايىغى چىقماس قاتار چاي ، تۇغۇلغان كۈن ، ئات چاي دېگەندەك بىنورمال قائىدە ـ يوسۇنلار يوق دېيەرلىك . ئۇلار ئەڭ ئاۋۋال پەرزەنتلىرىنى ئېچكىرىدىكى داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ، ھەتتا چەت ئەللەردە ئوقۇتۇشقا ئاتاپ ئىقتىساد توپلايدۇ . ئۇلار ھە دېسىلا بالىلىرىغا قىممەت باھالىق كىيىم ـ كېچەك ئېلىپ بېرىشنىڭ ئورنىغا پۇل يىغىپ كومپيۇتېر ۋە مۇناسىۋەتلىك ئوقۇش ماتېرىياللىرىنى ئېلىپ بېرىدۇ .

دەرۋەقە ھازىر قولىمىز ئاز ـ تولا پۇلمۇ كۆردى . ياخشى يەپ ،

ياخشى كىيىنىش يامان ئىش ئەمەس . بىراق ، بىزدە «هالىڭغا بېقىپ هال تارت ، خالتاڭغا بېقىپ ئۇن تارت» دەيدىغان ھېكمەتلىك سۆز بار . ئۆزىمىزنىڭ هازىرقى هالىتى بىلەن كەلگۈسى رىقابەت ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن بوشلۇق بار . بۇ بوشلۇقنى پەقەت بىلىم ئىگىلەش بىلەنلا تولدۇرۇش مۇمكىن . هازىرقى بازار ئىگىلىكى دەۋرىدە بىلىم ئىگىلەشكىمۇ پۇل كېتىدۇ . دېمەك ، ئۆزىمىزنى باشقىلارغا سېلىشتۇرساق ھەم رىقابەت تارازىسى ئارقىلىق ئۆزىمىزنى ئۆلچىسەك ، پۇلنى بۇزۇپ چاچقۇدەك دەرىجىدە باي ئەمەسلىكىمىزنى ھېس قىلىمىز .

بىر كۈنى ئاشپۇزۇلغا غىزالانغىلى كىرگەنىدىم . بىر شىرەنى چۆرىدەپ ئۈچ ئۇيغۇر يىگىت ئولتۇرۇپتۇ . ئۇلار شۇنچە پۇزۇر كىيىنگەن بولسىمۇ ، غىزالىنىۋاتقاندىكى قىياپىتى ۋە سۆز - ھەرىكىتىدىن ئۇلارنىڭ ئانچە تەربىيە كۆرمىگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى . ئۇلاردىن بىرى يېپىيېڭى يانفونىنى چىقىرىپ قارشى تەرەپنىڭ چاقىرغۇسىغا سۆز قالدۇرۇش ئۈچۈن ھەدەپ نومۇرىنى باسقان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلىيالمىدى . شۇ هامان ئىككىنچىسى ئۇنىڭ قولىدىكى يانفونىنى قوپاللارچە تارتىۋېلىپ سىگنالنى توغرىلىغان بولسىمۇ ، لېكىن خەنزۇچە توغرا تەلەپپۇزدا سۆزلىيەلمىگەچكە مەقسىتىنى ئۇقتۇرالمىدى . ئاندىن ئۈچىنچى بىرسى قولىغا ئېلىپ بىرهازا ھەپىلىشىپ باققان بولسىمۇ ، ئاقىۋەت يانفونىنى بۇزۇپ قويدى .

ئەلۋەتتە ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۈچۈر دەۋرىنىڭ مەھسۇلى بولغان چاقىرغۇ - يانفونلارنى ئىشىشنى ئومۇملاشتۇرۇش ياخشى ئىش . بۇ بىزگە بەزىبىر قۇلايلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ . بىراق ، بىز ئاۋۋال ساپايىمىزنى ئاشۇ زامانىۋى ئالاقە ۋاسىتىلىرىگە لايىقلاشتۇرۇشىمىز كېرەك ، بولمىسا يۇقىرىقىدەك كۈلكىلىك ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشى تۇرغانلا گەپ .

مەلۇمكى ، ياپونىيە دۇنيادىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان ،

www.uyghurkitap.com

ئىقتىسادى كۈچلۈك دۆلەت . تەبىئىي بايلىق مەنبەسى چەكلىك بولغان بىر دۆلەتنىڭ شۇ قەدەر قۇدرەت تېپىشىنى ياپونلارنىڭ ئاددىي ـ ساددا ، تېجەشلىك بولۇشتەك ئىقتىسادىي ئېڭىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ .

ئاددىيسىنى ئالايلى ، ياپونىيە هۆل ـ يېغىن مىقدارى ناهايىتى مول ، سۇ بايلىق مەنبەسىمۇ مول دۆلەت سانالسىمۇ ، ئۇلار سۇنى تېجەپ ئىشلىتىش ئۈچۈن يامغۇر سۈيىنى يىغىۋېلىپ هاجەتخانىلارنى تازىلاشقا ئىشلىتىدىكەن .

ياپونىيىنىڭ ماتسۇشتا ئائىلە ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى شىركىتى دۇنياغا داڭلىق . بۇ شىركەت ئىشلەپچىقارغان ئائىلە ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى ماركىسىنىڭ داڭلىقلىقى ، سۈپىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن پۈتۈن يەر شارىدا بازىرى ئىتتىك مەهسۇلات بولۇپ ، مەزكۇر شىركەتكە غايەت زور دەرىجىدە ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم ئېلىپ كەلمەكتە . بۇ شىركەتنىڭ قۇرغۇچىسى ماتسۇشتا كونوسۇكې ئەپەندى 80 ياشتىن ئېشىپ كەتكىنىگە قارىماي هەر كۈنى ئىشقا پىيادە بارىدىكەن . باشقىلار شۇنچە زور بايلىققا ۋە كاتتا شۆهرەتكە ئىگە ماتسۇشتا كونوسۇكې ئەپەندىدىن ئېسىل پىكاپقا ئولتۇرماي ، نېمىشقا پىيادە ماڭىدىغانلىقىنى سورىغاندا ، ئۇ پىيادە ماڭغاندا هەم ئاپتوموبىلنىڭ مېيىنى تېجەپ قالغىلى بولىدىغانلىقىنى هەم سالامەتلىككە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتقان .

دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ باي گايتىس ئەپەندى سىرتلارغا چىقسا ئۆزىگە قاراشلىق مېهمانخانىلارغا چۈشمەي ، ئەرزان باهالىق مېهمانخانىلارغا چۈشىدىكەن . باشقىلار بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا ، ئۇ : «مەن ئەرزان ياتاقلاردا ياتسام ، مەن يېتىشقا تېگىشلىك بولغان ياتاقلاردا باشقا مېهمانلار ياتسا ، ماڭا كىرىم بولغان بولامدۇ» دېگەن .

ئېنىقكى ، ئاشۇ كىشىلەر بىزدە بولىدىغان بولسا بىز ئۇلارنى «پىخسىق» ، «بېخىل» لىقتا ئۇچىغا چىققان دەپ ئەيىبلەپ تاپىنىغان

گېپىمىز قالمىغان بولاتتى . ئۇلار راستتىنلا پىخسىقمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس . ئۇلار شۇنچە تېجەشلىك بىلەن تاپقان پۇللىرىدىن ئاپەت يۈز بەرگەن رايونلارغا ۋە خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرىغا مىليونلاپ پۇل ئىئانە قىلىپ تۇرىدۇ . ئۇلار بىزدىكى «مەرد» لەردىنمۇ ئۆتە مەرد .

ئەنگ ئېچىنارلىقى ، بىزدە ئاددىي ـ ساددا ، تېجەشلىك بىلەن ياشايدىغان ، ئۆزگىچە تۇرمۇش خاھىشىغا ئىگە كىشىلەرنى «پىخسىق» ، «بېخىل» ، «يۇندىسىنى ئىت كۆرمەيدۇ» دېگەندەك سېسىق ناملار بىلەن ئەيىبلەپ ، ئارقىسىدىن گەپ تاپىدىغان ئوسال ئادەت بار . تېخى قىزلىرىمىز هاراق ئىچمەيدىغان ، تاماكا چەكمەيدىغان ، ئويۇن ـ تاماشا بىلەن خوشى يوق يىگىتلەرنى «لۆم ـ لۆم» ، «مۆرىمەس» دەپ ياراتمايدۇ .

خېلى ۋاقىتلىق بىر ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەن ، رايونىمىزدا خېلىلا تونۇلغان بىر ئەدەبىي تەرجىمان بىلەن خېلى قويۇق بېرىش ـ كېلىش قىلىپ تۇرىمەن . ئۇ ئادەتتە هاراق ئىچمەيدۇ ، تاماكا چەكمەيدۇ ، ئايىغى چىقمايدىغان ھېلىقىدەك بەزمە ـ ئولتۇرۇشلاردىنمۇ خالىي يۈرىدۇ . شۇنداق بولغاچقا ، ئۇ بەزىلەرنىڭ «بېخىل» دېگەن ئەيىبلەشلىرىگە ئۇچراپمۇ تۇرىدۇ . ئەمەلىيەتتە ، ئۇنى بېخىل دېگىلى بولمايدۇ . چۈنكى باشقىلار كىيىم ـ كېچەك ، يەپ ـ ئىچىشكە پۇلنى ئايىماي سەرپ قىلغان بولسا ، ئۇ پۇلنى پوكىنىغا بېسىپ ياتماستىن ، گېزىت ـ ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولۇش ۋە قىممەت باهالىق كىتابلارنى سېتىۋېلىشقا ئايىماي خەجلەيدۇ . ئۇنىڭ بىر ئۆيى ھەتتا كىيىم ئىشكاپلىرىغىچە كىتابلار بىلەن پەۋەس تولغان . ئۇ تېخى چەت ئەللەرنىڭ نادىر ھېكايىلىرىنى تەرجىمە قىلىپ ئۇيغۇرلارغا تونۇشتۇرۇپ بېرىۋاتىدۇ . ئۇنىڭ مەخسۇس تەرجىمە كىتابلىرىدىن بىرنەچچىسى نەشر قىلىندى . دېمەك ، بۇ يەردە ئوبوروت بولۇۋاتقان پۇلنىڭ ئوبوروت شەكلىدىلا پەرق بار ، خالاس .

ئومۇمەن ، سىستېمىلىق تەربىيە كۆرمىگەن ، بىلىم ئاساسى

ئاجىز ، كىتاب ـ ژۇرنال كۆرمەيدىغان ، جاھان تەرەققىياتىدىن بىخەۋەر ، روھىي دۇنياسى قۇرۇق ، چالا ساۋات ياكى ساۋاتسىز كىشىلەرلا تاشقى قىياپىتىنى ھەددىن زىيادە بېزەشكە ئالاھىدە كۆچەپ كېتىدۇ ، ئۇنداق كىشىلەرمۇ باشقىلارنىڭ تاشقى قىياپىتىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىدۇ ، ئۇلار مودا قوغلاشقانسېرى كۆتىنىڭ ئېچىلىپ قېلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ . ئۇلار پۈتۈن ئەقىدىسىنى كىيىم ـ كېچەك ۋە زىبۇزىننەتكىلا باغلاپ قويغاچقا ، مەنىۋى بايلىق ، چوڭقۇر تەپەككۇر دېگەنلەردىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس . ئۇلاردا رىقابەت ۋە ئازاب ئېڭى تېخىمۇ يوق . مەۋجۇت دېگەندىمۇ ئۇ چاكىنىلىقتا رىقابەتلىشىدىغان ، ھەسەتتىن پەيدا بولغان ئازابتىن باشقا نەرسە ئەمەس ، خالاس . ماددىي مەنئەتلەرنىڭ غىدىقلىشى بىلەن «يوتقانغا بېقىپ پۇت سۇن» مايدىغان ، «ئىككى نان تاپسا بىرىدە داپ چالىدىغان»لار يەنە ئاخىر بېرىپ ماددىي مەنئەتلەرنىڭ ئۇسسۇلغا سېلىشى بىلەن پاجىئەلىك ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ . ئۇلار ئەڭ بىچارە روھىي دىۋانىلەر بولۇپ ، ھە دېسىلا ئۇششاق گەپ تاپىدۇ ، ھە دېسىلا ئەيىبىنى باشقىلارغا دۆڭگەپ قويىدۇ .

«ئاسىيا كىندىكى» گېزىتىدىن نەچچە مىليون پۇل خەجلەپ يېتىم ـ بالىلار مەكتىپى قۇرغان مەرىپەتپەرۋەر باي نۇرتاي ھاجىم ئىسكەندەر ھەققىدە يېزىلغان بىر ماقالىنى ئوقۇغانىدىم . مۇخبىر قىز نۇرتاي ھاجىم ئىسكەندەرنىڭ ئايالىنى زىيارەت قىلىۋاتقاندا ، ئۇنىڭ ئۇستىبېشىنىڭ ناھايىتى ئاددىي بولۇپ ، نە قۇلىقى ، بويىنى ، قولىدا ئالتۇن زىبۇزىننەتلەرنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ ئىزا تارتقىنىدىن قۇشلاپ ئالتۇن ئۈزۈك سېلىنغان قولىنى كەينىگە يوشۇرۇشقا مەجبۇر بولغانلىقىنى سەممىيلىك بىلەن يازغانىكەن .

دېمەك ، ماددىي دۇنياسى ھەم مەنىۋى دۇنياسى باي كىشىلەر باشقىچە سۆيۈملۈك كېلىدۇ . ئۇلارنىڭ «ئىچى» ، «سىرتى» دىنمۇ گۈزەل كېلىدۇ .

قىسقىسى ، ئىقتىسادىي ئەھۋالى بىزدىن كۆپ ياخشى ، بىلىم قۇرۇلمىسى بىزدىن مۇكەممەل بولغان ئۆزگە مىللەتلەر شۇنچە ئاددىي ـ ساددا ، تېجەشلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ، بىزمۇ ھەربىر ئىشنى ئويلاپ قىلىشىمىز ، ئارتۇقچە ھەشەمەتچىلىككە بېرىلمەسلىكىمىز لازىم .

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# پۇلنى قانچىلىك خەجلىسىڭىز خەجلەڭ، ئەمما ئاتا - ئانىڭىزنى ئۇنتۇماڭ

1999 - يىلى 11 - ئايدا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى ئۇيۇشتۇرغان ياش كادىرلارنى تەربىيىلەش كۇرسى تەركىبىدە شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا جەمئىيەت تەكشۈرۈشكە قاتناشتىم.

ئۈرۈمچىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈنلەردە مۇنداق بىر ئىش مېنى ئويغا سالدى: بىز ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا ئىقتىسادنى ئېچىش رايونىدىكى «مەشئەل» سارىيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. تولىمۇ ھەيۋەتلىك، كۆركەم قىلىپ سېلىنغان بۇ كاتتا ساراي ئۆزىدە كۆرگەزمە، ئۇچۇر، سودا ۋە ھەر خىل ئەلا مۇلازىمەت ئىقتىدارلىرىنى تولۇق ھازىرلىغان بولۇپ، خۇشپىچىم مۇلازىملارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ھەممە تۇرلەردىن بىرقۇر چۈشەنچە ھاسىل قىلىپ كۆزىمىز خېلىلا ئېچىلىپ قالدى.

ئاخىرىدا مۇلازىملارنىڭ يول باشلىشى بىلەن يۇقىرى قەۋەتلەردىكى كۆڭۈل ئېچىشنى مەزمۇن قىلغان مۇلازىمەت تۈرلىرى بىلەنمۇ يۈزەكى تونۇشۇپ چىقتۇق. ناھايىتى كۆركەم بېزەلگەن ئايرىم خانىلار، كارا KO زاللىرى، غۇۋا قاۋاقخانىلار، مۇنچا، بەدەن ئۇۋۇلاش ئۆيلىرىگە قوشۇلۇپ شۇ يەرلەرگە سەپلەنگەن نەپىس مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرى ھەقىقەتەنمۇ كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىكەن.

مۇلازىملارنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ سارايغا دۆلەت ئىچى - سىرتىدىن كېلىدىغان سودىگەرلەر، ساياھەتچىلەرنىڭ ئايىغى

ئۆزۈلمەيدىكەن . ئاشۇ ھەشەمەتلىك خانىلارغا ئېلىپ بارىدىغان كارىدورنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىدىكى كىچىكرەك بىر ئېغىزلىق ئارامگاھنىڭ تېمىدىكى كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان جايغا بىر پارچە رەسىم ئېسىپ قويۇلۇپتۇ . رەسىمدە شىمالىي جۇڭگو يېزىلىرىدىكى دېھقانلارغا خاس بېشىغا لۆڭگە چېگىۋالغان ، يۈزىنى چوڭقۇر قورۇقلار قاپلىغان ، ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزلىرىدىن بىر خىل مۇڭ يېغىپ تۇرىدىغان ، قىسقىسى يوقسۇزلۇق ، جاپا - مۇشەققەتنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان بىر دېھقان بوۋاينىڭ ئوبرازى ناھايىتى جانلىق سۈرەتلەنگەنىدى . رەسىمنىڭ تېمىسى «ئاتا» ئىدى . بىرلا قارىغان ئادەمگە بۇ رەسىم بۇ يەردىكى جەننەت كەبى باياشاتلىق مۇھىتقا زادىلا ماس كەلمىگەندەك تۇيغۇ بېرىپ تۇراتتى .

رەسىمنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە ئېسىپ قويۇلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سورىۋىدىم ، مۇلازىمەتچى جاۋابەن مۇنداق دېدى :

— بۇ يەرگە ئاساسەن يۇقىرى ئىستېماللىق مۇلازىمەتنى قوغلىشىدىغانلار كېلىدۇ ، ئۇلار ئاشۇ رەسىمنى كۆرسە بەلكىم ئاتا - ئانىلىرىنى ، يېزىلاردا قىيىن ھالەتتە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلارنى يادىغا ئېلىپ پۇلنى سۇدەك خەجلەشنىڭ ئورنىغا بىرەر ساۋابلىق ئىش قىلىش كويىغا كىرىپ قالسا ئەجەب ئەمەس . قىسقىسى ، بۇ رەسىمنى پۇلنى قانچە خەجلىسىڭىز خەجلەڭ ، بىراق ئاتا - ئانىڭىزنى ئۇنتۇماڭ دېگەن مەقسەتتە ئېسىپ قويدۇق .

دۇرۇس ، ھەركىمنىڭ ئۆزى تاپقان پۇلنى قانداق خەجلەش مەسىلىسىدە ئۆز ئەركىنلىكى بار . بىراق ، پۇل تېپىشنىلا بىلىپ ئۇنى ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا خەجلەشنى بىلمەيدىغانلارغا تېگىشلىك سىگنال بېرىپ سەگىتىپ تۇرۇشتا جەمئىيەتنىڭ ئاز - تولا مەسئۇلىيىتى بارمۇ ، قانداق ؟ «مەشئەل» سارىيى بۇ ئىشتا كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىغا ئۈن - تىنسىز تەسىر كۆرسىتىشتەك ئۈنۈملۈك ئۇسۇلنى قوللىنىپ ، كىشىلەرنى ئىجابىي جەھەتتىن تەربىيىلەش بىلەن بىللە ، نوقۇل پۇلنىلا قوغلىشىپ

كەتمەيدىغانلىقىنى نامايان قىلغان .

ھېلىھەم ئاشۇ رەسىمدىكى بوۋاينى ئويلىسام بالىلىرىنى يارامىلىق ئادەم قىلىپ تەربىيىلەش يولىدا بىر ئۆمۈر جاپانىڭ قۇلى بولۇپ ئۆتۈۋاتقان ئاتا ـ ئانىلار ؛ ئۇ يىلدىن بۇ يىلغا بىرەر كىلو گۆش ، ئېغىزغا تېتىغۇدەك بىرەر ۋاخ قۇۋۋەتلىك تاماق ئېلىپ يېيەلمەي ، توخۇسى تۇغۇپ بەرگەن تۇخۇمنى ياغلىقىقا چىگىپ ، ئۇتياشلىقىدىكى كۆكتاتلىرىنى قولتۇقىغا قىسىپ نەچچە كىلومېتىر پىيادە يول يۈرۈپ بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ سەرەڭگە ، سوپۇن دېگەندەك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى سېتىۋېلىپ ئاچ قورساق ھالەتتە ئۆيگە قايتىپ كېلىدىغان دېھقانلار ؛ كىيىملىرى يىرتىق ، چېھرىدىن توپا ـ چاڭ ئۆرلەپ تۇرغان ، سەبىي كۆزلىرىدىن مۆڭ تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ئوقۇشسىز باللار ئىختىيارسىز ھالدا كۆز ئالدىمدا پەيدا بولىدۇ .

بىزدە ئاتا ـ ئانىلار ھەققىدە نۇرغۇن قەسىدىلەر يېزىلدى . كۆپلەپ پۇل خەجلىنىپ ئاتا-ئانىلارنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن تەلەپ قىلىنغان سەنئەت نومۇرلىرى تېلېۋىزورلىرىمىزدا كۆرسىتىلدى ھەم كۆرسىتىلىۋاتىدۇ . بۇ بىر ياخشى ئىش . ئەمما ، بىز ئاتا ـ ئانىلارغا پەرزەنتلىك مېھرى ـ مۇھەببىتىمىزنى زادى قانچىلىك ھېس قىلدۇرالىدۇق ؟

رېستورانلىرىمىزدىكى بىر شىرەلىك نازۇنېمەتلەرنىڭ پۇلچىلىك پۇلنى يىل بويى توپا ـ چاڭلارغا مىلىنىپ ئىشلىسىمۇ تاپالمايدىغانلار بىزدە بەك كۆپ . قىز ـ يىگىت تويى ، بۆشۈك تويى ، سۈننەت تويى ، توي خاتىرە چېيى ، قاتار چاي ، ئات چاي ، تام چاي ، ئەمەل چاي ، دوستلار ئۇچرىشىشى . . . . دېگەندەك رېستورانلىرىمىزنى ئاۋاتلاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئائىيىغى ئۈزۈلمەس پائالىيەتلىرىمىزدە بەزى نازۇنېمەتلەر ھەتتا چوكا تېگەر ـ تەگمەيلا ئاشقان ـ تاشقان تائاملار قاتارىدا تۆكۈپ تاشلىنىدۇ ، بۇنداق ئىسراپچىلىقلار ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرىدۇ . بىزدە

ئاشۇنداق نىمەتلەرگە بىر ئۆمۈر ئىغىز تەگكۈزەلمەي ئالەمدىن كېتىدىغانلار ھېلىھەم بەك جىققۇ؟

ئەجىبا بىزنىڭ رېستورانلىرىمىز «مەشئەل» سارىيىدىكى «ئاتا» غا ئوخشاش جانلىق تەربىيە ئارقىلىق كىشىلىرىمىزنى ئىسراپچىلىقتىن تۈسۈشنىڭ بىرەر ئامالىنى قىلسا بولماسمىدى؟ ھېچبولمىسا كىشىلىرىمىزنى ئىسراپچىلىقتىن ساقلىنىپ، تېجەشلىك بولۇشقا ئۈندەيدىغان سۆزلەرنى يېزىپ تامغا ئېسىپ قويۇشقۇ قولىمىزدىن كېلەتتىغۇ؟ ئېھتىمال بۇ ئىستېمالچىلىرىمىزغا نىسبەتەن ئارتۇقچە بولسا كېرەك. لېكىن رېستورانلىرىمىزمۇ پۇلدىن باشقىسىنى ئانچە تونۇپ كەتمەيدىغاندەك قىلىدۇ.

دېمىسىمۇ راست، ھازىر رېستورانلىرىمىزغا پۇلى ئازلار كىرىشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان ھالەت شەكىللەنگەن بولغاچقا، مۆتلەق كۆپ ساندىكى خېرىدارلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىپ «چىۋىن قورۇش »قا يۈزلەنمەكتە. بەزىلىرى ئىشىكنى تاقاشقا مەجبۇر بولماقتا. مانا بۇ ئىككى خىل ئۇنۇمگە تەڭ ئېتىبار بەرمىگەنلىكنىڭ نەتىجىسى.

سىز باشقا يۇرتتىن كەلگەن، كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بولغان دوستىڭىزنى ئېلىپ بىرەر رومكىدىن ئىچىشكەچ مۇڭدىشىش ئۈچۈن رېستورانغا كىرىسىز، ئادەم سانىغا قاراپ بىرنەچچە قورۇما بۇيرۇتىسىز كۈتكۈچىلەر «ئاران مۇشۇلىما؟ھالىڭىغا ۋاي» دېگەننى قىلىپ چىرايىنى بىر قىسما پۇرۇشتۇرۇپ قويىدۇ. ھەتتا رېستوران خوجايىنىنىڭ نەزەرىدىمۇ «پىخسىق» سانىلىپ ئوسال ھالەتتە قالىسىز. ئەتراپىڭىزغا قارىسىڭىز باشقا شىرەلەر نازۇنېمەتلەر بىلەن توشۇپ كەتكەن. شۇنداق چاغدا كۈتكۈچىلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كېلىپ «قارىغۇنى تار يەردە قىستىغان» دەك سىزدىن بۇيرۇتما تەلەپ قىلىدۇ. تەڭلىكتە قېلىپ بىرنەچچە قورۇمىنى يەنە بۇيرۇتۇشقا مەجبۇر بولىسىز. نەتىجىدە قورساقنىڭ

www.uyghurkitap.com

چېكى بولغاچقا بۇيرۇتمىلار ئېشىپ قالىدۇ . خوجايىنلارنىڭ بۇنىڭ بىلەن كارى يوق ، سىزدىن پۇل ئالسىلا بولغىنى. ھېلىقىدەك بۇ ئىكەن ، ئۆزىڭىز يالغۇز كىرىپ بىر شىرەلىك زىياپەت بۇيرۇتۇپ شۇ پېتى ئاشۇرۇپ قويسىڭىزمۇ خوجايىن قېتىغىمۇ ئېلىپ قويماي پۇلنى ئېلىۋېرىدۇ .

بىراق ، بۇ خىل ئادەتلەر ئادەملەرنىڭ ئەمگىكى ، قەدىر - قىممىتى ھەققىي يوسۇندا قەدىرلىنىدىغان مەدەنىيەتلىك ئەللەردە مەدەنىيەتسىزلىك ، ئەخلاقسىزلىق دەپ قارىلىدۇ ، ھەتتا جىنايەت ھېسابلىنىدۇ . «بېخىل»لىقنى بىر خىل گۈزەللىك دەپ قارايدىغان گېرمانىيىلىكلەر تاماق ئاشۇرۇپ قويغۇچىلارنى مەدەنىيەتسىز دەپ قارايدىكەن ، سىنگاپورنىڭ قانۇنىدا «ئاشپۇزۇللاردا يېمەكلىكلەرنى ئىسراپ قىلغۇچىلار ھەسسىلەپ ھەق تۆلەيدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن . بىر - بىرلەپ مىسال ئېلىپ ئولتۇرمىساقمۇ چەت ئەللەرنىڭ كىنو ، تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدىن ئۇلارنىڭ غىزالىنىش ئەھۋالىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىزغۇ ؟

قارىغاندا ، بىزدىكى رېستوران ئىسراپچىلىقىنى تۈگىتىشتە يالغۇز ئىستېمالچىلارغا ۋەز ئېيتىش بىلەنلا ئىش تۈگىمەيدىغاندەك قىلىدۇ . يەنە رېستورانلارمۇ مەسئۇلىيەتنى ئاز - تولا زىممىسىگە ئالمىسا بولمىغۇدەك .

# يېزا باشلىقى، زوڭتوڭغا قاراڭچۇ؟!

بالىلىرىمىزنى قانداق تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلغان «بالا، ئۇ نوقۇل بېقىشقىلا موھتاج ئەمەس» ناملىق بىر ماقالىنى يېزىپ بولۇپ، ئۇنى بىرەر مەتبۇئات ئورۇنلىرىغا ئەۋەتىپ بېقىش مەسىلىسى ئۇستىدە ئويلىنىپ يۈرگەن كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە «تەڭرىتاغ» ژورنىلىنىڭ 2002 ـ يىلى 3 ـ سانىدىكى ئەل دەرمانىنىڭ «يېزا باشلىقىنىڭ بالا تەربىيىلىشى ۋە مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئۆلۈمى» ماۋزۇلۇق ئەدەبىي خاتىرىسىنى ئوقۇپ ئىختىيارسىز ھالدا شۈركۈنۈپ كەتتىم ھەم بالا تەربىيىلەش مەسىلىسىدە بىزدە يالغۇز كەڭ ئاۋامدىلا ئەمەس، بەلكى ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرىمىز ۋە زىيالىيلار قاتلىمىمىزدىمۇ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە مەسىلە ساقلىنىۋاتقانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، ئىشنىڭ تېخىمۇ چاتاقلىقىنى ھېس قىلدىم.

ئۆز ھېسسىياتىم مېنى بۇ ھەقتە ئىككى ئېغىز لىللا گەپ قىلىپ بېقىشىمغا ئۈندىدى.

«ئىنسان بالىسىنى قىزىل قۇرت ۋاقتىدىن باشلاپ كۆڭۈل قويۇپ، تۇجۇپىلەپ تەربىيىلىشى ئىنتايىن زۆرۈر. ئۇنداق بولمىغاندا بالا ئۆزىنىڭ يامان خۇلق ـ مىجەزلىرى بىلەن يۇرت ـ جامائەت ئىچىدە، ئۆزىنى ئاپىرىدە قىلغان ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بېشىغا ‹بالا› بولۇپ، بوۋاق چېغىدىن باشلاپ يېمەي يېگۈزۈپ، كىيمەي كىيدۈرۈپ، قولىنى كۆسەي، چېچىنى سۈپۈرگە قىلىپ چوڭ قىلغان ئانىسىنى، ئۇسكەككە ئۇستۇرمەي، تەپكەككە تەپتۈرمەي كۆزىگە قاراپ چوڭ قىلغان ئاتىسىنى زار ـ زار قاقشىتىپ، مەڭگۈلۈك پۇشايماندا، ھەسرەت نادامەتتە قالدۇرىدۇ. دەر ھەقىقەت

بالىنى بېقىش ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى ياخشى تەربىيىلەش ھەربىر ئاتا - ئانىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى ۋە مۇقەددەس بۇرچى»[1] دەپ يازىدۇ.

يەنە مەزكۇر ئەدەبىي خاتىرىدە يېزىلىشىچە، 2001 - يىلى 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى رايونىمىزنىڭ مەلۇم ناھىيە ×× يېزا مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ 6 - يىللىق 2 - سىنىپىنىڭ مۇدىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر كۈنلۈك پائالىيىتى ئاخىرلىشىپ مەكتەپتىن قويۇپ بېرىشتىن بۇرۇن، ئوقۇغۇچىلارغا ئەتىسى چۈشتىن كېيىن ئەمگەك بارلىقىنى ئېيتىپ، ھەربىر ئوقۇغۇچىغا جەزمەن ئەمگەك قورالى ئەكېلىشىنى تاپشۇرغان بولسىمۇ، ئەمما شۇ يېزىدىكى يېزا باشلىقىنىڭ ئوغلى قاتارلىق ئاز بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار ئەمگەك قورالى ئەكەلمىگەن. سىنىپ مۇدىرى بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا يېزا باشلىقىنىڭ ئوغلى زادىلا بوي بەرمەي نوچىلىق قىلغان. گېپىنى ئۆتكۈزەلمىگەن سىنىپ مۇدىرى ئاخىر مەكتەپ مۇدىرىنى ياردەمگە چاقىرىشقا مەجبۇر بولغان.

مەكتەپ مۇدىرىمۇ ئوخشاش ئۇسۇل بويىچە بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرگەندە يېزا باشلىقىنىڭ ئوغلى: «بىزنىڭ ئۆيدە كەتمەن - گۈرجەك بولمىسا» دەپ قاتتىق تېگىپ ئىككى قولىنى شىمىنىڭ يانچۇقىدىنمۇ چىقارماستىن، نوچىلىق بىلەن ھۇرپەيگەن. بۇ ئىشتىن خورلۇق ھېس قىلغان مەكتەپ مۇدىرى يېزا باشلىقىنىڭ ئوغلىنىڭ پېشانىسىگە بوشقىنا نوقۇپ قويغانغا ئۇ: «مەكتەپ مۇدىرى ئادەم ئۇردى، بۇنداق مەكتەپتە ئوقۇمايمەن، ۋۇي ×× چى» دەپ ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىغىنىچە يېزىلىق ھۆكۈمەت مەجلىسخانىسىغا ئۇسۇپ كىرىپ مەجلىس ئېچىۋاتقان دادىسىغا چېقىشتۇرغان.

يېزا باشلىقى ئاق - قارىنى پەرق ئەتمەيلا مەكتەپ مۇدىرىنىڭ

---

[1] جالڭ يەنخۇا، «ياۋروپا بىزدىن قانچىلىك يىراق؟»، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2002 - يىلى 3 - سانى، 68 - بەت.

كەيىندىن : «قانداق سالپىكەن ئۇ ، مەندەك يېزا باشلىقىنىڭ ئوغلىغا قول تەگكۈزۈشكە جۈرئەت قىلالىغۇدەك...» دەپ ئالاتاغىل تووۋلاپ ۋارقىرىغىنىچە ئېچىۋاتقان يىغىنىغىمۇ پەرۋا قىلماي بېرىپ مەكتەپ مۇدىرىنى ئۇرماقچى بولغاندا يىغىن ئەھلى ، سالا - سۆلھ قىلىپ ئۇنى توختىتىپ قويغان بولسىمۇ ، ئەمما ئۇ شۇ كۈنىلا يېزىلىق مائارىپ ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرىنى چاقىرىپ كېلىپ : «مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلايسەن ، يېزا بويىچە ئەڭ چەت مەكتەپكە يۆتكىۋېتىسەن ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېغىر چارە كۆرىسەن ، مەكتەپ مۇدىرىنىڭ يېزا بويىچە بارلىق ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا ھەمدە مېنىڭ بالام ئوقۇۋاتقان سىنىپتا ئۆزىنى تەكشۈرۈشكە ، بالامدىن يۈزتۇرا ئەپۇ سوراشقا ئورۇنلاشتۇرىسەن . ئەگەر يۇقىرىقىلار ئەمەلىيلەشمىسە مەن دەپ قوياي ئۆزۈڭگە ئاگاھ بول...» دەپ بۇيرۇق سوققان .

مەكتەپ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان ھەم يېزا بويىچە ئەڭ چەت مەكتەپكە يۆتكىۋېتىلگەن ياسىن ئىمىن بۇنداق ناھەق ھاقارەت ۋە زەربە دەستىدىن بەش كۈن قاتتىق ئازابلىنىپ مېڭىسىگە قان چۈشكەنلىكتىن 2002 - يىلى 1 - يانۋار ئۆلۈپ كەتكەن .

شۇنداق قىلىپ ئۆزىنىڭ بارلىقىنى مىللىتىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن بېغىشلىغان بىر يارامىلىق مەكتەپ مۇدىرى بىر بىغەرەز يېزا باشلىقى ئوغلىنىڭ قۇربانى سۈپىتىدە دەپ - دەپسىزلا ئۇ دۇنياغا ئۇزىتىپ قويۇلغان .

ئەجبا ، ئاشۇ يېزا باشلىقى بۇ پاجىئەدىن ئاز - تولا ئويلىنىش ھاسىل قىلغانمىدۇ ؟ چۈنكى بىر ئادەمنىڭ ھاياتىغا زامىن بولۇش كىچىك ئىش ئەمەستە ؟ «1999 - يىلى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاۋىستىرىيىنىڭ تاشقى ئىشلار ساقچىلىرى نىگىرىيىلىك قانۇنسىز كىرگەن بىر كۆچمەننى ئۆز دۆلىتىگە قايتۇرۇش جەريانىدا ئۇنىڭ ئۆلۈپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقتىن ، ۋەزىپە ئىجرا قىلغان

www.uyghurkitap.com

ئۈچ ساقچى خىزمەتتىن بوشىتىلغان. ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىشكە مەجبۇر بولغان. دۆلەت باشلىقلىرىمۇ بۇ ئىشقا بىۋاسىتە ئارىلىشىپ ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى قوبۇل قىلغان ۋە خېلى كۆپ نەپىقە پۇلى ئاجرىتىپ بەرگەن».

ئادەمنىڭ قەدىر - قىممىتى ۋە كىشىلىك ھوقۇقى تولۇق ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان غەرب ئەللىرىدە بىر كۆچمەن نېگىرنىڭ ئۆلۈمى ئۈچ ساقچىنىڭ ئىشتىن بوشىتىلىشىغا، بىر مىنىستىرنىڭ ئىستېپا سورىشىغا ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ ئاشكارا ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئوچۇق - ئاشكارا ئەپۇ سورىشىغا سەۋەب بولغان. يەنە كېلىپ ئۇ چېگرىدىن ئوغرىلىقچە كىرگەن بىر قانۇنسىز ئۇنسۇر ئىدىغۇ.

ۋەھالەنكى، بىزدىن ۋاقىتسىز ئايرىلغان مەرھۇم مەكتەپ مۇدىرى ياسىن ئىمىن بولسا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد مۇشۇ مۇقەددەس تۇپراققا قان - تەر ئاققۇزغان سېپى ئۆزىدىن يەرلىك ئۇيغۇر ئەۋلادى بولۇپ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇنلۇق پۇقراسى، ئۆز ھاياتىنى ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش يولىغا ئاتىغان يارامىلىق مائارىپچى ئىدىغۇ. نېمىدەپ بىر قانۇنلۇق دۆلەت پۇقراسىنىڭ ئۆلۈمى بىر قانۇنسىز كۆچمەننىڭ ئۆلۈمىچىلىكمۇ بولالمايدۇ؟

دېمىسىمۇ، مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن بىزدە ھېچكىممۇ ئىشتىن بوشىتىلمىدى، ھېچقانداق بىرەر مىنىستىرمۇ ئىستېپانامە سۇنمىدى، ھېچقانداق بىرەر رەھبەرمۇ ئوتتۇرىغا چۈشۈپ مەرھۇمنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن ھال سوراپ قويمىدى ۋە نەپىقە پۇلى ئاجرىتىپ بەرمىدى. بىزدە مەرھۇم مەكتەپ مۇدىرىدەك تۈرلۈك ناھەقسىزلىكلەر تۈپەيلى ئۈن - تىنسىزلا ئۇ دۇنياغا كېتىپ قالىدىغانلار خېلى بار. شۇنىڭغا قاراپ ئادەم: «بىزنىڭ بۇ يۇرتلاردا جاننىڭ ھېچقانداق قەدىر - قىممىتى يوقكەن» دېگەن تۇيغۇغا كەلمەي قالمايدۇ.

ۋادەرىخا ، بۇنىڭغۇ قويۇپ تۇرايلى ، رايونىمىزنىڭ قاراماي شەھىرىدە 1994 ـ يىلى قىشتا يۈز بەرگەن پەۋقۇلئاددە زور ئاپەتتە ، 300 دىن ئارتۇق ئادەم كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىپ كەتكەندىمۇ ھېچقانداق بىرەر ئىستېپا سوراشلا بولمىدىغۇ؟

ئاشۇ ئىككى خىل ئۆلۈمدىنلا بىزدە كىشىلىك قەدىر ـ قىممەتنىڭ ، كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ، ئىنسانىي ھاياتنىڭ ، ۋىجدان ، ئار ـ نومۇس تۇيغۇسىنىڭ ، مەسئۇلىيەت ئېڭىنىڭ ، قانۇن ـ تۈزۈم قارىشىنىڭ ھەققانىيەت تۇيغۇسىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە تۆۋەن تۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولمامدۇ؟ مەمۇرىي ھوقۇق قانۇنىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالغان ، نومۇس ، ۋىجدان ، غۇرۇر تۇيغۇلىرى ئىمتىياز ھەيۋىسىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىۋاتقان جەمئىيەتتە ياشاشنى ھەربىر ۋىجدان ئىگىسى ، ئىمانى ئەركەك ئىنسان ئۇچۇن ئېيتقاندا پاجىئە دېمەي بولمايدۇ ، ئەلۋەتتە .

بىر پۈتۈنسۈرۈك يېزىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ چاقپەلەكتەك چۆرۈۋاتقان ، مىڭلىغان خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئۇلارغا يول باشلاۋاتقان ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئىشىنىپ رەھبەرلىك ئورنىغا قويغان ، خەلق ھىمايە قىلىپ سايلىغان بىر يېزا باشلىقى ئۆزىنىڭ بالىسىنىمۇ تۈزۈك ئادەم قىلىپ تەربىيىلىيەلمىگەن يەردە ، قانداقمۇ نەچچە مىڭلىغان خەلققە رەھبەر بولالىسۇن؟

«ئاتا جەلپكارلىق خىسلىتىگە ئىگە بولمىسا ، ئۇ دەل شەيدالىقى تۇپەيلى ، ئۆز پەرزەنتىنى سەنئەت بۇيۇمىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ . ئۇ ، پەرزەنتلىك بولۇشنى ، پەرزەنتىدىن زوق ئېلىشنىلا بىلىپ ئۇنىڭ ئەركىنلىكى ۋە بەختى ئۇچۇن مۇھىم بولغان مۇھىتنى يادىدىن چىقىرىپ قويسا ، بۇ ھەرگىزمۇ بىر ئىنسان كۆپىيىشىنىڭ ئالامىتى ئەمەس . بىر ئاتا پەرزەنتلىك بولۇشتىن ئىلگىرى ماددىي ۋە مەنىۋى مەھكۇملۇقتىن قۇتۇلغان بولۇشى ئىنتايىن زۆرۈر . ئۇ ئۆزىنىڭ ئىنسانىي قەدىر ـ قىممىتىنىڭ مەنىسىنى سىياسىي ، ئىقتىسادىي ، ئېتىقادى رەۋىشتە ئازاد قىلالىغان بولۇشى كېرەك .

ئۇ شۇ چاغدىلا پەرزەنتلىك بولۇشنى ھايۋانىي كۆپىيىشتىن شەرەپلىك ئىنسانىي كۆپىيىش دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن بولىدۇ»①. ئۇنداق بولمىسا، ئادەمنىڭ بالىلىق بولۇشى بىلەن ھايۋاننىڭ نەسىل قالدۇرۇشىنىڭ ھېچقانداق پەرقى بولماي قالىدۇ.

ئەي، يېزا باشلىقى بەلكىم سىز بۇ ھەقتە تۈزۈك ئويلىنىپ باقمىغان، ھەممىلا ئىشقا ھوقۇق نۇقتىنەزىرىڭىز بويىچىلا مۇئامىلە قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن ئوخشايسىز. سىز ئوغلىڭىزنىڭ خاتالىقلىرىغا چاپان يېپىش بەدىلىگە ئۇنى قانداق ئادەم قىلىپ تەربىيىلىمەكچى؟ سىز بەلكىم بۇنى ئوغلىڭىزغا بولغان كۆيۈنۈش دەپ قارىغاندۇرسىز، ئەمما ئۇ كۆيۈنۈش بولماستىن ئوغلىڭىزنىڭ مۇستەقىل دۇنيا قاراشقا، كۈچلۈك ھەققانىيەت تۇيغۇسىغا، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش خاراكتېرىگە، تەشكىلىي ئىنتىزام بولغانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەسقۇ، ھازىرغۇ ھوقۇق كوزىرىڭىزنىڭ سايىسىدە ئوغلىڭىزغا چاپان ياپارسىز، ئەمما كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوغلىڭىز سىزدىن ئايرىلىپ قالسا قانداق كۈن ئالار؟

يېزا باشلىقى، بەلكىم سىزنىڭچە بولغاندا سىز يېزا باشلىقى بولغانلىقىڭىز ئۈچۈنلا سىزنىڭ قىلغىنىڭىز قىلغان، ئەتكىنىڭىز ئەتكەن بولۇشى؛ ھېچكىمنىڭ سىزگە ۋە سىزنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىڭىزغا چىش يېرىپ بىر نېمە دېمەسلىكى، ھەتتا سىزلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭىز خاتا بولغان تەقدىردىمۇ يول قويۇپ، «خوش – خوش»، «سىلى ئۆزلىرى» دەپ قول قوشتۇرۇپ تۇرۇشى لازىم ئوخشىمامدۇ؟

يېزا باشلىقى، ئوغلىڭىزنىڭ ئېيتىشىچە سىلەرنىڭ ئۆيدە كەتمەن، گۈرجەك دېگەندەك دېھقانچىلىق ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان ئەڭ ئاددىي ئەمگەك قوراللىرىمۇ يوقكەن. شۇنداق تۇرۇپ سىز قانداقمۇ يېزا كادىرى بوپ قالغانسىز؟ قانداقمۇ

---

① ئابدۇقادىر جالالىدىن: «ئوغلۇم بابۇر»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 2002 - يىلى، 3 - سان، 17 - بەت.



www.uyghurkitap.com

دېھقانلار بىلەن «ئەمگەكتە بىرگە بولغان» سىز؟
يېزا باشلىقى، سىز ئويلاپ بېقىڭ. سىز بىر كومپارتىيە ئەزاسى، بىر رەھبىرىي كادىر بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن يولداش جياڭ زېمىن ئوتتۇرىغا قويغان «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ئىدىيىسىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزەلەيسىزمۇ؟ سىز ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىپسىزمۇ ياكى ئۆزىڭىزنىڭ، ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىڭىزنىڭ مەنپەئىتىگىلا ۋەكىللىك قىلىپسىزمۇ؟ سىز لاياقەتلىك كومپارتىيە ئەزاسى، خەلقنىڭ ياخشى رەھبىرى، مەسئۇلىيەتچان ئاتا بولۇشقا مۇناسىپمىكەنسىز؟
2001 - يىلى 4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدىكى مەلۇم شەھەرنىڭ شەھەر باشلىقى ئۆمەك باشلاپ فرانسىيە ئاۋئاتسىيە شىركىتىنىڭ نۆۋەتچى ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ ۋەتەنگە قايتماقچى بوپتۇ. ئۇنىڭ ئەزالىرى ئادەتتىكى بۆلمىگە، شەھەر باشلىقى كاستۇم - بۇرۇلكىلارنى كىيىپ، گالستۇكلىرى تاقاپ راسا گىدەيگىنىچە ئالىي دەرىجىلىك بۆلمىگە چۈشۈپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇ جانابىي شەھەر باشلىقىنىڭ يۈك - تاقلىرى بەك كۆپ بولغاچقا بەش - ئالتە كىشىلىك ئورۇننى ئىگىلىۋاپتۇ. ئايروپىلان خىزمەتچىلىرى بۇنىڭ بەلگىلىمىگە خىلاپ ئىكەنلىكىنى شۇنچە چىرايلىق سۆزلەر بىلەن چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ھېلىقى داپيوز شەھەر باشلىقى جۇڭگودىكى چاغدا ھە دېسىلا ھوقۇق كوزىرىنى ئىشقا سېلىپ زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىشقا ئادەتلىنىپ قالغاچقا ئايروپىلان خىزمەتچىلىرىنى كۆزىگە ئىلىپمۇ قويماپتۇ. ئاخىر ساقچىلار يېتىپ كېلىپ شەھەر باشلىقىنى ئايروپىلاندىن قوغلاپ چۈشۈرۈپتۇ. بۇ سەتچىلىك ئاخبارات ۋاستىلىرىدا ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، بىمەھەل خەلقئارا جامائەت پىكرىنىڭ مۇنازىرە ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالغاندى.
يېزا باشلىقى، ئەگەر يۇقىرىقى سەتچىلىكنىڭ تەپسىلاتىغا يەنىمۇ قىزىقسىڭىز ئۇنداقتا گۇۋاڭدۇڭ ئۆلكىسىدە نەشر

قىلىنىدىغان «جەنۇب كۆزنىكى» ژۇرنىلىنىڭ 2001 - يىللىق 7 - سانىنى تېپىپ تەرجىمانىمىزغا ئوقۇتۇپ ئاڭلاپ بېقىڭ.

يېزا باشلىقى، سىز بەلكىم «ئاسىيادىكى تۆت ئەجدىھا» نىڭ بىرى بولغان كورىيەنى تىپىك كاپىتالىزم دۆلىتى دەپ قاراپ، شۇ دۆلەتتىكى سىزگە ئوخشاش ھوقۇقدارلارنىڭ، ھەتتا ئىمتىياز جەھەتتە سىزدىن نەچچە دەرىجىدە يۇقىرى تۇرىدىغان دۆلەت زۇڭتۇڭىنىڭ ئۆز پەرزەنتىنىڭ خاتالىقى يۈزىسىدىن پۈتۈن مەملىكەت خەلقىدىن ئوچۇق - ئاشكارا ئەپۇ سورىغانلىقىنى ئاڭلاپ ئانچە قېتىڭىزغا ئېلىپ كەتمىگەنسىز تايىنلىق. شۇنداقتىمۇ كورىيە زۇڭتۇڭى جىن داجۇڭغا نەزىرىڭىزنى بىر ئاغدۇرۇپ بېقىڭ؟!

گېزىت خەۋىرى:

جىن داجۇڭ ئوغلىنىڭ چىرىكلەشكەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن ئاشكارا ئەپۇ سورىدى.

[فرانسىيە ئاخبارات ئاگېنتلىقى خەنچېڭ، 21 - ئىيۇن تېلېگراممىسى] تەپتىش ئەمەلدارى بۈگۈن كورىيە زۇڭتۇڭى جىن داجۇڭنىڭ يەنە بىر ئوغلىنى چىرىكلىشىش جىنايىتى بىلەن قولغا ئېلىپ، بۇ رەھبەرنى ئوچۇق - ئاشكارا ئەپۇ سوراشقا مەجبۇر قىلدى.

جىن داجۇڭ نەق مەيداندىن كۆرسىتىلگەن تېلېۋىزىيە خەۋىرىدە مۇنداق دېدى: «ئۆتكەن بىرنەچچە ئايدا ئوغۇللىرىمنى ياخشى باشقۇرالمىغانلىقىمنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستۈمگە ئېلىشىم كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىم، قوللىغۇچىلىرىمنىڭ دىلىغا ئازار بېرىپ قويغانلىقىمدىن نومۇس قىلدىم ۋە ئەپسۇسلاندىم. مەن سىلەردىن يەنە ئەپۇ سورايمەن.»

جىن داجۇڭ يەنە: «ئوغلۇم قانۇن بويىچە جازاغا تارتىلىدۇ» دېدى.①

① «پايدىلىنىش خەۋىرى» گېزىتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2002 - يىلى 26 - ئىيۇندىكى سانى، 1 - بەت.

خەۋەرلەردە يېزىلىشىچە، بۇ جىن داجۇڭ زۇڭتۇڭنىڭ 2 - ئوغلى جىن خۇڭيى، 3 - ئوغلى جىن جۇڭجىنىڭ جىنايەت گۇماندارى ئىكەنلىكى 4 - ئايدا ئاشكارىلانغاندىن بۇيان 5 - قېتىم ئۇچۇق - ئاشكارا كەچۈرۈم سورىشى ئىكەن.

مەلۇمكى، زۇڭتۇڭ جىن داجۇڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئەپۇ سورىغان مەزگىل كورىيە - ياپونىيىدە 17 - نۆۋەتلىك دۇنيا پۇتبول لوڭقىسىنى تالىشىش مۇسابىقىسى جىددىي ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، كورىيە ئۇدا زەپەر قۇچۇۋاتقان، پۈتۈن دۇنيانىڭ كۆزى كورىيىگە تىكىلگەن، كورىيە خەلقى تولۇپتاشقان قىزغىنلىق بىلەن غەلىبىگە تەن - تەنە قىلىۋاتقان خاسىيەتلىك مىنۇتلارغا توغرا كەلدى. زۇڭتۇڭ جىن داجۇڭنىڭ دەل مۇشۇنداق پەيتتە ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۆز ئوغۇللىرىنىڭ خاتالىقى ئۈچۈن قورقماي تۇرۇپ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىدىن ئارقا - ئارقىدىن بەش قېتىم ئەپۇ سورىيالىشى ۋە كەسكىن هالدا: «ئوغلۇم قانۇن بويىچە جازاغا تارتىلىدۇ» دېيەلىشى بىر ھەقىقىي ئاتىنىڭ ئۆز ئوغۇللىرى، ۋەتىنى ۋە خەلقىگە يۈكسەك مەسئۇل بولۇشتەك مەردانە، ھەققانىيەتچىگە خاس ئالىيجاناب خىسلىتىنى نامايان قىلدى.

بۇ بىزدىكى، زۇڭتۇڭغا سېلىشتۇرغاندا كالتە قوشۇقنىڭ سېپىچىلىك ئەمەلگە ئىگە يېزا باشلىقىنىڭ، ئوغلىنىڭ خاتالىقلىرىغا چاپان يېپىشى بەدىلىگە قاراپ تۇرۇپ بىر يارامىلىق خەلق ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ناهەق ئۆلۈپ كېتىشىگە زامىن بولۇشى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما هاسىل قىلىدۇ، ئەلۋەتتە.

ھەتتا دۇنيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەت - ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بولغان بوشنىڭ قىزى قۇرامىغا يەتمەي تۇرۇپ هاراق ئىچىپ مەست بولۇپ قېلىپ بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغاندا غىڭ قىلماي جەرىمانە تۆلىگەنغۇ. شۇ چاغدا قولىنى دۇنيانىڭ نەرىگە سوزسا شۇ يەرگە يېتىدىغان بوش زۇڭتۇڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ قىزىنىڭ سەۋەنلىكىگە چاپان يېپىپ، قىزىنى جەرىمانە تۆلەشكە مەجبۇرلىغان ئەدلىيە

www.uyghurkitap.com

خادىملىرىنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئالدىدا قىزىدىن ئەپۇ سورىغۇزۇپ، ئۇنى ئامېرىكا بويىچە ئەڭ چەت يېزا ـ قىشلاقتا پالىۋەتمىگەن بولغىيدى؟

جىن داجۇڭمۇ ئوغۇللىرىنى پارىخورلۇق جىنايىتى ئۆتكۈزدى دېگەن گۇمان بىلەن قولغا ئالغان تەپتىش ئەمەلدارلىرىنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، ئۇلارغا ئىقتىسادىي چارە كۆرۈپ، ئۇنى پۈتۈن كورىيە خەلقى ئالدىدا ئوغۇللىرىغا ناماقۇل قىلغۇزۇپ، ئاخىرىدا ئۇلارنى كورىيەنىڭ ئەڭ چەت بىرەر يېرىگە پالىۋەتمىدىغۇ؟

قارىغاندا بىزنىڭ يېزا باشلىقىمىز ئۆزىنى جىن داجۇڭ ۋە بوش زۇڭتۇڭلاردىنمۇ يۇقىرى ئورۇنغا قويسا كېرەك. بەلكىم ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ مەكتەپ مۇدىرى ياسىن ئىمىننى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، يېزا بويىچە ئەڭ يىراق بولغان بىر مەكتەپكە پالىۋېتىپ، ئاخىر بۇ دۇنيادىمۇ مەڭگۈلۈك كېتىپ قېلىشىغا سەۋەب بولالىغۇدەك ئىمتىيازنىڭ بولغانلىقىدىن مەسخۇش بولۇپ يۈرگەندۇ تايىنلىق.

جىن داجۇڭنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ جىنايىتى تېخى بىرەر ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولۇش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتمىگەن بولسىمۇ، ئەمما جىن داجۇڭ دادىللىق بىلەن: «ئوغلۇم قانۇن بويىچە جازاغا تارتىلىدۇ» دېيىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھەقىقىي بىر مەسئۇلىيەتچان ئاتىغا خاس ئوبرازىنى نامايان قىلدى. ئوغلىنىڭ قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىشىنى قوللىغانلىق ئۆز ئوغلىغا كۆيۈنمىگەنلىكتىن دېرەك بەرمىگەنگە ئوخشاش، ئۆز ئوغلىنىڭ خاتالىقىغا چاپان يېپىشىمۇ ئوخشاشلا كۆيۈنگەنلىكتىن دېرەك بەرمەيدۇ.

بۇ نۇقتىدىن جىن داجۇڭ ھەقىقەتەنمۇ مەسئۇلىيەتچان ئاتا، لاياقەتلىك دۆلەت داھىيسى بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەن. ۋەھالەنكى، بىزنىڭ يېزا باشلىقىمىز بولسا لاياقەتلىك يېزا باشلىقىلا ئەمەس، ئادەتتىكى بىر ئاتا بولۇشقىمۇ مۇناسىپ ئەمەسكەن.

ئەمدى نېمە دېگۈلۈك؟ مەن ئادەتتە تېلېۋىزورلاردىن خەلقئارا خەۋەرلەرنى خېلىلا دىققەت قىلىپ كۆرىمەن. جىن داجۇڭغا ئوخشاش ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ خاتالىقى ئۈچۈن خەلقتىن يۈزتۇرا ئەپۇ سوراشقا جۈرئەت قىلالىغان داھىيلارنى، مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىكى بىرەر ھادىسە سەۋەبلىك ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئادا قىلالمىدىم، دەپ ۋىجدان ئازابى تارتىش بەدىلىگە ئۆز ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىشكە جۈرئەت قىلالىغان ۋەزىر، مىنىستىرلارنى كۆرگىنىمدە نېمىشقىدۇر ئاشۇ كىشىلەر ماڭا مەردانە، ھەققانىيەتچى، غۇرۇرلۇق، ئۇلۇغ بولۇپ كۆرۈنىدۇ. ئۇلارغا قايىللىقىم، ھۆرمىتىم ھەسسىلەپ ئاشىدۇ.

بىز دائىم دېگۈدەك «بىز دېگەن نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە قەدىمىي دۆلەت»، «بىزدە دېموكراتىيە - قانۇن تۈزۈم تولۇق كاپالەتكە ئىگە» . . . دېگەندەك ئۇقۇملىشىپ كەتكەن سۆز - ئىبارىلەرنى ئاڭلاپ تۇرىمىز. مەن ئېسىمنى بىلگۈدەك بولغاندىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر بىزدە بىرەر داھىينىڭ خۇسۇسىي ئىشلار تۈپەيلى كەڭ ئاۋام - خەلقتىن يۈزتۇرا ئەپۇ سوراپ باققىنى، خىزمەتتىكى مەسئۇلىيەتسىزلىك تۈپەيلى بىرەر زۇڭلى، مىنىستىرنىڭ (ۋاڭ مىڭ بۇنىڭ سىرتىدا) ئۆزلۈكىدىن ئىستىپا بېرىپ ئورنىنى بوشىتىپ بەرگەنلىكىنى ئاڭلاپ باقماپتىمەن. بۇ بەلكىم ئەپۇ سوراشقا، ئىستىپا بېرىشكە سەۋەب بولالىغۇدەك بىرەر سەۋەبنىڭ بولمىغانلىقىدىن بولمىسا كېرەك.

شۇڭا، «پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشى» نى كۈچەيتىشتە كەڭ ئاۋام - خەلققە ۋەز ئېيتىپ ھارمايدىغان، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرىمىز ئالدى بىلەن ئۆز ۋۇجۇدىدىكى چىرىكلىك، شەخسىيەتچىلىك ئېلېمېنتلىرىغا دادىل مۇئامىلە قىلىش جەھەتتە ئۆزلىرى دېگەن «چىرىك كاپىتالىزم»، «بۇرژۇئازىيىنىڭ چىرىك ئىدىيىسى» دەپ تىللاشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن «كاپىتالىزم» دۇنياسىدىكى «بۇرژۇئازلار» دىن ئاز - تولا بىر نەرسە ئۆگىنىپ قويۇشى زۆرۈردەك قىلامدۇ، نېمە؟

www.uyghurkitap.com

# بالا، كالا ۋە خۇن ھەققى

بەزىدە تۇرۇپلا ئادەمنىڭ قىممىتى ھەققىدە ئويلىنىپ قالىمەن. دېمىسىمۇ دۇنيادىكى جانلىقلار ئىچىدە ئادەم ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىكەن. تەپەككۇر قىلىش، ئىجاد قىلىش جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۆزىنى ۋە ئۆزى ياشاۋاتقان زامان - ماكان شارائىتلىرىنى ئۈزلۈكسىز تاكامۇللاشتۇرۇپ بارىدىكەن. بۇ جەھەتتىن ھەرقانداق بىر مەۋجۇداد ئادەمگە يېتەلمەيدىكەن. شۇڭا، ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ بۇ دۇنياغا ئادەم بولۇپ تۆرەلگەنلىكىدىن ئالەمچە پەخىرلىنىش ھېس قىلىشى كېرەككەن. ئادەملەرنىڭ قەدىر - قىممىتى كۈنسايىن ئېشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە تېخىمۇ شۇنداق ئىكەن.

ئەمما، ئادەمنىڭ ھايۋانچىلىك قەدىر - قىممىتى يوق بولۇپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ يوق ئەمەسكەن. ئاقسۇ شەھىرىگە قاراشلىق مەلۇم يېزىنىڭ چوڭ يول (دۆلەت يولى بولسا كېرەك) بويىغا جايلاشقان مەلۇم كەنتىدە يېقىندا مۇنداق بىر ئىش يۈز بېرىپتۇ:

بىر دېھقاننىڭ كالىسىنى يولدا كېتىۋاتقان بىر ماشىنا سوقۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتىكەن، شوپۇر ئىگىسىگە سەككىز مىڭ يۈەن تۆلەم بېرىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي كالىسىنى ماشىنا سوقۇۋەتكەن ئۆينىڭ قوشنىسىنىڭ بىر ئوغلىمۇ شۇ يولدا ئوخشاش ئۇسۇل بويىچە ماشىنا ھادىسىسىگە ئۇچراپ قازا قىپتۇ، ئەمما قانۇن قازا قىلغان بالىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئاران تۆت مىڭ يۈەن تۆلەم بۇيرۇپ بېرىپتۇ.

ۋەھالەنكى، بۇ ئىش قازا قىلغۇچىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئىدىيىسىدىن زادىلا ئۆتمەپتۇ. ھادىسىگە ئۇچراپ ئۆلگەن كالىنىڭ ئىگىسى سەككىز مىڭ يۈەنگە سېتىۋېلىپ ئەكەلگەن نەسىللىك كالا

ئىكەن . ئەمما ، بالىچۇ؟ بىر بالىنىڭ خۇن ھەققى ئۆلتۈرۈلگەن بىر كالىنىڭ خۇن ھەققىنىڭ ئاران يىرىمىغا توغرا كەلسە ، ئىمە دېگۈلۈك بۇنىڭغا ئەمدى؟ ئەجىبا بىزنىڭ بىر بالىمىز بىر كالىچىلىك بولالمىسا؟!

قازا قىلغان بالىنىڭ دادىسى قانۇن ئورۇنلىرىغا نارازىلىق ئەرز بەرگەن بولسىمۇ ، ئەمما زادىلا ئاقتۇرالماپتۇ . «بالىنىڭ كالىچىلىك بولالماسلىقى» دەك بۇ پاجىئە ھەتتا پارتىيە ـ ھۆكۈمەت كادىرلىرىنىمۇ ئەجەبلەندۈرەلمەپتۇ .

تېخى يېقىندىلا «جۇڭگولۇق بىلەن چەت ئەللىكلەرنىڭ خۇن ھەققى سېلىشتۇرمىسى» ناملىق بىر ماقالىنى ئوقۇغانىدىم . بۇ يىل 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى جۇڭگو ئاۋىئاتسىيە ئايروپىلانى جىنشەندە ھادىسىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى دالىيەندە يەنە بىر قېتىم ھادىسىگە يولۇقتى . ھادىسىدە 100 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلۈپ ، ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ۋە سۇغۇرتا شىركەتلىرىگە تولدۇرغۇسىز زىيانلارنى ئېلىپ كەلدى .

4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىكى «خۇاشىيا ۋاقىت گېزىتى» دە ئالاقىدار قانۇنشۇناسلارنىڭ سۆزى نەقىل كەلتۈرۈلۈپ مۇنداق دېيىلدى : «خەلقئارا ئادەت بويىچە ئايروپىلاندا ھادىسىگە يولۇققان جۇڭگولۇقلارغا 70 مىڭ يۈەندىن 200 مىڭ يۈەنگىچە تۆلەم بېرىلىدۇ ، چەت ئەللىكلەرگە بولسا 75 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تۆلەم بېرىلىدۇ» .①

يەنە 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىكى «21 ـ ئەسىر دۇنيا ئىقتىسادىي خەۋەرلىرى» دىمۇ جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ «7 ـ ماي» دىكى ئاۋارىيىدە قازا قىلغان چەت ئەللىك يولۇچىلارغا خەلقئارا ئادەت بويىچە تۆلەم بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان بولسىمۇ ، ئەمما قازاغا يولۇققان جۇڭگولۇق يولۇچىلارغا قارىتا خەلقئارا ئادەت بويىچە

---

① فېڭ شىزې : «چەت ئەللىكلەر بىلەن جۇڭگولۇقلارنىڭ خۇن ھەققى سېلىشتۇرمىسى» ، «تاللانغان فېلىيەتونلار» ژۇرنىلىنىڭ 2002 ـ يىلى 7 ـ سانى 38 ـ بەت .

تۆلەم بېرىشكە ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىگەن.

«بۇ زادى قانداق ئىش؟ ئۇلارنىڭ خەجلىگىنى ئوخشاش پۇل، سېتىۋالغىنى ئوخشاش بېلەت، قاتناشقىنى ئوخشاش سۇغۇرتا، ئولتۇرغىنى ئوخشاش ئايروپىلان، بارماقچى بولغان يېرىمۇ ئوخشاش، ئۇلار ئوخشاش ۋاقىت، ئوخشاش زاماندا ئوخشاش ئاۋارىيىگە يولۇققان ئۇلار يولۇققان. ئاۋارىيىنىڭ سەۋەبىمۇ، ئەھۋالىمۇ، جەريانىمۇ، ئاقىۋىتىمۇ ئوخشاش. ۋەھالەنكى ئادەم بىلەن ئادەم ئوخشىمىغاچقىلا ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان خۇن ھەققىمۇ ئوخشىمايدىكەن: 75 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 600 مىڭ يۈەن بولىدۇ دېگەن گەپ. ئۇنى قانداقمۇ 70 مىڭ يۈەندىن 200 مىڭ يۈەنگىچە بولغان خەلق پۇلىغا سېلىشتۇرغىلى بولسۇن؟ ئەڭ يۇقىرى تۆلەم دەپ قارالغان 200 مىڭ يۈەننى ئالغاندىمۇ چەت ئەللىكلەرگە بېرىلىدىغان تۆلەمنىڭ ئاران ئۈچتىنبىر قىسمىغا باراۋەر كېلىدۇ؟ ئەڭ تۆۋەن بولغان 70 مىڭ يۈەننى ئالساق ئۇ چاغدا پەرق توققۇز ھەسسە كۆپىيىپ كېتىدۇ» دەپ يازىدۇ فېڭ شىزې «جۇڭگولۇقلار بىلەن چەت ئەللىكلەرنىڭ خۇن ھەققى سېلىشتۇرمىسى» ناملىق ماقالىسىدە زەردە بىلەن. دەرۋەقە، يۇقىرىقىدەك بولغاندا بىر چەت ئەللىكنىڭ جېنى تۆۋەن بولغاندا ئۈچ جۇڭگولۇقنىڭ جېنىغا، يۇقىرى بولغاندا توققۇز جۇڭگولۇقنىڭ جېنىغا باراۋەر كېلىدۇ دېگەن گەپ. قارىغاندا جۇڭگولۇقلارنىڭ خۇنى ھېچقانچە پۇلغا يارىمايدىكەن! مانا بۇ سېلىشتۇرما ھەرقانداق بىر جۇڭگولۇقنىڭ ئوغىسىنى قاينىتىشى تۇرغانلا گەپ. چۈنكى ئادەم دېگەن ئادەم، ئادەمنىڭ ھاياتىنىڭ قىممىتى بولمايدۇ. قىممىتى بولغان تەقدىردىمۇ ھەممىلا ئادەمنىڭ ھاياتىنىڭ قىممىتى ئوخشاش بولۇشى كېرەك ئىدىغۇ!

ۋادەرىخا، نېمىلار بولمىسۇن گەپ بۇ يەردە ئادەملەرنىڭ خۇن باھا پەرقى ئۈستىدە كېتىپ بارىدۇ. مۇبادا فېڭ شىزې ئەپەندى يۇرتىمىزدا يۈز گەرگەن بىر ئادەمنىڭ خۇن ھەققىنىڭ بىر

هايۋاننىڭ خۇن ھەققىنىڭ ئاران يېرىمىغا توغرا كەلگەنلىكىدەك بۇ پاجىئەدىن خەۋەر تاپسا نېمە دەر؟ مېڭە قان تومۇرلىرى يېرىلىپ مېڭىسىگە قان چۈشمىگەن تەقدىردىمۇ ھازىرقى رېئاللىقنى ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۆز دۆلىتىنىڭ چەت بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا ياشاپ كەلگەن بىر ئۇيغۇرنىڭ خۇن ھەققىنىڭ ئاران تۆت مىڭ يۈەن خەلق پۇلىغا يارىغانلىقىدىن ئۆزىگە تەسەللىي تېپىپ، ئاچچىقىغا ھاي بېرىشى مۇمكىن.

تۆت مىڭ يۈەن خۇن ھەققىنى 600 مىڭ يۈەنلىك خۇن ھەققىگە سېلىشتۇرۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. بۇ يەردىكى پەرق 150 ھەسسە دېگەن گەپ. بۇنى دېمىگەندىمۇ 200 مىڭ يۈەن تۆلەمگە ئېرىشكەن جۇڭگولۇقنىڭكىدىنمۇ 50 ھەسسە ئاز. فېڭ شىزى ئەپەندىنىڭ فورمىلىسى بويىچە ھېسابلىغاندا بىــــزدىكـــى 150 ئۇيغۇرنىڭ جېنى بىر ئەجنەبىينىڭكىگە، 50 ئۇيغۇرنىڭ جېنى ئايروپىلاندا ئاۋارىيىگە يولۇققان بىر جۇڭگولۇقنىڭكىگە باراۋەر كېلىدىكەن. ھېلىقى كالىنىڭ خۇن ھەققىنىمۇ مۇشۇ فورمۇلىغا سېلىپ ھېسابلاپ باقساق ئەھۋالنىڭ تېخىمۇ چاتاقلىقىنى ھېس قىلماي تۇرالمايمىز.

بىزنىڭ نۇرغۇن كىشىلىرىمىزگە ئايروپىلاندا ئاۋىئاتسىيىگە يولۇقاي دېسىمۇ پۇرسەت يوق. ئايروپىلاننىڭ نامىنىلا ئاڭلاپ بىرەر قېتىم بولسىمۇ كۆرۈپ بېقىش نېسىپ بولمايلا ئۇ دۇنياغا كېتىپ قالىدىغانلار كۆرمىڭ. ئاڭلىسام بىزنىــڭ بۇ يەرلەردە قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچرىغۇچىلارغا تۆلەم بېرىشتە شەھەر نوپۇسىدىكىلەر ۋە غەيرىي شەھەر نوپۇسىدىكىلەر دەپ ئىككــى تۈرگە ئايرىپ، ئالدىنقىسىغا كۆپرەك، كېيىنكىســـگە ئازراق تۆلەم بېرىدىغان ئەھۋال بارمىش. مەمۇرىي دەرىجىسى يۇقــىرى پۇقرالارنــــىڭ ئېرىشىدىغان تۆلەم ھەققىمۇ يۇقىرى بولارمىش.

ئۆلگەن ئادەملەرنىڭمۇ دەرىجىسىنى سۈرۈشتۈرۈپ دەرىجە رەت تەرتىپىگە تۇرغۇزۇشنـــى نېمە دەپ چۈشەندۈرگۈلۈك ئەمدى؟

«تاللانغان فېلىيەتونلار» ژۇرنىلىنىڭ 2002 - يىلى 9 - سانىدا ۋېي ۋېنباۋ ئەپەندىنىڭ «ئۆلگەنلەرنىمۇ دەرىجىگە ئايرىش كېرەكمۇ؟» ناملىق بىر فېلىيەتونى بېسىلدى . ئۇنىڭدا يېزىلىشىچە ، «شىنجاڭ كەچلىك گېزىتى»نىڭ 6 - ئاينىڭ 24 - كۈندىكى سانىغا «دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى بولغان رەھبەرلەرنىڭ تۇنجى قېتىم قازاغا يولۇققۇشى» دېگەن تېمىدا تولىمۇ «قايغۇلۇق تۈس» ئالغان مۇنداق بىر خەۋەر بېرىلگەن : بۇ بىر قېتىملىق دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى بولغان رەھبەرلەرنىڭ قازا قىلىشى بولۇپ ، نازىر دەرىجىلىك كادىرلارمۇ ، باشقارما دەرىجىلىك كادىرلارمۇ بار . جىشى كانچىلىك گۇرۇھىنىڭ باش دىرېكتورى جاۋ ئۇلىن يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان كان ھادىسىسىدە قازا قىلغان دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى بولغان كارخانا رەھبەرلىرىنىڭ بىرى ، قازاغا يولۇققان ئوتتۇرا قاتلام كادىرلىرى 70 نەپەر بولۇپ ، قازا قىلغۇچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ % 30 نى ئىگىلەيدۇ .

ۋېي ۋېنباۋ ئەپەندى شۇ ماقالىسىدە مۇنداق دەيدۇ : «ئەقلىمگە سىغمايۋاتقانلىقىنى ، ئادەتتە ھەر خىل سورۇنلاردىمۇ ئۇلارنى دەرىجىگە ئايرىيلى ، ئەمدى قازاغا يولۇققاندىن كېيىنمۇ ئۇلارنى يەنە ‹دەرىجىگە ئايرىمدۇق؟› ، ئەجىبا ھايات ۋاقتىدىكى دەرىجىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئوخشاش بولمىغان تەمىناتتىن بەھرىمەن بولسۇن دېيلى ، ئەمدى ئۆلگەندىن كېيىنمۇ سالاھىيىتىگە قاراپ رەتكە تۇرغۇزىدىغان گەپما ! ھايات ۋاقتىدىكى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئۇلار باراۋەر ئەمەس ئىدى ، ئەمدى ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ روھى باراۋەر ئورۇندا تۇرالمايدىغان ئوخشىمامدۇ؟ ! بۇ بىز خەقنىڭ ئەمەلدارلىق ئىدىيىسىنىڭ قان - قېنىمىزغا سىڭىپ كەتكەنلىكىنى ، ئۇنىڭدىن خالىي بولۇشنىڭ خۇددى سۈت بىلەن كىرگەن خۇينىڭ جان بىلەن چىقىدىغانلىقىغا ئوخشاشلا مۇشكۇل ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ !» دۇرۇس ، فېڭ يۈەنلى ئەپەندى ئېيتقاندەك : «ھەقىقىي قانۇن كىشىلىك ھوقۇق ، باراۋەرلىك ،

ئەركىنلىك ، دېموكراتىيە ، مېھرىبانلىق ، ئىنسانپەرۋەرلىك ، باراۋەرلىك ، ھەققانىيەت قاتارلىق ئىنسانىيەت ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلغان قىممەتنى ياقلايدۇ ۋە ئۇنى قوغدايدۇ . ھەقىقىي قانۇن ئىدارە قىلغان جەمئىيەتتە دېھقان ، تازىلىق ئىشچىسى ۋە زۇڭتۇڭنىڭ قانۇن ئالدىدا ھېچقانداق پەرقى بولمايدۇ ، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇش ھەقىقىي يوسۇندا ئىشقا ئاشقان بولىدۇ » .①

بىزدىكى خۇن ھەققى جەھەتتىكى ئېگىز - پەسلىك پەرقىدىن ئادالەتنى ياقلايدىغان ، باراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان ، خەلقنىڭ ئىرادىسىنى ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرىدىغان قانۇنىي تەرتىپلەرنىڭ تېخى بىر پۈتۈن شەكىللىنىپ بولالمىغانلىقىنى ، شەكىللىنىپ بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنى ئىجرا قىلىش جەھەتتە نۇرغۇن يوچۇقلارنىڭ بارلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ .

«قانۇن تەرتىپ مۇكەممەللەشمىگەن جەمئىيەتتە ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىرادىسى قانۇن ئورنىدا يۈرگۈزۈلىدۇ . پۇقرالار خۇددى يەرگە تېرىلغان كۆدىگە ئوخشاپ قالىدۇ . ھۆكۈمرانلار ئۇنى يېگۈسى كەلسە ئورۇپ يەۋېرىدۇ . يېگۈسى كەلمىگەندە يەنە ئۆسۈۋېلىشىغا ئىمكانىيەت بېرىدۇ » . ② بۇنداق جەمئىيەتتە كىشىلىك قەدىر - قىممەتنىڭ ، كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ھېچقانداق قەدىر - قىممىتى بولمايلا قالماستىن ، ئۆلۈمنىڭمۇ ئەتىۋارى بولمايدۇ . ئۆلۈم ئېتىبارسىز قارالغان ئىكەن تۈرلۈك ھادىسىلەرنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىمۇ ئانچە نەزەرگە ئېلىنماي نورمال ئىشلار قاتارىغا ئۆتۈپ قالىدۇ . «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 2002 - يىلى 7 - ئاينىڭ 9 - كۈندىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان بىر خەۋەردە يېزىلىشىچە ، 1 - ئايدىن 5 - ئايغىچە

① ② فېڭ شېزې : «چەت ئەللىكلەر بىلەن جۇڭگولۇقلارنىڭ خۇن ھەققى سېلىشتۇرمىسى» ، «تاللانغان فېلىيەتونلار» ژۇرنىلىنىڭ 2002 - يىلى 9 - سانى ، 6 - بەت .

جۇڭگودا جەمئىي 320 مىڭ قېتىمدىن ئارتۇق قاتناش ۋەقەسى يۈز بېرىپ 44 مىڭ كىشى ئۆلگەن، 233 مىڭ كىشى يارىلانغان. 44 مىڭ ئادەم دېگەن ئاز گەپ ئەمەستە! ئۇ شىنجاڭدىكى كىچىكرەك بىر ناھىيىنىڭ نوپۇسى بىلەن تەڭ دېگەن گەپ. يەنە بىر ماقالىدە دېيىلىشىچە، «2002 ـ يىلىنىڭ 1 ـ پەسلىدىلا 754 قېتىم كان ھادىسىسى يۈز بېرىپ 1 مىڭ 182 ئادەم ئۆلگەن». ① باشقا ھادىسىلەردە ئۆلگەنلەرنىڭ سانىنى بىر ـ بىرلەپ تىزىپ چىقساق ئادەمنى سۈركۈندۈرۈۋېتىشى مۇمكىن.

مانا مۇشۇنداق زور ھادىسىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى نېمىدەپ سۈرۈشتۈرۈلمەيدىغاندۇ؟ قاتناش ھەم بىخەتەرلىك سىستېمىسىدىكى ئەمەلدارلار شۇنچە كۆپ ئادەملەرنىڭ ئۆلۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، قىلچە ۋىجدان ئازابى ھېس قىلماستىن، ئەمەلدارلىق تەختىگە كۆتىنى چاپلاپ ئولتۇرۇۋېرىشكە قانداق يۈزى چىدىغاندۇ؟

يېقىندا «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2002 ـ يىلى 3 ـ سانىدىن «ياۋروپا بىزدىن قانچىلىك يىراقتا؟» ناملىق بىر ماقالىنى ئوقۇدۇم. ئۇنىڭدا مۇنداق بىر ۋەقەلىك سۆزلىنىپتۇ: 1999 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئاۋستىرىيىنىڭ كۆچمەنلەر ئىدارىسى چېگرىدىن قانۇنسىز كىرگەن بىر نېگىرنى ئۆز دۆلىتىگە قايتۇرۇش جەريانىدا ئۇنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولۇپ قاپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ۋەزىيە ئىجرا قىلىۋاتقان ئۈچ ساقچى خىزمىتىدىن بوشىتىلىپتۇ. ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپتۇ، ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا زور مىقداردا خۇن ھەققى بېرىلگەندىن سىرت، دۆلەت رەھبەرلىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ ئاشكارا ئەپۇ سوراپتۇ.

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر قانۇنسىز ئۇنسۇرنىڭ ئۆلۈمى

---

① فىلى شىبزې: «چەت ئەللىكلەر بىلەن جۇڭگولۇقلارنىڭ خۇن ھەققى سېلىشتۇرمىسى»، «تاللانغان فېلىيەتونلار» ژۇرنىلىنىڭ 2002 ـ يىلى 9 ـ سانى، 6 ـ بەت.

ئۇچۇن بولۇۋاتقان ئىشلار. بىزدىچۇ؟ مۇشۇ دۆلەتنىڭ قانۇنلۇق پۇقرالىرى بولغان نۇرغۇن بىگۇناھ كىشىلەرلا تامامەن ساقلىنىشقا بولىدىغان تۇرلۇك ھادىسىلەر تۇپەيلى بىئەجەل ئۆلۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئەمما، ھازىرغىچە شۇنچە چوڭ ھادىسىلەر تۇپەيلى بىر ئەمەلدارنىڭ ۋىجدانىي تۇيغۇسىدا تۇرۇپ ئىستېپا سوراپ باققىنىنى، ئاشكارا ھالدا ئوتتۇرىغا چىقىپ خەلقتىن ئوچۇق - ئاشكارا ئەپۇ سوراپ باققىنىنى ئاڭلاپ باقمىدۇق. قارىغاندا بىزدە «ئۆلۇم» ئانچە چوڭ ھېسابلىنىپ كەتمىسە كېرەك. خۇددى بىئەجەل ئۆلۇپ كەتكەن ھېلىقى ئۇيغۇر دېھقاننىڭ ئوغلىنىڭ تۆت مىڭ يۈەنلىك خۇن ھەققى خۇددى سەككىز مىڭ يۈەنلىك خۇن ھەققىگە ئىگە بىر كالىنىڭ يېرىمىغا تەڭ بولغىنىدەكلا.

# ھۇرۇنلۇق قۇللۇققا سۆرەيدۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ھۇرۇنلۇق ئادەمدىكى بىر خىل پاسسىپ روھىي ھالەت. «بەرسەڭ يەيمەن، ئۇرساڭ ئۆلىمەن» دېيىش ھۇرۇنلارنىڭ تىپىك پسىخىكىسى. مىللەت ۋە بىر جەمئىيەت تەرەققىياتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ناچار ئىللەت ئەيىبلىنىدۇ، ھۇرۇنلۇقتىن ئىبارەت بۇ پاسسىپ روھىي ھالەتنىڭ بىرەر مىللەت ۋۇجۇدىدا ۋە بىرەر جەمئىيەت تەركىبىدە قانچىلىك نىسبەتنى ئىگىلىشى شۇ مىللەت ۋە شۇ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىدا شۇنچىلىك دەرىجىدىكى پۇتلىكاشاڭلىق رولىنى ئوينايدۇ.

رىقابەت كۈنسېرى كەسكىنلىشىۋاتقان، تەرەققىيات تېزلىشىۋاتقان، كۆرەش كەسكىنلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە «رېئال تۇرمۇشتا بىر قىسىم كىشىلىرىمىزدە روھسىزلىق، ئارزۇ - ئارمانىغا يېتىشتە كۆز قورقۇش، سەل - پەل قىيىنچىلىققا يولۇقسا بەل قويۇۋېتىش، جاپا چېكىش روھى كەم بولۇشتەك بىر قىسىم پاسسىپ پسىخىك ھالەتلەر گەۋدىلىك ھالدا كۆرۈلمەكتە. بۇ ھال ئۆز نۆۋىتىدە يەنە جەمئىيىتىمىزنىڭ ساغلام، تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىغا ۋاسىتىلىك تۈردە تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقى ئۈچۈن بىز بۇ ھەقتە تېخىمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن، جىددىي يوسۇندا ئويلىنىپ بېقىشىمىز كېرەك».

ھۇرۇنلۇق تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا بىر ئادەمنىڭ مەنىۋى قىياپىتى، مەنىۋى ساپاسى، يەنە مەنىۋى جەھەتتىكى باي ياكى كەمبەغەللىكىدە ئىپادىسىنى تاپىدۇ. مۇكەممەل تەربىيە كۆرگەن، كۈچلۈك رىقابەت ۋە كىرىزىس ئېڭىغا ئىگە بولغان، دۇنيا ۋەزىيىتىدىن ھەر ۋاقىت خەۋەردار بولۇپ تۇرىدىغان، خاتىرجەم،

بەختىيار تۇرمۇشنىڭ پەقەت جاپالىق ئەمگەك، ھالال تەر بەدىلىگە كېلىدىغانلىقىنى چۈشىنىدىغان كىشىلەرلا تىنىم تاپماي جاپالىق ئىزدىنىدۇ، ئىشلەيدۇ. بىز ئۇيغۇرلاردىكى «جاپانىڭ تېگى راھەت»، «جاپا تارتماي ھالاۋەت يوق» دېگەن چوڭقۇر مەنىگە ئىگە ئەقلىي سۆزلەر ئەنە شۇنىڭدىن كەلگەن.

جاپا ـ مۇشەققەتلىك تۇرمۇش ئادەمنىڭ ئىرادىسىنى تاۋلايدۇ. قوبۇل قىلىشقا جۈرئەت قىلالىغان، ئۇنىڭ بىلەن يۈزتۇرا سىنىشالىغان كىشىلەرلا مۇۋاپپەقىيەتكە ئېرىشەلەيدۇ.

تارىخقا نەزەر سالساق، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز تۆگە كارۋانلىرىنى باشلاپ تالاي چۆل ـ جەزىرە، قۇم ـ بوران، تاغ ـ داۋانلاردىن ئېشىپ، تومۇز ئىسسىقلاردا تەرلەپ ـ پىشىپ، قەھرىتان سوغۇقلاردا دىر ـ دىر تىترەپ جاھانغا داڭلىق «يىپەك يولى»نى؛ جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق پايانسىز بوستانلىقلارنى بەرپا قىلغان. 12 مۇقام، «قۇتادغۇبىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى» قاتارلىق يېرىم ئەسىرلىك جاۋاھىراتلىرىدەك دۇنياۋى مەدەنىيەت خەزىنىلىرىنى ياراتقان. باھادىر ئەزىمەتلىرىمىز بىز ياشاۋاتقان مانا مۇشۇ ئانا يۇرتنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن توختىماي ئىزدەنگەن ۋە كۈرەش قىلغان.

دېمەك، بىزنىڭ ھازىرقى ھالەتكە يېتىشىمىز ئاسان قولغا كەلگەن ئەمەس. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك جاپا ـ مۇشەققەتتە ئارقىلىق قولغا كەلگەن. شۇڭا، مۇشۇ تۇپراقتا ياشاۋاتقان ھەربىر كىشىلەرنىڭ ھۇرۇنلۇق قىلىپ بىچارىلىك ئىچىدە ياشىشى، پۇرسەتنى تۇتماي ئاڭقاۋلىق قىلىشى، نادان قىلىپ غەپلەت ئىچىدە قېلىشىنىڭ ئۆزى ئەجدادلارغا جىنايەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئىنسانىيەت يېزا ئىگىلىك، سانائەت ئىگىلىكى دەۋرىنى تاماملاپ بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىگە قەدەم قويدى. بەش مىڭ يىللىق يېزا ئىگىلىك دەۋرىدە رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق مىڭ يىللارچە بولغان بولسا، 300 يىللارچە داۋاملاشقان سانائەت ئىگىلىكى

www.uyghurkitap.com

دەۋرىدە بۇ پەرق 100 يىل ئەتراپىغا قىسقاردى . ھازىرقى ئۇچۇرنى ئاساس قىلغان بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە بۇ پەرق تېخىمۇ قىسقىرىماقتا . پەن - تېخنىكىنىڭ ، بىلىمنىڭ يېڭىلىنىشى تېخىمۇ تېز بولماقتا . بۇ ھال يەر شارىدا ھاياتلىق ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان ھەربىر مىللەت ، ھەربىر ئادەم ئۈچۈن يېڭىدىن يېڭى رىقابەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا .

رېئال تۇرمۇشىمىزغا نەزەر سالىدىغان بولساق ، بىزدە رىقابەتكە جىددىي مۇئامىلە قىلىۋاتقانلارمۇ ، رىقابەت ئالدىدا گاڭگىراپ قېلىۋاتقانلارمۇ ، رىقابەتتىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغانلارمۇ ھەم رىقابەتتىن خەۋەرسىز ھالەتتە ياشاۋاتقانلارمۇ يوق ئەمەس .

خېلى بىر قىسىم كىشىلىرىمىز «خۇددى ئەلى بابادەك غايىب بايلىق ئۇچراپ قالسا بىر كېچىدىلا باي بولۇپ كەتسەم» دەپ قۇرۇق خىيال ئىلكىدە كۈن ئۆتكۈزىدۇ . زەردارلارغا ھەۋەس بىلەن قىزىقىدۇ - يۇ ، جاپا تارتىشنى خالىمايدۇ . كىچىك ئىشلارنى ياراتمايدۇ ، چوڭ ئىشلارنى قىلالمايدۇ . ھەدېسىلا ئاتا - ئانىسى ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن ، جەمئىيەتتىن ، ھۆكۈمەتتىن كۈن بويى تۇپلىشىپ قارت ، بېلىيارت ، شاراپ كەيپىنى سۈرۈشكە رازىكى ، باشقىلاردەك گاز ئالماشتۇرۇش ، ئۇن ، ماي ، كۆكتات ، مېۋە - چېۋە سېتىش ، بوتۇلكا يىغىش دېگەندەك ئىشلارنى قىلىشنى خالىمايدۇ . شۇڭا ، بىزدە «نۇرغۇن كىچىك ئىشلارنى قىلىدىغان ئادەم يوق ، نۇرغۇن ئادەملەرگە قىلىدىغانغا ئىش يوق» بولۇشتەك غەلىتە ھادىسە ساقلانماقتا .

يېقىندا بىر دوستۇم ماڭا ئىنىلىرىنىڭ يارامسىزلىقى ھەققىدە دەردىنى تۆكۈپ مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى : دوستۇمنىڭ بىر - بىرىدىن بېجىرىم ئۈچ ئىنىسى بار . ئەمما ، ئىنىلىرى ئاتا - بوۋىلىرىدىن مىراس قالغان دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشنى خالىماي «يېزىمىز سايلىق ، سۇ قىس» دەپ باھانە كۆرسىتىپ ، تەر تۆكۈشنى راۋا كۆرمىگەچكە ئىشلىرى يىلدىن يىلغا

بەرىكەت تاپماپتۇ . دوستۇم ئىنىلىرىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن بانكىدىن قەرز ئېلىپ كىچىك تىپتىكى ماي پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇرۇپ بېرىپتۇ ، ئەمما ئۇزۇنغا بارمايلا بۇ ئىشلىرىمۇ ئاقماپتۇ . شۇنىڭ بىلەن زاۋۇتنى يېرىم باھادا سېتىۋېتىپ ، نەچچە ئون كالا قوي ئېلىپ بورداپ چىلىق قىلىشقا كىرىشىپتۇ ، ئەمما بۇ ئىشنىمۇ ئۇزۇن داۋاملاشتۇرۇلمىغانىنىڭ ئۈستىگە ئۆزئارا بىر - بىرىگە بەس سېلىپ چارۋىلارغا ۋاقتىدا ئوت - چۆپ بەرمەي ، ھەتتا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئوكۇلىنى ۋاقتىدا ئۇردۇرمىغانلىقتىن چارۋىلىرى ئورۇقلاپ ، كېسەل تېگىپ ئۆلۈپ ، بۇ ئىشتىنمۇ ئېغىر زىيان تارتىپتۇ .

شۇنىڭ بىلەن دوستۇمنىڭ ئىنىلىرى ئاتا - بوۋىلىرىدىن تارتىپ ئولتۇرۇپ كېلىۋاتقان تەۋررۇك زېمىندىن ، دەل - دەرەخ ، مال - چارۋىلىرىدىن ، مۇنبەت تۇپراقلىرىدىن تەل - تۆكۈس ئايرىلىپ قاقسەنەم بولۇپ كېتىپتۇ . چوڭ ئىنىسى ئامالسىز ناھىيە بازىرىغا بېرىپ مەدىكار بوپتۇ ، ئوتتۇرانچى ئىنىسى ئۆزلىرى يېرىم باھادا سېتىۋەتكەن ئون ، ماي پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىغا بېرىپ خوجايىنىغا چاكار بوپتۇ . كىچىك ئىنىسى باشقىلارنىڭ مال - چارۋىسىنى بېقىپ بېرىپ جان بېقىشقا مەجبۇر بوپتۇ .

دوستۇم بىلەن مەن بىر مەھەللىلىك بولۇپ ، ھېيت - بايراملاردا يۇرتقا قايتقاندا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ تۇراتتىم . ئېسىمدە قېلىشىچە دوستۇمنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئاشۇ مەھەللىدە ياشاپ كەلگەن ئىناۋەتمەن دېھقانلاردىن ئىدى . دوستۇم شۇ ئائىلىدىن چىققان بىردىنبىر كادىر بولۇپ ناھىيە مەركىزىدە خىزمەت قىلاتتى . ئىنىلىرىنى شۇنچە يۆلەپمۇ روناق تاپقۇزۇپ بولالمىغان دوستۇم خېلى يىللار ئىلگىرى ھەتتا ئىنىلىرىنىڭ كۆزىنى ئېچىپ قويۇش ئۈچۈن ئۇلارنى باشلاپ مەھەللىنىڭ شەرقىدىكى تاغ باغرىغا ئولتۇراقلىشىپ جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق بېيىغان خەنزۇ دېھقاننىڭ ئائىلە ئىگىلىكىنى

«ئېكسكۇرسىيە» قىلدۇرۇپتۇ.

دوستۇم ئىنىلىرىغا بۇ خەنزۇ دېھقاننىڭ 70 ـ يىللاردا ئىچكىرىدىن قۇرۇق قول چىقىپ، ھېچكىم نەزەرىنى سالمايدىغان تاغ باغرىدىكى بۇ بوزلۇقتا گەمە ياساپ ئولتۇرۇپ، كۈننى تۈنگە ئۇلاپ جاپالىق ئىشلەپ، ئۆزى ساپان سۆرەپ، ئېرىق چېپىپ سۇ باشلاپ، كۆچەت تىكىپ، توخۇ ـ توشقان، چارۋا بېقىپ، ئارىدىن 30 يىل ئۆتكەندە يېزا بويىچە داڭلىق بايغا ئايلانغانلىقىنى ئېيتىپ ئىچۈرۈپ چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، ئىنىلىرى: «پۇلنى دەپ بۇنداق ئادەم ئايىغى تەگمىگەن قاقاسلىقتا كالىدەك ئىشلىگەنىنىڭ نېمە پايدىسى، ئاللا ئىگەمچۇ ئۇلارغا بۇ دۇنيالىقنى بەرگەن بىلەن بىزگە ئۇ دۇنيالىقنى بەرگەن» دەپ نامراتلىقنى قىلچە تەن ئالمىغان. شۇنىڭ بىلەن دوستۇم ئىنىلىرىدە قەتئىيلا ئۈمىد يوقلۇقىنى پەملەپ ئۇلارنى بولۇشىغا قويۇۋېتىشكە مەجبۇر بولۇپتۇ. مۇئەللىپكە ئايانكى، دېمىسىمۇ ئاشۇ مەھەللىدىكى دېھقانلىرىمىزنىڭ كۆپ قىسمى نەچچە ئەۋلاد ئەجدادتىن تارتىپ شۇ يەردە ئولتۇرۇپ تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان يەرلىك دېھقانلار بولۇپ، ئۇلاردىن ئەڭ باي دەپ ھېسابلىنىدىغانلىرىنىڭ ئومۇمىي مۈلكىمۇ مۇشۇ مەھەللىگە كەلگىنىگە ئەمدىلا 30 يىلچە بولغان خەنزۇ دېھقاننىڭ مۈلكىگە يەتمەيدۇ. شۇ مەھەللىدىكى ئەڭ باي دەپ قارالغان يەرلىك دېھقانلارنىڭ ئەڭ ئالدىنىڭ ئاران بىردىن تراكتور، بىردىن كومبايىنى بار، بىرەر يۈزچە مال ـ چارۋىسى باغ ـ ۋارانلىرى بار. يوقلىرىنىڭ ھېچنېمىسى يوق. خەنزۇ دېھقاننىڭ بولسا ماشىنا، تراكتور، كومپايىنى، ياغ ـ ئۇن تارتىش زاۋۇتى، مال، چارۋىلىرى، كۆكتات بازىسى، ئورمان يېتىشتۈرۈش بازىسى... دېگەندەك كۆپ خىل ئىگىلىكى بار. نەچچە ئون ئادەمنى ياللاپ ئىشلىتىدۇ. ھېلىقى خەنزۇ دېھقان مۇشۇ مەھەللە بويىچە تۇنجى بولۇپ تراكتور ئالغان، تۇنجى بولۇپ رەڭلىك تېلېۋىزور ئالغان، تۇنجى بولۇپ ئاپتوموبىل ئالغان، تۇنجى بولۇپ تېلېفون

ئـورناتقان . . . ئائىلە بولۇش سۆپىتى بىلەن مۇشۇ كىچىككىنە
تاغلىق كەنت تارىخىدا بىرنەچچە «تۈنجى» لارنى يارىتالىغانلىكى ،
ئاشۇ كەنتتە نەچچە ئەۋلاد ياشاپ كەلگەن يەرلىك دېھقانلارغا ئۇنداق
«تۈنجى» لار نېسىپ بولمىغان . يەرلىك دېھقانلار قىغىنى ئات ـ
ئېشەك هارۋىلىرىغا بېسىپ توشۇسا ، خەنزۇ دېھقان ماشىنا بىلەن
توشۇغان ، يەرلىك دېھقانلار بىر رەت توشۇغان يەردە ئۇ نەچچە رەت
توشۇغان ، يەرلىك دېھقانلار سۇ تۆۋىتىنى كۆتۈپ تاقىتى تاق بولۇپ
تۇرغاندا ئۇ يەر ئاستى سۈيىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلانغان . «يەرلىك
دېھقانلار يەرگە خۇدانىڭ بەرگىنى هېساب» دەپ ئۇرۇغ چاچسا ، ئۇ
ئىنچىكە هېساب كىتاب قىلىپ ، «كۆزدە مو بېشىدىن مۇنچە
كىلوگىرامدىن مەھسۇلات ئالىمىسام زىيان چىقىدۇ» دەپ ئۇرۇق
چاچقان هەم مەبلەغنى سالغان . شۇڭا ، ئۇنىڭ زىرائەتلىرى بولۇق
ئۆسۈپ ، دان تۇتۇپ هەمىشە شۇ كەنت بويىچە مو بېشى بىرلىك
مەھسۇلاتىدا رېكورت يارىتالىغان .

مەن بۇ ئىككى خىل سېلىشتۇرمىنى مىسال قىلىپ كەنت
مۇدىرى بىلەن ئەھۋاللاشقىنىمدا كەنت مۇدىرىمۇ ئېچىنغان هالدا :

«بىزمۇ هەر قېتىم يىغىن ئاچقاندا بۇ ئىشنى مىسال قىلىپ
دېھقانلىرىمىزدىن كۆزنى ئېچىشنى ، ئىلمىي ئۇسۇلدا تىرىشچانلىق
قىلىشنى ، تۇجۇپىلەپ پەرۋىش قىلىشنى ، باي بولۇپ قەد
كۆتۈرۈشنى تەلەپ قىلىمىز . هەتتا بىرنەچچە قېتىم بىر قىسىم
دېھقانلىرىمىزنى خەنزۇ دېھقاننىڭ ئىگىلىكىنى ئېكسكۇرسىيە
قىلىشقا تەشكىللىدۇق . يىغىنلاردا خەنزۇ دېھقاننى تەجرىبە
تونۇشتۇرغۇزدۇق . ئەمما ، بىزنىڭ دېھقانلىرىمىزدا ئانچە زور
ئۆزگىرىش بولمىدى . خەنزۇ دېھقان يېڭى كەلگەندە مەيلى ئۆي ،
مەيلى يەر ، سۇ ۋە ياكى باشقا ئىجتىمائىي شارائىتلارنى ئېلىپ
ئېيتقاندىمۇ بىزنىڭ يەرلىك دېھقانلىرىمىزنىڭ شارائىتىدىن كۆپ
ئارقىدا ئىدى . هازىرغا قەدەر تۈرلۈك هاشار ، سېلىق ۋە باشقا
كوللېكتىپ پائالىيەتلەرگە تولۇق قاتنىشىش ئىشلارنى قىلىپ

باقمىدى . ھوقۇققا تايىنىپ بېيىپ كېتىمىز دەپلى دېسەك قولىدا ھوقۇق يوق . شۇڭا ، ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇ ، ئۇ پەقەت تىرىشىپ ئىشلىدى . قەھرىتان سوغۇق ، تومۇز ئىسسىقتىمۇ كۈننى كۈنگە ئۇلاپ جاپالىق ئىشلىدى . مانا بۇ ئۇنىڭدىكى ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىك» دېدى . كۆپ ھاللاردا ماڭغۇچىلار يولنى ئۆزلىرى ئاچىدۇ .

ئەتراپىمىزغا قارايدىغان بولساق بوتۇلكا يىغىش ، ئەسكى ـ تۈسكىلەرنى تېرىش ، ياماقچىلىق ، مايلامچىلىق ، گاز ئالماشتۇرۇش ، ئۆي كۆچۈش . . . دېگەندەك بىزلەر ئانچە كۆزگە ئىلىپ كەتمەيدىغان ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنى خەنزۇ يولداشلار قىلمۇاتىدۇ . ھەتتا مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلغۇچىلار ئارىسىدىن بېيىپ كەتكۈچىلەرمۇ چىقىۋاتىدۇ .

ھەرقانداق ئىش ئاۋۋال كىچىكتىن باشلىنىدۇ . كىچىك ئىشلارنى ياراتماي چوڭ ئىشلارنى قىلالماي كۈن ئۆتكۈزۈش ئەڭ بىچارىلىك ، ئەڭ ئەخمەقلىقتۇر . ھازىرقى كەسكىن بازار ئىگىلىكى رىقابەت دەۋرىدە ، بىر قىسىم كىشىلەر ئىش ئورنىدىن قالدى . يېزىلاردا زور بىر تۈركۈم ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرى شەكىللەندى . بۇنىڭغا ئالىي ، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرۈپ ئىش ئورنى تاپالمايۋاتقان يەنە بىر تۈركۈم ياشلار قوشۇلدى . شەھەر ، ناھىيە ، يېزا بازارلىرىغا زەن سېلىپ قارىساق بىر توپ ھەر خىل ياشتىكى ئادەملەرنى ئۇچرىتىمىز . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تامغا يۆلىنىپ ئاپتاپتا قاقلىنىپ قۇرۇق پاراڭ بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدۇ ، بەزىلىرى قارت ئوينىسا ، بەزىلىرى بىليارد ئوينايدۇ . . . مۇبادا ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ : «بىكار كۈن ئۆتكۈزگىچە بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتساڭلار بولمامدۇ» دەپ سورىسىڭىز قوپال مۇئامىلىلەرگە ئۇچرىشىڭىز مۇمكىن . ئۇنداق بولمىغاندىمۇ «ھورۇننىڭ باھانىسى كۆپ» دېگەندەك بارلىق سەۋەبلەرنى ھۆكۈمەتكە ، جەمئىيەتكە ، ھەتتا ئاتا ـ ئانىلىرىغا دۆڭگەپ قويۇشتىن يانمايدۇ ـ دە ، ئوخشاشلا : «قىلغۇدەك ئىش بولمىسا» دەپ جاۋاب بېرىدۇ . ئەمەلىيەتتە

راستىنلا قىلغۇدەك ئىش يوقمۇ؟
بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرى ×× ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتىنىڭ دىرېكتورى بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇپ قالغانىدىم. ئۇ كىشى تولىمۇ ئېچىنىش ئىچىدە مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئۇلار ھەر قېتىم ئۇرۇمچىدىن يۇك ماشىنىلىرىغا پەۋەس تراكتورلارنى بېسىپ ئۆز شىركىتىگە يۆتكەپ ئەكەلگەندىن كېيىن، تراكتورلارنى ماشىنىلاردىن چۈشۈرۈش ئۈچۈن شىركەتتىن 50 مېتىر يىراقلىقتىكى ماكانىغا بېرىپ ئۇ يەردە قارت، بىليارد ئويناۋاتقان كۆچتۆڭگۈر يىگىتلەرنىڭ بىرنەچچىسى تراكتورنى چۈشۈرۈپ بەرسە رازى قىلغۇدەك ھەق بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بۇنداق ئىشنى قىلىشنى خالىمىغان، ھەتتا بەزىلىرى خاپا بولۇپ دوق قىلغان. يېقىن ئەتراپتا قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقان نەچچە ئون خەلق ئىشچىلىرى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىشنى پۈتتۈرۈپ پۇلنى چۆنتىكىگە سالغاندىن سىرت، يەنە ئۆزلىرىنىڭ ئالاقە تېلېفون نومۇرلىرىنى قالدۇرۇپ كېلەر نۆۋەت ئۆزلىرىنى يەنە چاقىرتىپ مۇشۇ ئىشنى قىلدۇرۇشنى ئۆتۈنگەن.
بىر دوستۇم يېقىندا ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن قالغان قورۇ ـ جايىنى رېمونت قىلدۇرۇش ئۈچۈن بۇ يىل يازدا ئىدارىسىدىن رۇخسەت ئېلىپ يۇرتىغا بېرىپتۇ. بۇ قورۇلۇشنى شۇ يەرلىك بىرەر ئۇيغۇر ئۇستىغا كۆتۈرە قىلىپ بېرىشنى ئويلاپ شۇنچە قاتىرىسىمۇ ئۇ قورۇلۇشنى كۆتۈرە ئالىدىغان بىرەر ئۇستىكار ۋە قورۇلۇش ئىشچىلىرىنى تاپالماپتۇ. ئىش قىلىپ ئاشۇ قورۇلۇشنى قىلىشنى خالايدىغان بىرەر يەرلىك ئىشلەمچىلەر چىقمىغانلىقتىن، ئاتايەن ناھىيە بازىرىغا بېرىپ خەنزۇ ئىشلەمچىلەرنى باشلاپ چىقىپ شۇلارغا كۆتۈرەگە بېرىشكە مەجبۇر بوپتۇ. دوستۇمنى ئېچىندۇرغىنى مەھەللە دوقمۇشلىرىدا بولسۇن ياكى يېزا بازىرىدا بولسۇن ئوزايىدىن كۈچ قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇرىدىغان نى ـ نى يىگىتلەر

ئەتىدىن كەچكىچە لاغايلاپ بىكارغا ئالدىغا كەلگەن ئىشلارنى قىلىپ پۇل تېپىپ تۇرمۇشىنى غەملەشنى خالىمىغان. ھەتتا مەھەللىدىكى يىگىتلەر بىكارچىلىقتىن خەلق ئىشچىلىرى قۇرۇلۇش قىلىۋاتقان جايغا يىغىلىۋېلىپ كۈن بويى قۇرۇق پاراڭ بىلەن كۈن ئۆتكۈزگەن.

ئىش قىلىپ بىز كۆزىمىزنى يوغان ئېچىپ قارايدىغان بولساق، يۇرتىمىزنىڭ ئەڭ چەت بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىمۇ قۇرۇلۇش قىلىۋاتقان، ئۇن - ياغ پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتلىرىنى ماڭدۇرۇۋاتقان، ئەسكى - تۈسكىلەرنى يىغىۋاتقان، تۇۋلاپ يۈرۈپ مال سېتىۋاتقان خەلق ئىشچىلىرىنى ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقىنى دەل بىزلەر قىلىشنى خالىمايدىغان «كىچىك» ئىشلار. ئەمما، بۇ دېگەن ئۇچۇر دەۋرى. كىم چاققان بولسا، كىم ھۇرۇن بولماي ئىشچان بولسا ئامەت شۇنىڭكى، راھەت شۇنىڭكى. چۈنكى كونىلاردا «جاپانىڭ تېگى راھەت» دەيدىغان گەپ بار ئەمەسمۇ؟

ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ زەردارلىرى، نامراتلىرى بولىدۇ. نامراتلىقتىن زەردارلىققىچە بولغان ئاشۇ مۇساپە جاپا - مۇشەققەتسىز، قان - ياشسىز پۈتمەيدۇ. مەيلى تارىختىكى مۇسابايېۋلار جەمەتى بولسۇن ياكى ھازىرقى زامان ئىقتىسادىي رىقابەت سەھنىسىدە قەد كۆتۈرۈپ ئەلگە سېخىيلىق كۆرسىتىۋاتقان بايلىرىمىزدىن نۇرتاي ھاجى ئىسكەندەر، كېرەم ئىمىن، مەخەت ھاجىم، قۇدرەت ھاجىم، مەرھۇم مامۇتجان داۋۇتلار بولمىسۇن ھەممىسىلا ئىشنى ئۇششاق ئىشلاردىن باشلىغان، تىنىم تاپماي جاپالىق ئىشلىگەن. ھەتتا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن 500 مىڭ يۈەن پۇل ئىئانە قىلىپ «گۈلزار ئەدەبىيات مۇكاپاتى» تەسىس قىلغان مەرھۇم مامۇتجان داۋۇت ئىشنى دەسلەپ ئېتىزلىقلاردىكى ئەسكى سۇلياۋ پارچىلىرىنى يىغىپ سېتىشتىن باشلىغان. ئۇ تېخى بەزىدە سۇلياۋلارنى يىغىش جەريانىدا گەندىلەرنىمۇ تۇتۇپ سالغان.

دۇنيادا قايسى مىللەت ئىشچان، جاپا - مۇشەققەتتىن قورقماس



www.uyghurkitap.com

بولىدىكەن، شۇ مىللەت ئىقتىسادتا كامالەت تېپىپ، باياشات تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. قايسى مىللەت ھۇرۇن، ئاڭقاۋ بولىدىكەن نامراتلىشىپ، نادانلىق پاتقىقىغا پېتىپ، ئىشلىرى ئوڭغا تارتمايدۇ. ئالىملارنىڭ تەتقىق قىلىشىچە، ئادەملەرنىڭ ۋۇجۇدىدا پۈتمەس - تۈگىمەس زېھنىي بايلىق بولىدىكەن. ئادەتتىكى نورمال شارائىتتا ئادەملەر ئاران ئۆزىدىكى 10 % لا زېھنىي بايلىقنى جارى قىلدۇرالايدىكەن. قالغان 90 % زېھنىي قۇۋۋەت زاپاس ھالەتتە ساقلانغان بولىدىكەن. يەنە كېلىپ بۇ پۈتۈن دۇنيادىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن ئورتاق ئىكەن.

دېمەك، ھەممە ئىنسان ئۈچۈن ئورتاق بولغان ئاشۇ 90 % زاپاس زېھنىي قۇۋۋەتنى ئىزچىل تۈردە قېزىپ، ئۈنۈملۈك پايدىلىنالىغان مىللەتلا روناق تېپىپ گۈللىنىدۇ. ئەكسىچە ئۆز ۋۇجۇدىدىكى كۈچ - قۇۋۋەتلەرنى ئاچالمىغان، بىھۇدە ئىسراپ قىلىۋەتكەن مىللەت بولسا ھۇرۇنلۇق ئىسكەنجىسىدە قېلىپ قۇللۇققا يۈزلىنىدۇ.

ياپونىيە دۇنيادىكى بايلىق مەنبەسى ئىنتايىن كەم بولغان، نوپۇس زىچلىقى ناھايىتى يۇقىرى بولغان دۆلەت. ئەمما، ياپونلار دۇنيادىكى ئەڭ ئىشچان مىللەت بولغانلىقى ئۈچۈنلا ياپونىيىنى دۇنيادىكى ئىقتىسادى ئەڭ تەرەققىي قىلغان باياشات دۆلەتكە ئايلاندۇرالىدى. 1989 - يىلىدىكى مەلۇماتتا، ياپونىيىلىكلەرنىڭ بىر يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2 مىڭ 168 سائەت خىزمەت قىلىدىغانلىقى؛ ياۋروپا، ئامېرىكا دۆلەتلىرىگە سېلىشتۇرغاندا 200 سائەتتىن 500 سائەتكىچە كۆپ ئىكەنلىكى، 25 ياشتىن 50 ياشقىچە بولغان ئەرلەرنىڭ ھەپتىدە 55 سائەتتىن كۆپ خىزمەت قىلىدىغانلىقى، دەم ئېلىشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدىغانلىقى كۆرستىلگەن.

ئەلۋەتتە، يۇقىرىدا دېيىلگەن سەۋەبلىكلىرىمىزنىڭ ھەر خىل ئوبيېكتىپ، سۇبيېكتىپ سەۋەبلىرى بار. يەنە كېلىپ بۇلار

مىللىتىمىزنىڭ روھىيىتىگە يوقاتقىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئورناپ كەتكەنمۇ ئەمەس . ئۇ يەنىلا ئايرىم ھادىسە سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ . ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا ، خەلقىمىزنىڭ كۆپ قىسمى يەنىلا ئىشچان ، غەيرەتلىك . ئۇلارنىڭ قېنىدا ئەجدادلاردىن ئۇدۇم قالغان جاپاغا باش ئەگمەيدىغان جەسۇرانىلىك ئەۋج ئۇرۇپ تۇرىدۇ . مەيلى ئىقتىسادىي ساھە بولسۇن ، مەيلى ئىلىم - پەن ساھەسىدە بولسۇن ياكى تەنتەربىيە ساھەسىدە بولسۇن ئۆز تىرىشچانلىقىنى نامايان قىلىپ ئۇتۇق قازىنىۋاتقانلار ئاز ئەمەس .

ئەمەلىي پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى ، مىللىتىمىز ئازراقلا شارائىت بولىدىكەن ئۈنىڭدىن ئەڭ چوڭ ئىمكانىيەت نۇقتىسىدا تۇرۇپ پايدىلىنىپ كەلدى . مۇبادا ئوبيېكتىپ شارائىتلار يار بەرسە بىزنىڭ مىللىتىمىزمۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار مىللەتلەردەك مەيدىسىنى كېرىپ يۈرەلەيدىغانلىقىغا ھېچ كىم كۆز يۇمالمايدۇ . بىزنىڭ ئوبيېكتىپ شارائىتىمىز دۇنيادىكى ۋە ئېلىمىزدىكى بەزى جايلارنىڭ ئوبيېكتىپ شارائىتى بىلەن ئوخشىمايدۇ . دەل شۇ «ئوخشىماسلىق» بەزى ھۇرۇنلۇقتىن ئۈزۈل - كېسىل قول ئۈزۈپ ، ئىمكانىيەت يار بەرگەن شارائىتتا ھەرقانداق ئىشتا ئەڭ زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتمىسەك بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ .

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر سابىت
مەسئۇل كوررېكتورى: زەمىرە پىدائى

# مىڭئۆيلەر، سىلەرگە يۈز كېلەلمەيمىز

ئاپتورى: ئۆمەرجان ھەسەن بوزقىر

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 7.75 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2003- يىلى 7- ئاي 1- نەشرى
2003- يىلى 7- ئاي 1- بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3000
ISBN7—228—07988—4
باھاسى: 12.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

www.uyghurkitap.com

573 66 70

(ismail Kurt — Fax no)

ozguvenal@ttnet.net.tr

(Bayrak çeşitleri)